توختى ئىبراھىم

# ىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



图书在版编目（CIP）数据

关于民族军的回忆录/托合提·伊布拉音著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2002.12
ISBN 7－228－07774－1

Ⅰ.关 ... Ⅱ.托 ... Ⅲ.革命回忆录－中国－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I251

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2002）第 105232 号


责任编辑：买·西帕
特邀编辑：霍加阿合买提·优努斯
责任校对：艾加尔古丽·吐尔逊
封面设计：艾克拜尔·萨里

关于民族军的回忆录（维吾尔文）

托合提·伊布拉音 著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆农科院印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 10.25 印张 3 插页
2003 年 1 月第 1 版 2003 年 1 月第 1 次印刷
印数：1 — 5000

ISBN7－228－07774－1 定价：16.00 元



# مۇھەررىردىن

توختى ئىبراھىم كەنجىبايوف 1921 - يىلى ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ كۆرە يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1926 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە دىنى مەكتەپتە، 1930 - يىلىدىن كېيىن سۇيدۇڭ كۆرەدە ئېچىلغان «دارىلئۇلوم» ، «نۇرىيە» قاتارلىق پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1935 - يىلى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1936 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى، كۆرە دارىلمۇئەللىمىن، ئىلى گىمنازىيە قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان، كېيىن غۇلجا «مۇراد» مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، غۇلجا قارادۆڭ «ياردەم» مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

توختى ئىبراھىم ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن 1944 - يىلى يازلىق تەتىلدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، شۇ يىلى 9 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆز يۇرتى كۆرەدە ياشلارنى تەشكىللەپ، «مەخپىي ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرغان ۋە بۇ كومىتېت يېتەكچىلىكىدىكى كۆرە پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولغان. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مىللىي ئارمىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، يېڭى جۇڭگو

قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 ـ جۈن (كورپۇس) 42 ـ تۇەنى (پولكى) نىڭ سىياسىي كومىسسارى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋە ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ۋە ئازادلىقتىن كېيىن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «ساداقەت»، «باھادىرلىق»، «خەلق ئۈچۈن»، «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش»، «پېشقەدەم مائارىپچى» قاتارلىق ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن تارتۇقلانغان.

توختى ئىبراھىم جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئىنقىلابىنىڭ بېشىدىلا بىر پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى سۈپىتىدە قاتناشقان پېشقەدەم ئىنقىلابچى، ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن مىللىي مائارىپىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشقان پېشقەدەم مائارىپچى. ئۇ ھازىر دەم ئېلىشتا بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابتا مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسىنى ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ..........
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى ئاساسىي ئامىللار .......... 1
قورال‌لىق ئىنقىلابنى قوزغاشنىڭ تەييارلىق جەريانى ۋە قورال‌لىق ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى .......... 6
غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى .......... 33
چاپچال ناھىيىسىنىڭ ئازاد قىلىنىشى .......... 59
سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ ئازاد قىلىنىشى .......... 64
كۈرەنىڭ ئازاد قىلىنىشى .......... 74
ھالاكەتلىك جەڭ — كەڭسايدىكى ئېلىشىش .......... 91
ئارشاڭ، بورتالا ناھىيىلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى .......... 98
مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى .......... 104
شىخودىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ .......... 111
دۆربىلجىن ۋە چۆچەك ناھىيىلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى .......... 121
قوبۇقسار ۋە بۇرچىن ناھىيىلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى .......... 127
سارسۇمبىنىڭ ئازاد قىلىنىشى .......... 133
جىڭدىكى قاتتىق ئېلىشىش .......... 159
مۇز داۋاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇغا قىلىنغان ھۇجۇم .......... 174
باندىت قالدۇق توپىلىڭىنىڭ تارمار كەلتۈرۈلۈش جەريانى .......... 186

رۇس خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپىسى ......
............................................................ 197
تاتار خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپىسى ......
............................................................ 203
ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە باشقا مىللەتلەر ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان
كوماندىرلار ۋە قەھرىمانلار ........................ 211
مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىللىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى ............... 241
جەڭگىۋار ئىنقىلابىي تەشكىلات ........................ 276
ئۈرۈمچىدە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرگە مۇھاپىزەتچى
بولغان كۈنلەردە.......................... 281
مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋار ئاخباراتچىلىقى ............... 290
ئەخمەتجان قاسىمنىڭ مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىكى زىيارىتى
............................................................ 305
قىسقىچە خۇلاسە.............................................. 312

# كىرىش سۆز

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ ۋە 26 ـ كۈنلىرى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ بىلەن قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى يوللاپ، گوڭجۇ ئەكسىيەتچى قالدۇق ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا ۋە بىر تەرەپ قىلىشىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، شىنجاڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەپ ياشنايدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇشىغا يول ئېچىلدى.

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىدا 1944 ـ يىلى كۈزدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە پارتىلىغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىر تەرەپلىك ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بۇ ئىنقىلاب «پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» بولۇشتەك شانلىق بۇرچىنى ئېغىشماي ئادا قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا بىمالال كىرىشكە

ئىمكانىيەت ياراتتى. شىنجاڭدىكى 100 مىڭ كىشىلىك قوراللىق قوشۇنغا ئىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى غەربتىن ئىسكەنجىگە ئالغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدىن ئىبارەت قۇدرەتلىك، باتۇر قوشۇن بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ تەسلىم بولۇپ ھەقىقەتكە قايتىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. چۈنكى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربىي قوماندانلىق ئورگانلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ جاسارەت ۋە كۈچ - قۇدرەتكە تولغان ئەلپازىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان جىڭ ئۇرۇشى، شىخو ئۇرۇشى قاتارلىق چوڭ - كىچىك جەڭلەردە دۈشمەن مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكىنىڭ تەمىنى ئوبدان تېتىپ كۆرگەنىدى. ناۋادا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قورال كۆتۈرۈپ قارشىلىق قىلىدىغان بولسا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى دۈشمەننى ئۈرۈمچى، تۇرپان، توقسۇن، پىچانلاردىن سۈپۈرۈپ تاشلاپ، شەرققە قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئارمىيە (جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى) قۇمۇل تەۋەسىدە ئۇچراشقان بولاتتى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەقدىرىمۇ ئەنە شۇنداق بولاتتى. شۇڭلاشقا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شۇم پەيلىدىن يانمايدىغان بولسا، تېز ۋاقىت ئىچىدىلا گۆرگە تىقىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلىرى تاۋ سيۇ، بۇرھان شەھىدىدەك ئاقىلانە كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەقىقەتكە قايتىشتىن ئىبارەت توغرا يولنى تاللىۋالدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى چېكىدىن ئاشقان «سول» لۇشيەنىنىڭ، چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسىنىڭ، شۇنىڭدەك كونا جەمئىيەتتىن ئېشىپ قالغان

ھۆكۈمران داشقاللارنىڭ تەسىرى ۋە ۋەسۋەسىگە سېلىشى تۈپەيلىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە مىللىي ئارمىيە توغرىسىدىكى تونۇش ھەم ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان باھا مەسىلىسىدە بەكمۇ خاتا ۋە بىر تەرەپلىمە بولغان كۆزقاراشلار ساقلىنىپ كەلدى. مۇنداق خاتا كۆزقاراش ۋە باھالارنىڭ مەنبەسى سولۇڭ شىلىيەنچىلەر، داڭ بىگاڭچىلارنىڭ زەھەرلىك قەلبىگە ئۇيۇپ كەتكەن «قارغىشنامە»، «بوھتاننامە» لىرى بولدى. بىرمەھەل ئۇلار مەيلى ئاغزىدا ياكى مەتبۇئاتتا بولسۇن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارا سۈركەپ تۇرمىسا، گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدىغان يەرگە يەتتى. ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇنەۋۋەر كادىرلىرى، زىيالىيلىرى ۋە كوماندىر، جەڭچىلىرى ھەرقايسى سىياسىي ھەرىكەتلەردە ئاساسلىق ئەدىپىنى بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بالايىئاپەت كەلتۈرگەن ۋەھشىيانە ھەرىكەتتە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنى، مىللىي ئارمىيىنى قارىلاش، يوققا چىقىرىش يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ ھەرىكەت داۋامىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا «بىر ئوچۇم مۇستەقىللىق دەۋاچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى»، «خەنزۇ خەلقىگە قارشى توپىلاڭ»، «چەتنىڭ بىۋاسىتە ئارىلىشىشىدىن پەيدا بولغان ئوغرىلار ۋەقەسى» دەپ تۆھمەت چاپلاندى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەملىكىتىمىز ھەممە ساھەدە تارىخنى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويدى، جۈملىدىن تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش، قۇتقۇزۇپ قېلىش ئارقىلىق ئەۋلادلىرىمىزغا مىراس قالدۇرۇش ئىشى كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن قوزغىلاڭلار ۋە ئىنقىلابىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات

ئۆرنەكلىرى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شانلىق تارىخىنى يېزىش ۋە ئۇنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلىشى ئۈچۈن مىراس قالدۇرۇش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلىپ، گېزىت، ژۇرنال، مەجمۇئەلەردە نۇرغۇن تارىخىي ئەسلىمىلەر، ئوچېرىكلار ئېلان قىلىندى، يازغۇچىلىرىمىز تارىخىي تېمىدا نۇرغۇن ھېكايە، پوۋېست، رومانلارنى يازدى. بۇ ئەسەرلەر ھەر مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مېنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىۋاتقان «مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى» ناملىق بۇ ئەسىرىمدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى جەريانىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ھەم گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى باتۇرانە ۋە ئاجايىپ قەيسەرلىك بىلەن قىلغان جەڭلىرى قىسقىچە بايان قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بېشىغا چىققان بىر قىسىم ماتېرىياللىرىمىنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى مۇمكىن بولمىغانلىقى، ئىزدىنىشىمنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ ئەسىرىم دېگەندەك مۇكەممەل بولۇپ كېتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئىنقىلابىنىڭ بېشىدىن تارتىپ قاتناشقان ۋە مىللىي ئارمىيىدە ھەرخىل رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن بىر پېشقەدەم كادىرنىڭ بۇ ئەسىرى ئوقۇرمەنلەرگە تارىخىي ساۋات ۋە مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئېتەلىشىگە ئىشىنىمەن.

ئاپتوردىن

1994 ـ يىل 11 ـ ئاي، غۇلجا
2002 ـ يىل 2 ـ ئاي، غۇلجا

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى ئاساسىي ئامىللار

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەت. بۇ ئىنقىلاب تاسادىپىي مەيدانغا چىققان ئىنقىلاب ئەمەس، بەلكى ئىلگىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ داۋامى ھەم راۋاجى. بۇ ئىنقىلاب خەلقئارا جەھەتتە فاشىزمغا قارشى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا ئۆتكەن، جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى نەچچە ئون يىل قان تۆكۈپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىكى كۈچى زور دەرىجىدە ھالسىرىغان، شىنجاڭدىكى سىنىپىي، مىللىي زىددىيەتلەر ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ ـ تاشقان مەزگىلگە توغرا كەلدى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان 11 يىل داۋامىدا شىنجاڭنىڭ مالىيە ـ ئىقتىساد، يېزا ئىگىلىك، سودا ـ سانائەت، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە ـ تەنتەربىيە، مەتبۇئات ئىشلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، 1941 ـ يىلىدىكى

سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغانغا قەدەر يۇقىرىقى ساھەلەردە بىرمۇنچە تەرەققىياتلار كۆرۈلگەن بولسىمۇ، شېڭ شىسەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى بوغۇلۇشقا ئۇچرىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالدى. سۇ قۇرۇلۇشى، قاتناش ـ ترانسپورت قۇرۇلۇشى توختاپ قالدى. مايتاغ، تۇدۇڭخابا، كانسۇ، ئالتاي مەدەنچىلىكىدەك سانائەت ئورۇنلىرى يېپىپ تاشلاندى، بىر قىسىم سانائەت خام ئەشيالىرى، قىممەتلىك دورا ماتېرىياللىرى «قەرز قايتۇرۇش» باھانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇپ كېتىلدى، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلىنىش ياكى چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىنىش پۈتۈنلەي توختىتىلغانلىقتىن، خەلق بىر قاپ سەرەڭگە، بىر گەز رەخت، بىر سىلىم چاي، بىر بوتۇلكا كىرسىنگە زار بولۇپ كەتتى. گومىنداڭنىڭ ئەپيۇنكەش، قىمارۋاز، ھۇرۇن، زالىم ئەمەلدارلىرى «ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش»، «بېسىمدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش» باھانىسى بىلەن پۈتۈن سودا دۇكانلىرىنى قۇرۇقداپ قويدى، قارشىلىق قىلغانلارنى تۇتقۇن قىلدى. ھەرخىل سېلىق ۋە باجلارنىڭ تۈرىمۇ ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتتى. پۇل پاخاللىقى ئۆرلەپ يۇقىرى پەللىگە يەتتى، بىر خۇرجۇن پۇلغا چارەك خۇرجۇن ئۇن ياكى تۇز ئالغىلى بولمايتتى. مەكتەپلەر ھەربىي گازارمىغا ئايلىنىپ قالدى، كەسپىي تېخنىكۇملار تارقىلىپ كەتتى.

1933 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، پۇرسەتپەرەس، مەككار شېڭ شىسەي تەختكە چىقتى، ئۇ خەلقنى ئالداش ئۈچۈن «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك» دېگەندەك ئوخشاش شوئارلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىرمەھەل

يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يولغا قويدى، ئەمما ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ھەر مىللەتتىن بولغان ئەركىن پىكىرلىك كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا كىرىشتى، بولۇپمۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، گۇناھسىز كىشىلەرنى يۈزلەپ ـ مىڭلاپ تۇتقۇن قىلدى ۋە پاجىئەلىك ئۆلتۈردى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ماكانىدىن ئايرىپ، باشقا جايلارغا سۈرگۈن قىلدى، ئۇلارنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 11 يىل داۋامىدا «قولغا ئېلىنىپ نەزەربەند قىلىنغانلار 120 ～ 130 نەچچە مىڭغا يەتتى. تۈرمىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەر ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلەر 60 نەچچە مىڭغا يەتتى»① ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى مەزگىلدە، شىنجاڭ كىشىلىك دۇنيادىكى مىسلىسىز دوزاخقا ئايلاندى. بۇ مەزگىلدىكى ئادەم تۇتۇش ئۇسۇلى چاقىرتىش، مەجلىس ئېچىش، يۈز كۆرۈشۈش، مەنسىپىنى ئۆستۈرۈش، يۆتكەپ ئىشلىتىش دېگەن باھانىلەر بىلەن ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىش ياكى يولدىن توسۇپ تۇتۇشتىن ئىبارەت بولدى. شېڭ شىسەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن فاشىستىك جاللاتلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقتى، ئۇنىڭ «قۇرۇلۇش» دېگىنى تۈرمە، ھەربىي لاگېر قۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. تۈرمىگە قامالغانلارنى جازالاش تۈرلىرى يىڭنە تاختىغا دۈمىلىتىش، قول ئۇچىغا يىڭنە سانجىش، توكقا بېسىش، ياغدا داغلاش قاتارلىق 45 خىلغا يەتتى.

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 5 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 11 ـ بەت.

شېڭ شىسەي ۋەكىللىك قىلغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار شىنجاڭدا دەھشەتلىك سىنىپىي زۇلۇمنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېكىدىن ئاشقان مىللىي زۇلۇمنىمۇ يولغا قويدى. شېڭ شىسەي نۇرغۇن بىگۇناھ ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنى ئاتالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈش قەستىدە بولۇش دېلوسى»غا چېتىپ، قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى ياكى ئۆلتۈردى، ھايات قالغانلار ساناقلىقلا ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇرۇلتىيىدىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى «شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرغۇچى»لارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ۋە ئۇلارنى تازىلاش شېڭ شىسەينىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستۇرۇشتىكى بىرخىل ۋاستىسى ئىدى. ھەر قېتىملىق يىغىنغا قاتناشقۇچىلاردىن ئۆز يۇرتىغا قايتقىنى كۆپ بولغاندا يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ يېرىمىغا يېتەتتى. شېڭ شىسەي جىياڭ جېيشى بىلەن ئاشكارا تىل بىرىكتۈرگەندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى خەنزۇلارنىڭ «نەسلداش تارمىقى» دېگەندەك ھەرخىل ئەكسىيەتچى سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلدى. ئۇ شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىدىيىسىگە «مەسلەك»نى، يەنى جىياڭ جېيشىنىڭ فاشىزمىنى يەنىمۇ سىڭدۈرۈپ، تەربىيە ئارقىلىق ھەرىكىتىنى تۇيدۇرماي ئۆزگەرتىپ، بۇ ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىشىنى بىلىندۈرمەي ئېلىپ بارماقچى بولدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقانلار، چارۋىچىلار، زىيالىيلار ھەم باشقا قاتلام ئامما بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ

پارتىلىشىدىكى ئىچكى ۋە ئاساسلىق سەۋەب ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چېكىدىن ئاشقان زۇلۇملىرى ۋە ۋەھشىيانە قىلمىشلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي زىيالىيلار، ئىلغار مۆتىۋەرلەر خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ ۋە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، قوراللىق كۈرەش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلىدى.

# قورالـلىق ئىنـقىلابنى قـوزغاشـنىڭ تەييارلىق جەريانى ۋە قورالـلىق ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى

## تاشقورغاندا ئېتىلغان تۇنجى ئوق ئاۋازى

ئىسهاقبەگ مونونوف شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 1942 ـ يىلىنىڭ باشلىـــرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ باردى. ئۇ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا 200 نەچچە ئادەمنى ئىككى چوڭ ئەترەت قىلىپ تەشكىللەپ، ھەربىي ۋە سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، تاشقورغاندا قورالـلىق كۆرەش ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق كۆردى.

ئىسهاقبەگ بىلەن پالىنوف ئىنقىلاب ئوتىنى تاشقورغاندا ياندۇرۇش ئۈچۈن، 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بىـر تۈركۈم قورالـلىق ئەزىمەتلەرنى باشلاپ، تاشقورغانغا كېلىـــپ، شۇ جايدىكى تەرەققىيپەرۋەرلەردىن كارۋانشاھ، غوپۇر قاســـم، مادايوف شېرىنبېك قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە تاشقورغان ئازادلىق تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، شۇ جايدىكى خەلق ئامىسى ئارىسىدا شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىـــيەتچىـــل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىقات، تەشكىلات خىزمەتلىرىنـى

ئىشلىدى. 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، شۇ جايدا 120 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان تاجىك پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەندى. پارتىزانلار ئەترىتى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاشقورغانغا ئاشلىق توشۇپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، 130 تۆگىلىك ئاشلىقنى غەنىيمەت ئالدى. 9 ـ ئايدا پارتىزانلار ئەترىتى توگورمىتى ۋە سۇ بېشى چېگرا قاراۋۇللىرىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنىنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسھاقبەگ قوماندانلىق قىلغان پارتىزانلار ئەترىتى تاشقورغان، ئۇلۇغچاتلار ئەتراپىدىكى تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

1944 ـ يىلى كۈزدە نىلقىدا قوراللىق ئىنقىلاب پارتلىدى، قوزغىلاڭچىلار 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسھاقبەگ ئىنقىلاب كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىلى ئىنقىلابىغا مەدەت بېرىش مەقسىتىدە پارتىزانلار ئەترىتىنى تاغ ئارىسىغا يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، پالىنوف، مەۋلانوف، ئىبراھىموف، قالپاقوف، دوسكىنوفلار بىلەن بىرلىكتە بىر باتالىيون ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئارقىلىق غۇلجىغا كىرىپ، ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشتى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، تاشقورغاندا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. شۇ كۈنى سەھەردە قىرغىز، تاجىك ئەزىمەتلەردىن 200 دىن ئارتۇق كىشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەش ـ پەش دېگۈچىلا تاشقورغان ناھىيە بازىرى، تاغارما، سۇ بېشى، بۇلۇڭ كۆلدىن ئىبارەت گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ تۆت تايانچ پونكىتىنى ئىشغال قىلدى. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قالدۇق قىسمى تاشمىلىق، ئوپال تەرەپكە قاراپ قاچتى. شۇنىڭ بىلەن، تاشقورغاندا ئىنقىلابىي

ھاكىمىيەت — تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى.
قوراللىق قوزغىلاڭ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، قوشۇن زورىيىپ 500 كىشىلىكتىن ئوشۇق جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندى. قوزغىلاڭچىلار 2 ـ يۈرۈشنى باشلاپ، يېڭىسار بىلەن ئاقتۇنى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بۇ تاشقۇرغان بىرىگادىسى قەشقەر، يەركەن، قاغىلىق، پوسكاملارغا يۈرۈش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىملىرى قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراپ، ئاساسىي جەھەتتىن خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىندى. 1946 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، تاشقورغان بىرىگادىسىنىڭ ئادەم سانى 2000 دىن ئاشتى. 1946 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» دىكى شەرتلەرگە ئاساسەن گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تاشقورغاننى ئاساس قىلغان ھالدا بىر بۆلۈك خەلق قوراللىق كۈچلىرى قالدۇرۇپ قويۇلۇپ، باشقا قىسىملار تارقىتىۋېتىلدى. تاشقورغانغا چېكىنىش جەريانىدا بىرىگادا كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ۋە پۇقرالار غالجىرلاشقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن ۋە ھاۋادىن قىلغان تۈيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، نۇرغۇن ئادەم قۇربان بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىمدىن كېيىن تاشقورغان قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ئادەملەرگە قىلىدىغان زىيانكەشلىكنى توختاتمىدى. ئەمما، ئىنقىلابىي خەلق تا ئازادلىققىچە ئەكسىيەتچىلەرگە بوي بەرمەي، ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

# ئىلىدا باشلانغان قوراللىق ئىنقىلابنىڭ تەييارلىق جەريانى ۋە ئىلىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

1943 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن پاتىخ مۇسلىموف، لايدىن ئامبال (موڭغۇل، ئىلىقا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى)، ئورازقان ئاقىلاقچى، قاناتبېك قاتارلىق كىشىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلاب قوزغاش توغرىسىدا بىرقانچە قېتىم مەخپىي مەسلىھەتلەشتى. پاتىخ مۇسلىموف ئۇ چاغدا ئىلىقا ناھىيىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى. 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى بۇ مەخپىي پائالىيەتنى سېزىپ قېلىپ، لايدىن ئامبالنى قولغا ئالماقچى بولغاندا، لايدىن ئامبال زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالدى، پاتىخ مۇسلىموف بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ خۇپىيانە قېچىپ چىقىپ، قورغاسقا بېرىپ، ئوسمان ۋە نۇرۇملارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. ئورازقاننى گومىنداڭ ژاندارمىسى قولغا ئالدى، قاناتبېك گومىنداڭغا ئەل بولدى.

1944 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، غۇلجىدا مەخپىي ئازادلىق تەشكىلاتى (ئەينى ۋاقىتتا «مىللىي ئازادلىق گۇرۇھ» دەپ ئاتالغان) قۇرۇلدى. ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئېلىخان تۆرە، قاسىمجان قەمبىرى، رەھىمجان سابىرھاجى، جانى يولداشوف، نۇردۇن بەگ، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، سالجانباي باباجان، موھىدىن ئەخمىدى، مەھەممەتجان مەخسۇم، زۇنۇن تېيىپوف، ئۆمەرجانلاردىن

تەركىب تاپتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىدا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان 19 ماددىلىق سىياسىي پروگراممىسى ئېلان قىلىندى. بۇ سىياسىي پروگراممىدا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «ئازادلىق ئۇچقۇنى» (شاپىگراف) گېزىتىگە بېسىلدى. شۇ چاغدا تارقىتىش، ئۇچراشتۇرۇش، خەۋپسىزلىك ئىشلىرىغا ئاتاقلىق مۇئەللىم ئىممىنجان يۇسۇپوف مەسئۇل ئىدى.

چىلپەكزە ناھىيىسى (كونا قورغاس) نىڭ بازار ئىچى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان ئىنتال دېگەن كەنت تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل بىر جاي ئىدى. بۇ جاي قوراللىق ئىنقىلابنىڭ تۇغقۇت ئانىسى بولۇپ قالدى. 1944 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بۇ يەرگە «ئالتە ئوغرى» دەپ ئاتالغان قەيسەر ئەزىمەتلىرىمىزدىن پاتىخ مۇسلىموف، رەپىق بايچۇرىن، خەمىت مۇسلىموف، ھوشۇرەم مامىتوف، ئوسمان ئىبراھىموف، نۇرۇم ئوبۇلوفلار يىغىلدى. قورال ـ ياراغ تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قامالغان قازاق چارۋىچى ئەكبەر، سېيىتلار تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئالاقە باغلاش ئارقىلىق بۇ يەرگە كېلىپ، پاتىخ مۇسلىموف ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى بىلەن ئۇچراشتى. تۇنجى قېتىملىق قوراللىق ئىنقىلابنىڭ تەييارلىق يىغىنى مۇشۇ جايدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا مۇساجان قاتارلىق بىرقانچە ئادەم سىرتتىن قاتناشتى. بۇلاردىن پاتىخ مۇسلىموفنىڭ يېنىدا بىر تاپانچا، رەپىق بايچۇرىندا بىر تاپانچا، ئىككى مىلتىق، قالغانلاردا ئىككىدىن مىلتىق، نۇرۇمدا بىر مىلتىق، بىر ئاپتومات بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى فىنلاندىيە خەنجىرى ئېسىۋالغانىدى.

تۇنجى قېتىملىق يىغىندا مۇنداق قارار چىقىرىلدى: ①

خەلق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربىي ئات سېلىقىدىن بەكمۇ نارازى. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى قوزغاش كېرەك. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يىغىۋالغان ئاتلارنى تارتىۋېلىپ، ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەندىن سىرت، ئاتنى قورالغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قورال - ياراغقا ئېرىشىش كېرەك. ② خەلق ئىچىگە كىرىپ، كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇقۇتقۇچىلار ۋە زىيالىيلاردىن پايدىلىنىش كېرەك. ③ خەلق ئىچىدىن ئىناۋەتلىك، قەيسەر كىشىلەرنى تېپىپ، سېپىمىزنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك. ④ شارائىت پىششىپ يېتىلگەندە مەيلى چىلپەگزە ياكى نىلقىدا بولسۇن، قوراللىق ئىنقىلاب قوزغاش كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن، پاتىخ مۇسلىموف ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى قوراللىق ئىنقىلابنىڭ تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشتى. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قولىغا ئېلىشىدىن قېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن گېرېبىنكو دېگەن رۇس ئارقىلىق قورال - ياراغقا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، گېرېبىنكونى تېپىپ، بىر ئاتقا بىر مىلتىق ۋە 100 پاي ئوق تېگىشىش شەرتى بىلەن قورال - ياراغ سېتىۋېلىشقا كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەكبەر، سېيىتلار ئات تېپىش ئۈچۈن نىلقىغا قايتتى. ئۇلار بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئون ئاتنى ئىنتالغا ئېلىپ كېلىپ، قورال - ياراغقا تېگىشتى ۋە پاتىخ مۇسلىموف قاتارلىق بەش كىشىنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى بەش گېرمانكا، بىر تاپانچا، ئالتە يەشىك ئوقنى ئېلىپ نىلقا ناھىيىسىگە كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەرھال نىلقىغا قايتتى. ئۇلار ئۇلاستاينىڭ ئاقسالى دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق مولداجاننىڭ ئۆيىدە پاتىخ مۇسلىموف بىلەن ئۇچراشتى. ئەكبەر پاتىخ مۇسلىموفتىن ئۇنىڭ يولدا يامغۇر، تۇمانغا دۇچ كېلىپ قېلىپ، شېرىكلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن،

سېيىت بىلەن مولداجاننى پاتىخ مۇسلىموفنىڭ شېرىكلىرىنى ۋە قورال ـ ياراغلارنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. سېيىت بىلەن مولداجان ئىنتالىغا بېرىپ، يەتتە گېرمانكا، ئون يان قورال، 10 مىڭ پاي ئوقنى ئېلىپ، بايچۇرىن، نۇرۇم، ھوشۇر، ئوسمانلارنى باشلاپ بەش ـ ئالتە كۈن ئىچىدە ئۇلاستايغا قايتىپ كەلدى. ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان خەمىتنى مولداجان بىلەن ناۋان غۇلجا شەھىرىدىن ئېلىپ چىقتى. ئۇلار كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇلاپ كېلىپ سايرام كۆلى بويىغا يىغىۋالغان 500دىن ئوشۇق ئاتنى كېچىسى قوراللىق ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق تارتىۋېلىپ، سېرىيوژا لاپشىن، نۇرۇم، ئوسمانلارنىڭ مەسئۇللۇقىدا قورغاس چېگراسىدىن قازاقىستانغا ئۆتكۈزۈپ، مىلتىق، ئوق، قول بومبىسى قاتارلىق قورال ـ ياراغلارغا تېگىشىپ كەلدى. پاتىخ مۇسلىموف ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى قوراللىق ئىنقىلابنى ئىلقىدىن باشلاش قارارىغا كەلگەندىن كېيىن، ئاتقا تېگىشىپ كەلگەن قورال ـ ياراغلارنى قورغاس چېگراسىدىكى باشكۆنچەنىڭ شىمالىدىكى يايلاق ئارقىلىق داشكۈرگە، ئۇ يەردىن داشكۈرنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئارقىلىق غۇلجا ناھىيىسىدىكى جىلىليۈزىگە، ئاندىن ئىلقىدىكى ئۇلاستاي تاغلىق رايونىغا توشۇپ ئاپاردى. بۇ جەرياندا ئەكبەر ئۇرۇمچى تۈرمىسىدىن قېچىپ چىقىپ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئۇيەر ـ بۇيېرىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن غېنى مەھەممەتباقىنى تېپىپ كېلىش تەكلىپىنى بەردى. پاتىخ مۇسلىموف بۇ تەكلىپكە قوشۇلغاندىن كېيىن، ناۋان ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىچىدە غېنىنى تېپىپ ئۇلاستايغا ئېلىپ كەلدى. ئىلقا ناھىيىسىنىڭ جالىنغول، جارتوغان، كۆكەباي، قاراسۇ، چونجى قاتارلىق جايلىرىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ، پاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەرلەرنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. سېرىيوژا لاپشىن ئېلىپ كەلگەن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلاردىن

سىرت، پاتىخ مۇسلىموف سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىدىغان چاغدا 30دىن ئارتۇق مىلتىق، بىرقانچە پىلىموت سىتىۋېلىپ، سەپداشلىرى بىلەن بىللە ئۇلاستايغا ئېلىپ كەلگەنىدى. قۇربان بۇرھانىدىن ئەسلىدە ئىلى دارىلمۇئەللىمىن(1936 ـ يىلى كۇرەدە قۇرۇلغان ئىلى ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن) مەكتىپىنىڭ 5 ـ سىنىپىدا ئوقۇغانىدى، ئۇ قولغا ئېلىنىشتىن قېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ نىلقىغا قورال ـ ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇپ، بىرقانچە قېتىم قاينۇقتىن ئۆتۈپ، جاغىستاي تاغ باغرىدىن يول ئېلىپ، 60 مىلتىق، ئۈچ پىلىموت ۋە نۇرغۇن ئوق، قول بومبىلىرىنى پاتىخ مۇسلىموف قاتارلىق ئىنقىلابچىلارغا يەتكۈزۈپ بەردى.

يۇقىرىقى تەييارلىقلار ئاساسىدا، 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇلاستاي تېغىدا پاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەر، سېيىت، قۇربان بۇرھانىدىن، رەپىق بايچۇرىن، غېنى مەھەممەتباقى، نۇرۇم ئوبۇلۇف، ئوسمان ئىبراھىموف، ھوشۇر مامىتوف، خەمىت مۇسلىموف، مۇساجان، سېرىيوژا لاپشىن قاتارلىق كىشىلەرنى يادرو قىلغان پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى ۋە ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلىندى. پاتىخ مۇسلىموف باش قوماندان، ئەكبەر، سېرىيوژا لاپشىن مۇئاۋىن باش قوماندان بولدى. پارتىزانلار ئەترىتى ئۇلاستاي تاغلىق رايوننى تايانچ بازا قىلىپ، جالىنغول، جارتوغان، كۆكەباي قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزدى ۋە شۇ يەرلىك ئابرۇيلۇق زاتلار، قەبىلە باشلىقلىرىنى ھەم گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان كىشىلەر، ئۇۋچىلارنى پارتىزانلار ئەترىتىگە قوبۇل قىلدى. پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى يېرىم ئاي ئىچىدىلا 600 دىن ئېشىپ كەتتى. قوماندانلىق شتابىتىكى سەركەردىلەر بىردىن ئەترەتنىڭ كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇ ئەترەتلەر «پاتىخ باتۇر

ئەترىتى»، «ئەكبەر باتۇر ئەترىتى»، «غېنى باتۇر ئەترىتى»، «سېرىيوژا گېروي ئەترىتى» دەپ ئاتالدى.

پارتىزانلار ئەترىتىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى پۈتۈن ئۆلكىدىن قوغلاپ چىقىرىش، دېموكراتىك ۋە ئەركىن ھاكىمىيەت قۇرۇش، ھەممە مىللەتلەر باباراۋەر بولۇش، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىككە خاتىمە بېرىش، دىنىي ئەركىنلىككە ئىگە بولۇش قاتارلىق ئىدىيىلەر بىلەن قوراللانغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسى ئىنتايىن ئۈستۈن ئىدى. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قورچاق ئىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى 50 نەچچە قوراللىق ساقچىنى باشلاپ ئۇلاستايغا بېرىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى، «قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى تازىلايمىز»، «ئائىلە ئوغرىنى تۇتىمىز» دەپ داۋراڭ سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە «ھەربىر ئائىلە بىردىن بەشكىچە، يىلقىسى كۆپرەكلەر 10 دىن 20 گىچە ئات تاپشۇرۇشى كېرەك» دەپ، چارۋىچىلارنى ھەربىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئات تاپشۇرۇشقا قىستىدى. ئۇلار ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىۋاتقان يولدا ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچرىدى. قوراللىق ساقچىلاردىن 30 غا يېقىنى ئۆلتۈرۈلدى، ئاز قىسمى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قېچىپ كەتتى. پارتىزانلار بىر قىسىم قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى. ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇنجى ئوق ئاۋازى ئەنە شۇ يەردە ياڭرىدى. بۇ ئىلقىدىكى قوراللىق ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ دەسلەپكى جەڭدىكى بۇ غەلىبىسى پارتىزانلارغا ۋە تاغلىق رايوندىكى چارۋىچىلارغا كۈچلۈك ئىلھام بەردى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇلاستاي پارتىزانلىرى قايتىدىن

تەشكىللەندى، يەنى 60 دىن ئارتۇق زامانىۋى قورال ـ ياراغقا، 100 دىن ئارتۇق ئادەتتىكى قورال ـ ياراغقا ئىگە بولغان، 240 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ چوڭ ئەترەت بولۇپ تەشكىللەندى. ئەينى ۋاقىتتا نىلقا ناھىيىسىدە گومىنداڭنىڭ بىر ئىنزۋوت (60 قا يېقىن) ئەسكىرى، 20 دىن ئارتۇق يەرلىك قوراللىق ئەسكىرى بار ئىدى.

گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۆلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ ھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قورچاق ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىگدېنى ئەھۋال ئىگىلەش، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، «گۇمانلىق ئادەم» لەرنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن غۇلجىغا ئەۋەتتى. ليۇ بىگدې غۇلجىلىق خۇيزۇ بولۇپ، غۇلجىنىڭ ئادەملىرى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى بىلەن تونۇشلۇق بولۇش ھەم ئۇيغۇرچىنى بىلىشتەك قولايلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مۆتىۋەرلەر قاتلىمى ئىچىدىكى تۇراقسىز ئادەملەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، گومىنداڭچە «بىرلىك سەپ»، يەنى غالچىلار گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈشكە كىرىشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن مىللىي مۇناپىقلار ۋە قارانىيەت ئەبلەخلەرنى توپلاپ، جاسۇسلار تورىنى كېڭەيتىش بىلەن يۈزلىگەن ئىنقىلابىي زىيالىيلار ۋە ياش ئەزىمەتلەرنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى، ئۇ يەنە «ئالتە ئوغرى» نى ۋە «قىزىل پاچاقلار» نى يوقىتىش دېگەن تەشۋىقات فورمۇلىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، جامائەت سورۇنلىرىدا ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ليۇ بىگدې قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى گاۋ ۋېي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قورچاق ئىلى

ئەترىتى»، «ئەكبەر باتۇر ئەترىتى»، «غېنى باتۇر ئەترىتى»، «سېرىيوژا گېرووي ئەترىتى» دەپ ئاتالدى.

پارتىزانلار ئەترىتىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى پۈتۈن ئۆلكىدىن قوغلاپ چىقىرىش، دېموكراتىك ۋە ئەركىن ھاكىمىيەت قۇرۇش، ھەممە مىللەتلەر بابباراۋەر بولۇش، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىككە خاتىمە بېرىش، دىنىي ئەركىنلىككە ئىگە بولۇش قاتارلىق ئىدىيىلەر بىلەن قوراللانغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۆرەش ئىرادىسى ئىنتايىن ئۈستۈن ئىدى. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قورچاق نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى 50 نەچچە قورallıق ساقچىنى باشلاپ ئۇلاستايغا بېرىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى، «قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى تازىلايمىز»، «ئائىلە ئوغرىنى تۇتىمىز» دەپ داۋراڭ سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە «ھەربىر ئائىلە بىردىن بەشكىچە، يىلقىسى كۆپرەكلەر 10 دىن 20 گىچە ئات تاپشۇرۇشى كېرەك» دەپ، چارۋىچىلارنى ھەربىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئات تاپشۇرۇشقا قىستىدى. ئۇلار ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىۋاتقان يولدا ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچرىدى. قوراللىق ساقچىلاردىن 30 غا يېقىنى ئۆلتۈرۈلدى، ئاز قىسمى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قېچىپ كەتتى. پارتىزانلار بىر قىسىم قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى. ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇنجى ئوق ئاۋازى ئەنە شۇ يەردە ياڭرىدى. بۇ نىلقىدىكى قوراللىق ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ دەسلەپكى جەڭدىكى بۇ غەلىبىسى پارتىزانلارغا ۋە تاغلىق رايوندىكى چارۋىچىلارغا كۈچلۈك ئىلھام بەردى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇلاستاي پارتىزانلىرى قايتىدىن

تەشكىللەندى، يەنى 60 دىن ئارتۇق زامانىۋى قورال ـ ياراغقا، 100 دىن ئارتۇق ئادەتتىكى قورال ـ ياراغقا ئىگە بولغان، 240 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ چوڭ ئەترەت بولۇپ تەشكىللەندى. ئەينى ۋاقىتتا ئىلقا ناھىيىسىدە گومىنداڭنىڭ بىر ئىنژۋوت (60 قا يېقىن) ئەسكىرى، 20 دىن ئارتۇق يەرلىك قوراللىق ئەسكىرى بار ئىدى.

گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ ھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قورچاق ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىگدېنى ئەھۋال ئىگىلەش، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، «گومانلىق ئادەم» لەرنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن غۇلجىغا ئەۋەتتى. ليۇ بىگدې غۇلجىلىق خويزۇ بولۇپ، غۇلجىنىڭ ئادەملىرى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى بىلەن تونۇشلۇق بولۇش ھەم ئۇيغۇرچىنى بىلىشتەك قولايلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مۆتىۋەرلەر قاتلىمى ئىچىدىكى تۇراقسىز ئادەملەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، گومىنداڭچە «بىرلىك سەپ»، يەنى غالچىلار گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈشكە كىرىشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن مىللىي مۇناپىقلار ۋە قارانىيەت ئەبلەخلەرنى توپلاپ، جاسۇسلار تورىنى كېڭەيتىش بىلەن يۇزلىگەن ئىنقىلابىي زىيالىيلار ۋە ياش ئەزىمەتلەرنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى، ئۇ يەنە «ئالتە ئوغرى» نى ۋە «قىزىل پاچاقلار» نى يوقىتىش دېگەن تەشۋىقات فورمۇلىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، جامائەت سورۇنلىرىدا ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ليۇ بىگدې قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى گاۋ ۋېي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قورچاق ئىلى

ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جۇڭمىڭ، مەسلىھەتچى ليۇ بىگيى قاتارلىق ئەمەلدارلارنى كېچىلەپ نىلقىغا ئەۋەتىپ، خۇپىيانە ھەرىكەتنى باشلىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىنى ئۆزىگە تارتىشقا، يەنە بىر تەرەپتىن پارتىزانلارنى ئاختۇرۇپ تۇتۇشقا ئۇرۇندى. بۇ ئەمەلدارلارنىڭ نىلقىدا ئالدى بىلەن ئىگە بولغان يىپ ئۇچى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى پاتىخ مۇسلىموف ئۆز قولى بىلەن يېزىپ، شاپىگرافتا بېسىپ تارقاتقان تەشۋىقات ۋەرەقىسى بولدى. بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىسىگە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«سۆيۈملۈك ھەر مىللەت قېرىنداشلار! سىلەر غەپلەتتە يېتىۋەرمەڭلار! زۇلمەتلىك گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىزنى ھەممە بەختلىك، ئاسايىشلىق كۈنلەردىن مەھرۇم قىلغانلىقى سىلەرگە مەلۇم. ئەمدى ھەممەيلەن بىرلىشىپ ئۇلارنى قوغلىۋېتەيلى. قورقىدىغان زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. بىز ئىنقىلابقا ئاشكارا ئاتلىنىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئات، كالا، قويلىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى. مۇنداق تۇرمۇشقا قانداقمۇ چىدىغىلى بولسۇن؟!»

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گومىنداڭ 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قىسىملىرى قورچاق زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇ دېفۇنى ئىلىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا ۋە ئامانلىق ساقلاش پولك ـ ئەترەتلىرىگە بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشقا غۇلجىغا ئەۋەتتى. ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ ئىلىدا 2500 دىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچى بار ئىدى. شۇ كۈنى ئەكبەر باتۇر قوماندانلىقىدىكى 1 ـ پارتىزانلار ئەترىتى باسلىگەن داۋىنىدا گومىنداڭنىڭ نىلقىغا قاراپ كېلىۋاتقان بىر روتا ئەسكىرى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، گومىنداڭنىڭ 50 كە يېقىن ئادىمىنى يەر چىشلەتتى ۋە ئىككى پىلىموت، 70 نەچچە مىلتىق، تاپانچا، نۇرغۇن ئوق ـ دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى، قالدۇق

دۈشمەن ھۇش ـ كاللىسىنى يوقاتقان پېتى كەينىگە يېنىپ بەدەر قېچىپ كەتتى.

دۈ دېفۇ ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن، ئالداش ۋە باستۇرۇشنى تەڭ يولغا قويماقچى بولۇپ، بىر تەرەپتىن نىلقا ناھىيىسىگە «ھال سوراش ئۆمىكى» ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن 128 ـ دىۋىزىيىنىڭ 3 ـ باتالىيونىدىن بىر ئىزۋوت ئەسكەر، ساقچى ئىدارىسىدىن نەچچە ئون ساقچىنى ئۈچ ئاپتوموبىل بىلەن پارتىزانلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. لېكىن، ئۇلار «باستۇرۇش» ئېلىپ بارىدىغان يەرگە يېتىپ بارغۇچە يولدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان پارتىزانلارنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچراپ قېچىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن دۈ دېفۇ مەغلۇپ بولغان ئەسكەرلىرىنى نىلقا بازىرىغا يۆتكەۋېتىپ، سۈيدۈڭدە تۇرۇشلۇق قورچاق ئامانلىقنى ساقلاش ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ پولكىنىڭ مۇئاۋىن پولك كوماندىرى شى خەيشەن باشچىلىقىدىكى بىر روتا ئەسكەرنى توققۇزتارا ناھىيىسى ئارقىلىق نىلقا ناھىيىسىگە بېرىپ پارتىزانلارنى يوقىتىشقا، قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جۇڭمىڭنى بىر بۆلۈك ساقچىلار بىلەن بېرىپ نىلقىنى قوغداشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئۇلاستاي پارتىزانلىرى ۋە قورالسىز چارۋىچىلار بولۇپ 1000دەك كىشى جالىنغولغا توپلانغانىدى.

جاۋ جۇڭمىڭ نىلقىغا بارغاندىن كېيىن، ھەربىيلەر ۋە ساقچىلاردىن 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ، پارتىزانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ ئۈچ يولدىكى قوشۇننىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى يولدىكى 70 دىن ئارتۇق ئەسكەر مازار ئارقىلىق گۆرسايدىن ئۆتۈپ، پارتىزانلارنىڭ شىمالغا يۆرۈشىنى توسۇش؛ ئىككىنچى يولدىكى 120 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئۇلاستايدىكى پارتىزانلار بازىسىغا

توغرىدىن توغرا ھۇجۇم قىلىش؛ ئۈچىنچى يولدىكى 100 دىن ئارتۇق ئەسكەر نىلقا ئۆزەن ئارقىلىق ئېرېنمودۇنغا بېرىش. نىلقا ناھىيىسى بازىرىنى ساقلاشقا 30 نەچچىلا ھەربىي ۋە ساقچى قالغانىدى. 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۇلاستايغا ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنلەر پارتىزانلار ۋە يەرلىك ئاھالە بولۇپ 400 دىن ئارتۇق كىشى تەرىپىدىن ئۇلاستاي تېغىنىڭ جەنۇبىدا مۇھاسىرىگە ئېلىندى. شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق ئون نەچچە دۈشمەن ئۆلتۈرۈلدى، 20 نەچچە مىلتىق غەنىيمەت ئېلىندى. 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مازار تەرەپكە ماڭغان يولدىكى دۈشمەنلەر پارتىزانلارنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچرىدى، دۈشمەننىڭ بىرنەچچە ئادىمى ئۆلدى، سەككىز ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى. 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 400 دىن ئارتۇق پارتىزان غۇلجىدىن كېلىدىغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن مازارغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. يەنە بىر يولدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى غېنى باتۇر ئەترىتى تەرىپىدىن ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. شىخەيشەن باشچىلىقىدىكى بىر روتا ئەسكەرمۇ توسۇپ زەربە بېرىشكە يولۇقۇپ قېچىپ كەتتى.

ھودۇقۇپ كەتكەن دۇ دېفۇ ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىش توغرىسىدا ئۈرۈمچىگە جىددىي تېلېگرامما يوللىغان بولسىمۇ، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن يېڭى كېتىپ، ۋەزىيەت قالايمىقان بولغاچقا، بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم چىقمىدى. 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن نىلقا ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭچىلار قاش كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبىي ياقىسى ۋە ئۇنىڭغا ياندىشىپ كېلىدىغان جايلاردا لەخمە كولاش، ئىستىھكام ياساشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر ساھە زاتلاردىن 100دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى ھەمدە غېنى، ئەكبەر قاتارلىق «ئالتە ئوغرى»نى تۇتۇپ بەرگەنلەرنى ئەڭ چوڭ ئىنئام بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ئېلان

قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قازاق، ئۇيغۇر، موڭغۇل، رۇسلاردىن تەركىب تاپقان لاپكىن باشچىلىقىدىكى 30 نەچچە پارتىزان 20 مىلتىق، ئالتە پىلىموت ۋە 19 ئاتقا ئارتىلغان ئوق ـ دورىلارنى ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىدىن ئۆتۈپ، سۈيدۈڭ ناھىيىسىدىكى سارىتېرەك ئارقىلىق غۇلجا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى جىرغىلاڭغا كەلدى. ئۇلار بۇ يەرنى قوغداۋاتقان ساقچىلار بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنى قاچۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، گۆرسايغا يۆتكىلىپ، دۈشمەننىڭ بىر ئىنزۋوت ئەسكىرىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاستايغا بېرىپ پارتىزانلىرىمىزنىڭ قوماندانلىق شتابى بىلەن ئۇچراشتى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇلاستاي پارتىزانلىرى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى دېھقان، چارۋىچىلاردىن 2000 غا يېقىن كىشى ئەكبەر يايلىقىغا يىغىلدى، پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنىڭ كوماندىرى قۇربان بۇرھاندىن پارتىزانلار ۋە ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىپ، غۇلجىغا يۈرۈش قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى. پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش سەركەردىسى پاتىخ مۇسلىموف ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى جاكارلىدى. 600 دىن ئارتۇق پارتىزان خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش سەپىرىگە ئاتلاندى. يول بويى 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قولىغا قىلىچ ـ خەنجەر، پالتا ـ گۈرجەكلەرنى ئېلىپ، ئاتلىق چۇقان سېلىپ، يۈرۈشكە ئاتلانغان پارتىزانلارغا قوشۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە پارتىزانلار نىلقا ناھىيە بازىرىنى جەنۇب، شىمال، غەرب تەرەپلەردىن قورشىۋالدى، جەنۇب تەرەپتە غېنى، ئوسمان قوماندانلىق قىلغان 2 ـ چوڭ ئەترەت، غەرب تەرەپتە ئەكبەر، سېيىت قوماندانلىق

قىلغان 1 ـ چوڭ ئەترەت، شىمال تەرەپتە شۇتوف ئىۋان، خەمىت مۇسلىموف قوماندانلىق قىلغان 3 ـ چوڭ ئەترەت بار ئىدى. بۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ نىلقا ناھىيە بازىرىدىكى ھەربىي ـ ساقچىلىرى ئۇقتىلىق ھالدا ساقچى ئىدارىسى، كۇلۇپ ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى ساقلاپ ياتقانىدى. پارتىزانلار ناھىيە بازىرىنى قورشىۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئون كىشىلىك زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللەپ، كۇلۇبنى ئىگىلەپ ياتقان دۈشمەننى شىددەتلىك ئوققا تۇتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە بازىرىغا ئۈچ تەرەپتىن ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاندى. ناھىيە بازىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەزىمەتلىرىمۇ ئۆزلۈكىدىن قولىغا كالتەك، توقماقلارنى ئېلىپ، «ھۇررا» سادالىرىنى ياڭرىتىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭنىڭ ھەربىي ـ ساقچىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمەي، كۇلۇبنىڭ يېنىدىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغا قېچىپ كىرىۋالدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ قورۇق تېمى بەش مېتىر ئېگىزلىكتە ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قۇم تولدۇرۇلغان خالتىلاردىن ھاسىل قىلىنغان مۇستەھكەم ئىستىھكام بار ئىدى، شۇڭا جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولدى. جەڭ 20 سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشقان بولسىمۇ، ساقچى ئىدارىسىنى ئېلىش مۇمكىن بولمىدى، پارتىزانلار ئاخىر كۇلۇبقا ئوت قويۇۋەتتى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ قورۇق تېمىنى پارتلىتىۋەتتى. پارتىزانلار بىرقانچە قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، دۈشمەن نائىلاج قېلىپ، 140 دىن ئارتۇق دۈشمەن ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولدى. پارتىزانلار 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەتىگەندە نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ جەڭدە دۈشمەننىڭ 30 نەچچە ھەربىي ـ ساقچىسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۈچ پىلىموت، 66 مىلتىق، سەككىز ماۋزېر، 150 قول بومبىسى، 9000 پاي ھەرخىل ئوق غەنىيمەت

ئېلىندى. قاماپ قويۇلغان 100دىن ئارتۇق پۇقرا، زىيالىي، چارۋىچى تۈرمىدىن ئازاد قىلىندى.

ئەتىسى نىلقا ناھىيە بازىرىنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوسمان چوباننىڭ ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئورازقاننىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا، جاقابايىنىڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى ئېلان قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، نىلقا ناھىيىسىدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى بايرىقى ۋە مەشئەلى سۈپىتىدە دېموكراتىك ۋە ئەركىن بولغان ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت بارلىققا كەلدى. قانخور گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە يانتاياق بولۇپ، پارتىزانلارغا ئاكتىپ قارشى تۇرغان مىڭبېشى، چوڭ زومىگەر قاناتبېك، قورچاق ھاكىم لو چىشېڭ، قورچاق ساقچى ئىدارە باشلىقى فېڭ ۋېيجۇن، قورچاق ئامانلىق ساقلاش پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى شى خەيشەن، قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جۇڭمىڭ قاتارلىقلارغا شۇ جايدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى خەممەت مۇسلىموف نىلقىنى ئازاد قىلىش جېڭىدە ئېغىر يارىلانغانىدى، كېيىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، ئۇلاستايدا قۇربان بولدى.

پارتىزانلار نىلقىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى ساقلاپ قېلىش، ناھىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جەڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى گۆرسايغا ۋە نىلقا بىلەن غۇلجا ناھىيىسى ئارىلىقىدىكى مازارلارغا چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى. 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پارتىزانلارنىڭ قوماندانلىق شتابى ئۇلاستايدىن نىلقا ناھىيە بازىرىغا كۆچتى. شۇ يەرلىك ئامما ۋە غۇلجا ناھىيىسىدىن پىدائىي بولۇپ كېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشقانلار ئىچىدىن پارتىزانلار قوشۇنى تولۇقلىنىپ، ئومۇمىي ئادەم سانى 800 گە يەتتى.

پارتىزانلار ئۈچ چوڭ ئەترەتكە ئايرىلدى. 1 - چوڭ ئەترەت ئاساسەن قازاقلار بولۇپ، 300 گە يېقىن كىشىدىن تەركىب تاپتى، ئەكبەر باتۇر ئەترەت كوماندىرى، سېيىت مۇئاۋىن كوماندىر بولدى؛ 2 - چوڭ ئەترەت ئاساسەن ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار ۋە ئاز ساندىكى شىبەلەر بولۇپ، 250 گە يېقىن كىشىدىن تەركىب تاپتى، غېنى باتۇر ئەترەت كوماندىرى بولدى؛ 3 - چوڭ ئەترەت ئاساسەن رۇسلار بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپتى، شۇتوف ئىۋان ئەترەت كوماندىرى بولدى.

پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ شان - شۆھرىتى ناھايىتى تېزلا تەرەپ - تەرەپكە تارقالدى. ئۇنىڭ تاغ - دەريالارنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن كۈچ - قۇدرىتى ۋە تەسىرى تېزلىكتە قىزىل كۈرە (تېكەس)، كۈنەس، توققۇزتارا ناھىيىلىرىگە ھەم قاش دەرياسىنىڭ جەنۇبى، قاراسۇنىڭ شىمالىي تېغى، مازارنىڭ شىمالىدىكى بوروسۇن، ئىلى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى سامىيۈزى ۋە دەريانىڭ جەنۇبىدىكى ياماتۇ قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيدى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى غېنى باتۇر قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار چوڭ ئەترىتى گومىنداڭنىڭ مازاردا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. غۇلجا شەھىرىگە يېقىن يەردە تۆرە ئورۇس باشچىلىقىدىكى ئون نەچچە مەرگەن رۇستىن تەشكىل قىلىنغان پىدائىيلار ئەترىتى گومىنداڭنىڭ ھاۋا ئارمىيە تەلىم - تەربىيە ئەترىتىگە ھۇجۇم قىلدى. 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئەكبەر باتۇر قوماندانلىقىدىكى بىر قىسىم پارتىزانلار شىمالىي سەپ بويىچە گۆرسايغا يۈرۈش قىلىپ، جىڭ ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ بۇ يەردىكى ساقچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، جىڭ ناھىيىسىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغىچە قىستاپ باردى.

ئەنە شۇ مەزگىلدە ئىلى تەۋەسىدە ئازادلىق تەشكىلاتى

بېسىپ تارقاتقان گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرىدىغان، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئاساسىي شوئارلىرى ئىسلام دىنىنىڭ غازاتچىلىق ئەقىدىلىرىدىن ئىبلىنغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى پەيدا بولدى. بۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ ئىلىدىكى ئەسكىرىي كۈچى 128 - دىۋىزىيىنىڭ بىر پولكى، زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ بىر باتالىيونى، قورچاق ئامانلىقنى ساقلاش 4 - پولكى ۋە 800 گە يېقىن ساقچىدىن ئىبارەت بولۇپ، 2000 دىن ئارتۇق قوراللىق ئەسكىرى بار ئىدى. دۈ دېفۇ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتىشسىزلىكىنى ھېس قىلىپ، 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، گومىنداڭ 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇشاۋلياڭغا ئىلىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى ۋە ئۆزى تۈزگەن «تىنچلاندۇرۇش پىلانى» نى بىۋاستە دوكلات قىلدى. دۈ دېفۇ ئىلىنىڭ چەت - ياقىغا جايلاشقانلىقى، ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى قاتارلىق ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن، خەنزۇ پۇقرالارنى قوراللاندۇرۇپ، ئۆزىنى قوغداشقا تەشكىللەشنى تەكلىپ قىلدى. ئەمما، جۇشاۋلياڭ «سىلەردىكى خەنزۇلارنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى ناتايىن، ئالدىراپ - تېنەپ تەشكىللىگەن قوشۇن ئەسقاتمايدۇ» دەپ قاراپ، دۈ دېفۇنىڭ پىلانىنى رەت قىلدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى (قۇربان ھېيت نامىزى كۈنى) قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەپتىشى رېن 30 دەك قوراللىق ساقچىنى باشلاپ ئۇلاستاي تاغ ئېغىزىغا كىرگەندە، ئۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان پارتىزانلارنىڭ زەربىسىگە يولۇقتى. رېن تەپتىش ۋە ئۇنىڭ ئۇنغا يېقىن ئادىمى جەڭدە ئۆلدى، ئىككى ئادىمى تۇتۇۋېلىندى، 13 مىلتىق ۋە بىرقانچە 100 پاي ئوق غەنىيمەت ئېلىندى. 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى غېنى باتۇر، سېرىيوزا قىسىملىرى غۇلجا

ناھىيىسىدىن نىلقا ۋە قىزىل كۆرە ناھىيىلىرىگە ئۆتىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان سۇلتان ئۇۋەيس مازار مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى قورشىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇرك مەھەللىسى ۋە قاراسۇدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى قورشىۋېلىپ، قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئېغىر تالاپەت بەدىلىگە تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، مۇھاسىرىنى تەستە بۇزۇپ قېچىپ كەتتى.

ئىلىدا تۇرۇۋاتقان قورچاق ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىڭدى ئۈرۈمچىگە تېلېگرامما بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، جۇ شاۋلياڭ 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق زاپاس 7 - دىۋىزىيە 19 - پولكىنىڭ كوماندىرى پېڭ جۇنيىنى ئۆزىگە قاراشلىق پىيادە ئەسكەرلەر 2 - باتالىيونى ۋە مىناميوتچىلار 1 - روتىسىنى باشلاپ ئىلىغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. ئۇ 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قوشۇنىنى ئېلىپ لومەنچېڭدىن ھەربىي ئاپتوموبىل بىلەن يولغا چىقىپ، 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دۇ دېفۇ قاراسۇ ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلاردىن بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ، قاش دەرياسىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. دۈشمەننىڭ ئالدىن چارلىغۇچى قىسمى نىلقا ناھىيە بازىرىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى باشكىن ئىسىملىك بىر رۇسنىڭ جاڭزىسىغا كېلىپ دەم ئېلىۋاتقاندا، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۈچ تۈركۈم پارتىزانلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۈچ تەرەپتىن قورشىۋالدى (بۇ يەرنىڭ يەنە بىر تەرىپى قاش دەرياسى ئىدى). پارتىزانلار ئالدى بىلەن دۈشمەننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئادەم ئەۋەتتى. گومىنداڭ

قوشۇنلىرى تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، پارتىزانلار ئۇلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەننىڭ ئون نەچچە ئادىمى دەرياغا سەكرەپ غەرق بولدى، قالغان نەچچە ئون ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى.

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جۇ شاۋلياڭ دۇ دېفۇنى يۆتكەپ كېتىپ، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىنىڭ شتاب باشلىقى ساۋرىلىگىنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەققەت تىنچىتىش قوماندانلىقىغا بەلگىلەپ، ئىلى ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋە قورچاق ئامانلىق ساقلاش پولكىغا بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. ساۋ رىلىڭ 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىلىغا يېتىپ كەلگەندە، پارتىزانلار نىلقا ناھىيە بازىرىنى يەنىلا ئىگىلەپ تۇراتتى، گومىنداڭ قىسىملىرى بولسا، مازار ۋە ياماتولارنى ئىگىلەپ تۇراتتى. ساۋ رىلىڭ بۇ ۋەزىيەتكە ئاساسەن، ئىلىدىكى جەڭگە سېلىنىشقا بولىدىغان ھازىرقى ئەسكىرىي كۈچلەرنى مازاردىن شەرققە يۆتكەپ ھۇجۇم قىلغۇزۇشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۈچادا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ پولكىغا مۇزئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبتىن شىمالغا ھۇجۇم قىلىش، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىنىڭ 21 ـ پولكىغا ماناستىن جىڭخا كېلىپ، ئاچال ئارقىلىق غۇلجا تەرەپنى توسۇش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. ئەمما، شۇ كۈنى پارتىزانلار مازارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا يېڭى ئەھۋال يۈز بەردى. 21 ـ پولك كوماندىرى جياڭ شۇەنچۈەن ماناستىن جىڭخا كەلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى داخىيەنزىگە، بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى گۆرسايغا ئەۋەتىپ، مازاردىكى پارتىزانلارنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆردى.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ھەم خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياڭخەي باشچىلىقىدىكى «غۇلجىدا تەشۋىق قىلىش ـ ھال سوراش

ئۆمىكى» دەيدىغان نەيرەڭۋاز ئۆمەك غۇلجىغا كەلدى، ئۆمەك تەركىبىدە گۇاڭ لۇ، ئۇجالا ساراچۇن (شىبە) قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار غۇلجىغا كېلىشى بىلەنلا قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ھاكىمبەگ غوجام ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئارىستوف قاتارلىق كىشىلەرنى زىيارەت قىلدى ھەمدە 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان ھەر مىللەت زاتلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، كىشىلەر رايىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئالدايدىغان خىلمۇخىل نەيرەڭۋازلىقلارنى ئىشقا سالدى. ئۇلار «نىلقا ۋەقەسى شىڭ شىسەي قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەت» دەپ داۋراڭ سېلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئاقلاشقا ئۇرۇندى؛ تۇرمىدىكى «جىنايەتچىلەر»نى قويۇپ بېرىش، جەسەتلەرنى ئالماشتۇرۇش، مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش، بۇنىڭ ھېسابىغا ئازغان كىشىلەر قوراللىرىنى تاشلاپ ھەقىقەتكە قايتسا سۈرۈشتۈرمەسلىك . . . دەيدىغان ئادەم ئالدايدىغان گەپلەرنى قىلىپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى باسماقچى بولدى. «تەشۋىق قىلىش ـ ھال سوراش ئۆمىكى»نىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن 1 ـ قېتىمدا ھاكىمبەگ غوجا باشلىغان ۋەكىللەر، 2 ـ قېتىمدا ئەكرەمخان غوجا باشلىغان ۋەكىللەر پارتىزانلارنىڭ ئالدىغا دۆڭمازاغا چىققان بولسىمۇ، پارتىزانلارنىڭ غېنى باتۇر قاتارلىق سەركەردىلىرىنىڭ ھەققانىي ۋە مەردانە گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە چىققىنىغا پۇشايمان يەپ شەھەر ئىچىگە قايتىپ كېتىشتى.

ئەمەلىيەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دېگىنى بىلەن قىلىقىنىڭ بىر دەك ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. گومىنداڭچىلار 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىككى روتا ئەسكەر ئەۋەتىپ، تاشداۋان ئارقىلىق نىلقىغا ھۇجۇم قىلدى. پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، ئەكبەر باتۇر

قوماندانلىقىدىكى 1 ـ چوڭ ئەترەتنى دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى، يەنە شۇتوف ئىۋان قوماندانلىقىدىكى 3 ـ چوڭ ئەترەتنى قاراتۆپە، تۆتە (ئاققوي) قاتارلىق جايلاردا مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئەكبەرنىڭ چوڭ ئەترىتى باسلىغەن داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئىككى چوقىنى ئىگىلەپ، دۈشمەنلەرنى سايدا توسۇۋالدى. بۇ جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولۇپ، بىر كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشتى. ئاخىر گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئەجەللىك زەربە يەپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 80 ئادىمى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، 70 نەچچە مىلتىق ۋە نۇرغۇن ئوق غەنىيمەت ئېلىندى. پىتىراپ ھەر ياققا قېچىپ كەتكەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، پارتىزانلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرى سۇلتان ئۆۋەيس مازىرى، كىچىك قاراسۇ، چوڭ قاراسۇ ئارقىلىق ئۇلاستايغا ھۇجۇم قىلدى. پارتىزانلارنىڭ 1 ـ چوڭ ئەترىتى بۇيرۇققا بىنائەن باسلىغەن داۋىنىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلدى ھەمدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەسكەر ئەۋەتىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقان 3 ـ چوڭ ئەترەتكە ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەن قوشۇنلىرى چېكىندۈرۈلدى، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 17 ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى، 14 مىلتىق غەنىيمەت ئېلىندى. پارتىزانلار غەلىبە بىلەن ئۇلاستايغا قايتىپ كەلدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى تۆتە سېيى ئېغىزىنى ساقلاپ ياتقان 2 ـ چوڭ ئەترەت كوماندىرى غېنى باتۇرنىڭ نىلقا ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ساي ئېغىزىنى ئىككى قېتىم ئىگىلىۋالدى. قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە رەپىق بايچۇرىن ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ ساي ئېغىزىنى تارتىۋالدى. پارتىزانلار ئەترىتى ساي ئېغىزىنى

ساقلاشقا 40 پىدائىينى قالدۇرۇپ، نىلقا ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كەلدى.

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە 19 ـ پولكىنىڭ 2 ـ باتالىيونى ئىككى ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسى بىلەن نىلقا ناھىيىسىدىكى تۆتە سىيىغا ھۇجۇم قىلدى، سايىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قاش دەرياسىنى بويلاپ نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. پارتىزانلار 2 ـ چولڭ ئەترىتى ھەممە تەرەپلەردىن دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئۆزلۈكىدىن تاشلاپ چىقىپ، ئۇلاستايغا چېكىندى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى چۈشتىن كېيىن نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىۋالدى. مازار ۋە سۇپتايدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 90 دىن ئارتۇق ئەسكىرى ئىككى ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسى بىلەن غۇلجىدىن نىلقىغا بېرىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك نۇقتا قاراسۇنى بېسىۋالدى.

11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە 19 ـ پولكى 2 ـ باتالىيونىنىڭ بىر روتىسى ئىككى ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قاراسۇدىن ئۇلاستايغا ھۇجۇم قىلدى. جاللىغولدىكى پارتىزانلار ئۇرۇش قىلغاچ چېكىنىپ تۇرۇپ، دۈشمەننى ئىچكىرىگە ئالداپ ئېلىپ كىرىپ، دۈشمەن قوشۇنىنى ئۈچ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن گىرەلەشمە جەڭ بولدى. مىلتىقى يوق پارتىزانلار قىلىچ، كالتەك ـ چوماق، پالتىلارنى قورال قىلىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشتى. بەزى ئاتلىقلار سالما تاشلاپ، دۈشمەنلەرنى سۆرۈتۈپ جېنىنى ئالدى. ئاپئاق قارلىق دالا قىپقىزىل قانغا بويالدى. بۇ قېتىمقى جەڭ سەككىز سائەت داۋاملاشتى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن 47 سى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، 12 سى ئەسىرگە ئېلىندى، ئۈچ پىلىموت، 32 مىلتىق، ئون ساندۇق ئوق ـ دورا، بومبا ۋە باشقا ماددىي

ئەشيالار غەنىيمەت ئېلىندى. مىلتىقى يوق پارتىزانلار بۇ جەڭدىن كېيىن قوراللاندى. بۇ قېتىمقى ئۇلاستاينى قوغداش جېڭىدە ئەكبەر باتۇر ئېغىر يارىلاندى (كېيىن 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەچتە داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولدى)، ئەكبەر باتۇرنىڭ ئىنىسى سېيىت ئۇنىڭ ئورنىدا 1 ـ چوڭ ئەترەتكە كوماندىر بولدى.

بۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن، گومىنداڭچىلار قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇۋەققەت ۋالىي گاۋ ۋېي، قورچاق ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىڭدې ئۈرۈمچىگە جىددىي تېلېگراممىا يوللاپ ياردەم سورىدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن: «نىلقا ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. ئۇلار قاش دەرياسىنى ياقىلاپ ھەرىكەت قىلىپ، سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى قوشۇنلىرىمىزنى مۇھاسىرىگە ئالدى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى جەڭدە نۇرغۇن ئادەم ۋە قورال ـ ياراغلار زىيان تارتتۇق. يەرلىك ئاممىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. . . نىلقىغا بارغان ئاپتوموبىللار قانغا بويۇلۇپ قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئاپتوموبىللار پۇتۇنلەي يارىدارلارنى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كىشىلەر تېخىمۇ ئەنسىزچىلىككە چۈشتى. . . قوزغىلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى پاتىخ، غېنى، ئەكبەر، قۇربان، بايچۇرىنلار. ئۇلاردا ھازىر 300 دىن ئارتۇق مىلتىق، 1500 دىن ئارتۇق ئادەم بار، ھەممىسى ئاتلىق. غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم، جېلىلىيۈزى، سۈيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ لوسىگۇڭ قاتارلىق يەرلىرىدە مەخپىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانماقتا. غۇلجا ئېغىر تەھدىت ئاستىدا قالدى، شۇڭا تېزدىن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ، ياردەم

بېرىشكىلارنى سورايمىز.»

شۇ كۈنى پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى بارلىق پارتىزانلارنى ئۇلاستايىغا يىغىپ، بىر كۈن دەم ئالدۇردى ۋە قوشۇنلارنى يېڭىۋاشتىن رەتكە سېلىپ، سۇلتان ئۇۋۇەيس مازىرى دائىرىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆردى. شۇ كۈنى غۇلجىدىكى ئازادلىق تەشكىلاتى غۇلجىدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئەتراپتىكى سەپلەرگە كېلەلمىسىز ۋە چۇۋالچاق تارقىلىپ، شەھەر ئىچىنىڭ مۇداپىئەسىز قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش، تەشكىللەش ۋە قوراللاندۇرۇشقا كىرىشتى ھەمدە نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ سۇلتان ئۇۋۇەيس مازىرى دائىرىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ تۇرۇپ، دەرھال ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى كېرەكلىكىنى، شۇ ئارقىلىق ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، بىر يولىلا غۇلجىنى ئالماقچى بولغانلىقىنى نىلقا پارتىزانلىرىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئىمىنجان يۇسۇپنى ئەۋەتتى (ئەكبەر باتۇرنىڭ جاراھىتىنى داۋالاشقا ئەۋەتىلگەن دوختۇرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلدى).

بۇ چاغدا پارتىزانلارنىڭ ئادەم سانى 1500 دىن ئاشقان بولسىمۇ، قورال ـ ياراغ 300 گە يەتمەيتتى، ئوق ـ دورىلارمۇ كەمچىل ئىدى. ئەمما، پارتىزانلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئىرادىسى كۈچلۈك ئىدى. پارتىزانلار ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ يوليورۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پارتىزانلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى رەپىق بايچۇرىن بۇ يوليورۇقنى بارلىق پارتىزانلارغا يەتكۈزۈپ، پارتىزانلارنى غۇلجىنى ئازاد قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. غۇلجىدىن كېلىپ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بولغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توراپ زەربە بېرىش

ئۈچۈن ئابرالدا بىر قىسىم پارتىزانلار قالدۇرۇلغاندىن سىرت، ئاساسلىق كۈچ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تايانچ پونكىتلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاغ يوللىرى ئارقىلىق ئۇدۇل غۇلجىغا قاراپ ماڭدى.

11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى غۇلجىدىكى ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي قوماندانلىق شتابى ھەر مىللەت خەلقىنى قورallىق ئەترەتلەرگە مەخپىي تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىلقا پارتىزانلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى قوشۇنلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى بىر يولىلا يوقىتىش تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويدى. ئىلقا پارتىزانلىرى ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئالدىن بېكىتكەن پىلانى بويىچە شۇ كۈنى تاڭ سەھەردە ئۈچكە بۆلۈنۈپ غۇلجىغا يۈرۈش قىلدى. 1 ـ چوڭ ئەترەت ئاساسلىقى قازاقلار بولۇپ، ئەكبەر باتۇرنىڭ ئىنىسى سېيىت باتۇرنىڭ قوماندانلىقىدا غۇلجا شەھىرىگە غەربىي شىمال تەرەپتىن؛ 2 ـ چوڭ ئەترەت ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بولۇپ، غېنى باتۇرنىڭ قوماندانلىقىدا غۇلجا شەھىرىگە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن؛ 3 ـ چوڭ ئەترەت ئاساسلىقى رۇسلار بولۇپ، پاتىخ باتۇرنىڭ قوماندانلىقىدا غۇلجا شەھىرىگە شەرقىي شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف — ئارۇپ ئەترىتى غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان بولدى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا پاتىخ مۇسلىموف بىلەن قۇربان بۇرھاندىن قوماندانلىق قىلدى. ئالاھىدە مەخپىي تەشكىللەنگەن پارتىزانلار ئەترەتلىرى 30 غا، ئادىمى بىرقانچە مىڭغا يېتىپ باراتتى. بۇ ئەترەتلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى

مالىك بېكتېمىروف، مازاروف (رۇس)، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. ئىلقا ناھىيىسىدە باشلانغان بۇ مىللىي ئازادلىق قوراللىق كۆرىشى مۇرەككەپ، جاپالىق، ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ قانلىق ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن غۇلجا شەھىرىنى قورشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

# غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

ئىنقىلابچىلار ۋە پارتىزانلارنىڭ كۆز نۇرى مەركەزلەشكەن ئورۇن غۇلجا شەھىرىنى بالدۇرراق ئازاد قىلىپ، ئىنقىلابىي دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش نۇقتىسىدىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قوراللىق كۈرەشنى ئاداققىچە ئېلىپ بارغىلى بولمايتتى. غۇلجىدىن باشقا جايدا مەركىزىي ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش ئەپسىز ئىدى. شۇڭا، غۇلجىنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نىشان ئازادلىق تەشكىلاتى تەرىپىدىن قارار قىلىنىپ بېكىتىلگەنىدى.

نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشى ئىشى كۈتكەندىكىدەك ئوڭۇشلۇق بولمىدى. چۈنكى، نىلقىدىن غۇلجىغا يۈرۈش قىلغان ئۈچ پارتىزانلار چوڭ ئەترىتى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تەڭ يېتىپ كېلەلمىدى. 3 ـ چوڭ ئەترەت تۇرپانيۈزىگە كېلىش بىلەنلا توختاپ قالدى، 1 ـ چوڭ ئەترەت 3 ـ چوڭ ئەترەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ قالدى. پەقەت 2 ـ چوڭ ئەترەتلا ئەسلىدىكى پىلان بويىچە 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان توپادەڭگە يېتىپ بېرىپ، غۇلجا 3 ـ رايون ساقچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلدى. ساقچىخانىغا قامالغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ پارتىزانلارغا

ئەگىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. غېنى باتۇر قوماندانلىقىدىكى 2 ـ چوڭ ئەترەت ئۇ يەرگە قامالغانلارنى قۇتقۇزۇپ چىقتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە پاتىخ مۇسلىموفنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىمۇ بار ئىدى. لېكىن، پارتىزانلار گىر بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە، گومىنداڭنىڭ 128 ـ دىۋىزىيە 382 ـ پولكىنىڭ 3 ـ باتالىيونى ئۈچ ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا پارتىزانلارغا قارشى كەسكىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. پارتىزانلاردىن تۆت ئادەم قۇربان بولدى، 34 ئات ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تۇرپانيۈزىگە چېكىنىپ، ئۇ يەردىكى 1ـ، 3 ـ چوڭ ئەترەتلەر بىلەن ئۇچراشتى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى گومىنداڭ جاسۇسلۇق ئورگانلىرى سېزىپ قالغاچقا، بۇ تۈيغۇن ئىنقىلابچى پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كېچىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ نىلقا ئازاد قىلىنىپ، پارتىزانلارنىڭ غۇلجا شەھىرىگە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىر قىسىم قورال ـ ياراغلارنى ئېلىپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ، سۇيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ لوسىگوڭ دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇ يەردە جاپالىق ئىزدىنىشلەردىن كېيىن، سۇيدۇڭدىن قېچىپ بارغان زىيالىيلار ۋە لوسىگوڭ، چىڭسىخوزا ياشلىرىدىن تەركىب تاپقان 60 نەچچە كىشىلىك پىدائىيلار قوشۇنىنى تەشكىل قىلدى. بۇ پارتىزانلار ئەترىتى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ قوماندانلىقىدا 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەھەردە يانبۇلاق، تېكىلىخان، ئوت ئارشاڭ ئارقىلىق غۇلجا شەھرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار نوۋېيگورىتقا كېلىپ، قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قۇربانجان، مەسئۇت ئالدىگاروف قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قورۇلىرىغا يوشۇرۇندى. بۇ ئەترەتنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان يەسۇكەي، ئايتۇغان، ئارۇپ،

مالىك، كەرىم، خەمىتوف فوئات، پوروخوف، ۋالىنوف قاتارلىق بىرقانچە ئون تاتار، رۇس ياشلىرى ئۆلارغا قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەترەت ئەزالىرى 100دىن ئېشىپ كەتتى.

ئىلقا پارتىزانلىرى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەچتە غۇلجا شەھەر ئۈچ دەرۋازا مەھەللىسىگە ئورۇنلاشقان ئازادلىق تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى ھەربىي قوماندانلىق شتابى بىلەن ئالاقە باغلىدى. ھەربىي قوماندانلىق شتابى پېتېر رومانوۋىچ ئالېكساندروف (رۇس)، رەخىمجان سابىر ھاجىيوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ماناپ بېكتېمىروف، ماژاروف (رۇس)، قاسىمجان قەمبىرىلەردىن تەركىب تاپتى. ھەربىي قوماندانلىق شتابى گومىنداڭنىڭ ئىلىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە مۇھىم تايانچ پونكىتلىرىغا بەلگە قويىدى ھەم شەھەر ئىچىدىكى پارتىزانلار بىلەن ئامىنى ياخشى تەييارلىق كۆرۈپ، 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىلقا پارتىزانلىرىغا ماسلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشلاپ كەلگەن ئەترەتكە گومىنداڭ ـ نىڭ ۋالىڭ قادىر بېگى (ھازىرقى خەلق باغچىسى) ئالدىدىكى تەنتەربىيە مەيدانىدا ھەربىي مەشىق قىلىۋاتقان، پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان 100 دەك ئادىمى قورال ـ ياراغلىرى بىلەن قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ قوشۇن 300 گە يېقىن ئادىمى بار قوراللىق ئەترەتكە ئايلاندى. ئەترەت كوماندىرلىقىغا ئارۇپ ئەۋزى، مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا يۈنچېڭ ئايتۇغان، سىياسىي رەھبەرلىككە يەسۇكەي تەيىنلەندى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى تۈنجى ھۇجۇم ئەنە شۇ ئارۇپ ئەۋزى قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە قىلغان ھۇجۇمى بىلەن باشلاندى. پارتىزانلار شۇنىڭ بىلەن بىللە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى، ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ۋالىي

مەھكىمىسىنىڭ غەربىدىكى قىزلار گىمنازىيىسىنىڭ بىناسىنى ئىگىلەپ، ئوت كۈچى ئارقىلىق ۋالىي مەھكىمىسى، قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، سودا - سانائەت شىركىتى ئارىلىقىدىكى قاتناشنى قامال قىلدى. پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى ئىلقا پارتىزانلىرىنى گومىنداڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى ھەربىي، ساقچىلىرى تۇرىدىغان پونكىتلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى، نەتىجىدە دۈشمەنلەر بىر - بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالماي، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەنلا قالدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۈچ دەرۋازىغا توپلانغان پارتىزانلارغا ھۇجۇم قىلدى، ئىككى سائەتلىك كەسكىن جەڭدىن كېيىن گومىنداڭ قوشۇنلىرى پارتىزانلار تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. سودا - سانائەت شىركىتىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئاۋئاتسىيە تەلىم - تەربىيە ئەترىتىگە قېچىپ كەتتى. شۇ كۈنى گومىنداڭ ئىلىدىكى ئىنقىلاب ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دەرىجىدىن تاشقىرى جاللات لىيۇ بىڭدې قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن خۇپىيانە قېچىپ چىقىپ، بىر مۇنەك قىزىل خالتىنى كۆتۈرۈپ نوۋىيگورتىكى تۇرار جايىغا كېتىۋاتقاندا، پارتىزانلارنىڭ ئاپتومات بىلەن ئوققا تۇتۇشى نەتىجىسىدە ئۆلدى. قىزىل خالتىنىڭ ئىچىدە 10 نەچچە كىلوگرام ئالتۇن بارلىقى بايقالدى.

غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىمۇ قولىغا تۈرلۈك قوراللارنى ئېلىپ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. بىر كۈن كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئالتەشوئار مەھەللىسى، سايبويى، سۇلتانكۆۋرۈك، تېلېفون ئىدارىسى ئىشغال قىلىندى. گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ھەربىي، ساقچىلىرى قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، ھەربىي قوماندانلىق شتابى، ۋالىي مەھكىمىسى قاتارلىق تايانچ نۇقتىلارنى جاھىللىق بىلەن

ساقلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پارتىزانلار بىلەن قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاممىا يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلاردا گومىنداڭنىڭ ھەربىي، ساقچىلىرىغا قارشى كەسكىن جەڭ قىلدى. پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى دۈشمەننى پارچىلاپ مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، ئاساسلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دۈشمەننىڭ مۇھىم قوماندانلىق ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. پارتىزانلارنىڭ سېيىت ۋە قۇربان بۇرھانىدىن باشچىلىقىدىكى 1 ـ چوڭ ئەترىتى 600 دەك ئادەم(بۇنىڭ ئىچىدە 170 ئادەمنىڭ قورال ـ يارىغى بار، قالغانلىرى نەيزە، كالتەك ـ چوماق كۆتۈرگەن) بىلەن گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى قورچاق ھەربىي قوماندانلىق شتابىغا ھۇجۇم قىلدى؛ غېنى باتۇر قوماندانلىق قىلغان 2 ـ چوڭ ئەترەت قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئورۇنلارنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭنىڭ ھەربىي، ساقچىلىرى شىددەت بىلەن قايتۇرما زەربە بەردى. ئىككى سائەت داۋام قىلغان كەسكىن جەڭدىن كېيىن، ئۇلار پارتىزانلار تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. يەنە بىر قىسىم پارتىزانلار شەھەرنىڭ شىمالىدىكى دۈشمەننىڭ ھەربىي قوماندانلىق شتابىغا بارىدىغان كۆۋرۈك بېشىنى ئىگىلىۋالدى. ساۋرىلىڭ 19 ـ پولكىنىڭ 1 ـ باتالىيونىغا قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، ۋالىي مەھكىمە قاتارلىق ئورۇنلارنى جان تىكىپ قوغداش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى ھەم ئىلىقىدىكى چىن يۇڭچىيىنىڭ باتالىيونىنى كېچىلەپ غۇلجىغا يۆتكەپ كەلدى، ئاچال، جىڭدىكى 21 ـ پولكقا كېچىلەپ ياردەمگە كېلىش ھەققىدە جىددىي تېلېگراممىا ئەۋەتتى.

پارتىزانلارنىڭ لېسكىن (رۇس) باشچىلىقىدىكى ئەترىتى ئۈرۈمچى ـ غۇلجا تاشيولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغان كەڭساي، تەلكە داۋىنىنى ئىگىلەپ، ئىستىھكام ياساپ يولنى ئېتىپ،

يارده‌مگه كېلىدىغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بېرىشكە تەييارلاندى.
11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ قورچاق زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىسى 21 ـ پولكىنىڭ كوماندىرى جياڭ شۈەنچۈەن پولكقا بىۋاستە قاراشلىق ئەترەت، 1 ـ باتالىيون ۋە 3 ـ باتالىيوننىڭ بىر قىسىم ئەسكىرىنى باشلاپ سۇلتان ئۈۋەيس مازىرىدىكى بازىسىدىن غۇلجىغا كەلدى، ئۇلار شەھەرگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن پارتىزانلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى، يېرىم كۈنلۈك قاتتىق جەڭدىن كېيىن، بىرمۇنچە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى لەڭشاڭغا چېكىندى. ئىلقا ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىمۇ ئىلقا ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ، غۇلجىغا يارده‌مگە كەلدى. ئۇلار ھەرەمباغ ئەتراپىدا پارتىزانلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، شەھەر ئىچىگە كىرەلمىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە پارتىزانلار كوچا ئېغىزلىرىنى قامال قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئوق ـ دورا تەمىناتىنى ئۈزۈپ قويدى.
11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى، ئىلى قوزغىلاڭچىلار ھەربىي قوماندانلىق شتابى شەھەر بويىچە گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. پارتىزانلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، نۆۋەتتىلىق ھالدا گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ھەربىي قوماندانلىق شتابى، قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى. سېيىت بىلەن قۇربان بۇرھاندىن قوماندانلىق قىلغان پارتىزانلار ئەترىتىدىكى 170 كىشى قوللىرىغا تاياق ـ توقماق، نەيزە ئالغان 400 ~ 500 ئاممىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ھەربىي قوماندانلىق شتابىغا ھۇجۇم قىلدى. كەسكىن جەڭ ئىككى سائەت داۋاملاشتى. ساۋرىلىڭ قالدۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى، مۆتىۋەر ـ سودىگەرلەر ۋە ئائىلە

تاۋابىئاتلاردىن 4000 چە كىشىنى باشلاپ ھەرەمباغقا چېكىندى.
گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ھەربىي قوماندانلىق شتابىنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا گومىنداڭنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكىرىدىن 32 سى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، 22 مىلتىق غەنىيمەت ئېلىندى. بۇ ئۇرۇشتا پارتىزانلار 1 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ كوماندىرى سېيىت ئېغىر يارىلىنىپ، شۇ كۈنى كەچتە قۇربان بولدى. ئىلى قوزغىلاڭچىلار ھەربىي قوماندانلىق شتابى قورچاق ھەربىي قوماندانلىق شتابى ئورنىغا كۆچۈپ كىردى. غېنى باتۇر قوماندانلىق قىلغان پارتىزانلار ئەترىتى 500 چە ئاممىنىڭ ماسلىششى ئارقىسىدا، قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار دۈشمەننىڭ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىدى. سېيىتنىڭ ئورنىغا 1 ـ چوڭ ئەترەتكە قوماندانلىق قىلىشقا تەيىنلەنگەن قۇربان بۇرھاندىن پارتىزانلارنى باشلاپ ھاۋارابى ئىستانىسىغا كىرىۋالغان گومىنداڭ قوشۇنىغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى، بۇ ھۇجۇمدا دۈشمەننىڭ 11 ئادىمى ئۆلتۈرۈلدى، 27 مىلتىق غەنىيمەت ئېلىندى، ئۇلار مۇشۇ غەلىبىنىڭ ئىلھامى بىلەن قورچاق غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە قورچاق غۇلجا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.
11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى غېنى باتۇر قوماندانلىقىدىكى 2 ـ چوڭ ئەترەت قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەتراپى كىچىك سېپىل بىلەن قورشالغان بولغاچقا، دۈشمەننىڭ مۇداپىئە كۆرۈشىگە ئەپلىك ئىدى، بۇ يەردىكى دۈشمەننىڭ كۈچى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم ئىككى تەرەپتىن قىلىندى. غېنى باتۇر ئەترىتى شەرق تەرەپتىن، ئارۇپ ئەۋزى

ئەترىتى غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. جەڭ قاتتىق تىركىشىش باسقۇچىغا كىردى.
پارتىزانلار ئىككى كۈنلۈك كەسكىن جەڭ ئارقىلىق 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى. بۇ كۈنى غېنى باتۇر بىرقانچە پارتىزان بىلەن بىللە سېپىل تۈۋىگە قەيسەرلىك ۋە مەردانىلىك بىلەن ئۆمىلەپ بېرىپ، دەرۋازىنى پارتلىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئىچىگە كىرىدىغان يول ئېچىلدى. پارتىزانلار قورۇ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا مۆكۈنگەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى، ئارقا ئەۋزى ئەترىتى غەرب تەرەپتىكى سېپىلدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بەردى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرىدىن 50 ~ 60 ى «لاخا، لاخا! يىسلاڭ ـ مۇسلىن! » ( «لائىلاھە، ئىسلام ـ مۇسۇلمان بولىمەن» ) دەپ، تەسلىم بولدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىر چوڭ مەخپىي زالىغا جاسۇسلارنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن ھەر مىللەت ياشلىرى، زىيالىيلار ۋە مۆتىۋەرلەردىن 1000 غا يېقىن كىشى قاماپ قويۇلغانىدى. ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا، قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۇ يەرگە قامالغانلاردىن خېلى بىر قىسمىنى قىرغىن قىلىپ، 60 چە ساقچىنىڭ ھىمايىسىدە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە بىرقانچە ئون مەمۇرىي ئەمەلدارنى ئېلىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىدىن بۆسۈپ چىقىپ، دەريا ياقىلاپ سۈمۈل ناھىيىسى ئارقىلىق كۈرەگە خۇپىيانە قېچىپ كەتتى. قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى كېچىككەن بولسا، ئۇ يەرگە قامالغانلارنىڭ ھەممىسى تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن بولاتتى. پارتىزانلار ساقچى ئىدارىسىدىكى دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىرگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرمە ئىشىكىگە سېلىنغان شادىقۇلۇپنى چېقىپ، قامالغانلارنى

ئازاد قىلدى. يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغازار بىلەن تۈرمىدىن قورۇغا ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ياشلارغا ئابدۇكېرىم ئاباسوف:

— قولغا چۈشكەن قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، سېپىمىزگە قوشۇلۇپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىڭلار! — دەپ خىتاب قىلدى.

200 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ياشلىرى جەڭدە غەنىيمەت ئېلىنغان قورال - ياراغلار بىلەن قوراللىنىپ، پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلدى. پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرىدىن 107 كىشىنى ئەسىرگە ئالدى، 190 نەچچە ھەرخىل قورال - ياراغ، 300 قول بومبىسى، 30 مىڭ پايدىن ئارتۇق ئوقنى غەنىيمەت ئالدى. شۇ كۈنى 10 نەچچە قورچاق ساقچىخانا، باش ئامبار، قىرائەتخانا قاتارلىق ئورۇنلار ئىشغال قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ئاساسلىق تايانچ پونكىتلىرى پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭچى ئاما تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ بولدى، غۇلجا شەھرىنىڭ 80% تىن ئارتۇق كۆلىمى ئازاد قىلىندى. گومىنداڭنىڭ 3 - ئامبىرىنى ساقلاۋاتقان 400 دىن ئارتۇق ئەسكىرى تەسلىم بولۇپ ھەقىقەتكە قايتتى، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان يەرلىك ئاھالە بولۇپ، ئۇلاردىن بەزىلىرى پارتىزانلار سېپىگە كىردى.

بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك ئۇرۇشتا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىر باتالىيون ئەسكىرىي كۈچى (ئادەم سانى 400 دىن ئارتۇق) يوقىتىلدى، 150 دىن ئارتۇق ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى. ساۋ رىلىڭ گومىنداڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىلىدىن ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى، جايلاردىن قېچىپ كەلگەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، شۇنىڭدەك بىر قىسىم خەنزۇ ئاممىسى بولۇپ 8000 دىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ، شەھەر ئەتراپىدىكى

هەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تايانچ پونكىتقا چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن، غۇلجا قوزغىلىڭى دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبىگە ئېرىشتى.

ئازادلىق تەشكىلاتى مەخپىي ھەرىكەت باسقۇچىنى غەلىبىلىك تاماملىدى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مىللىي ئىنقىلابتىكى قوراللىق كۆرەشتە يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. شۇ كۈنى ئازادلىق تەشكىلاتى غۇلجا شەھىرىدىكى «ئۇقاق» (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز) كۇلۇبىدا يىغىن ئېچىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئېلىخان تۆرە، ھاكىمبەگ غوجا، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، رەخىمجان سابىر ھاجى، مۇھەممەدجان مەخسۇم، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ھەبىب يۈنىچى، ئەنۋەر مۇسابايوف، پائۇل پاۋلوۋىچ موسكالىيېف، ئوبۇلخەيرى تۆرە، پوجە ئامبال، جانى يولداش، سالىجانباي باباجان، ئابدۇلمۇتەئالى خەلپەم، پېتېر رومانوۋىچ ئالېكساندروف، غېنى مۇھەممەدباقىدىن ئىبارەت 16 ئادەمدىن تەركىب تاپتى. ئېلىخان تۆرە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، ھاكىمبەگ غوجا مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى. يىغىندا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى تېگى يېشىل، ئوتتۇرىسىغا سېرىق ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ، دەپ قارار قىلىندى. يىغىندا يەنە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئورگانلارنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىش ۋە ئۇيغۇرچە، رۇسچە «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنى نەشر قىلىش، ھەربىي قوماندانلىق شتابىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت پارتىزانلار ئەترىتى باش قوماندانلىق شتابىغا ئۆزگەرتىش، ئالېكساندروفنى باش قوماندانلىققا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

شۇ كۈنى ماقۇللانغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق قارارىدا ھەبىب يۈنىچى مائارىپ ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا، ئەنۋەر مۇسابايوف مالىيە ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا، ئوبۇلخەيرى ماميان چارۋىچىلىق ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا، سالىجانباي باباجان دېھقانچىلىق ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا، مۇھەممەدجان مەخسۇم ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپاراتلىرى پەيدىنپەي تولۇقلاندى، جۈملىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا (كېيىنچە تەشۋىقات ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا)، رەخىمجان سابىر ھاجى ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا، ئۆمەرجان پىرمەت مۇئاۋىن ۋازىرلىقىغا، سەيپىدىن ئەزىزى مائارىپ ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا، مەھەممەتئىمىن كەرىموف باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، جانى يولداش بەيتۇلمال ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، سالىجانباي باباجان خەلق دەۋا ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، سۇلايمان ئەپەندى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئابدۇلمۇتەئالى خەلپەم دىنىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا، داۋۇت ساتتار پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، زېرىپ قارىيھاجى ئالىي مەھكىمە شەرئىيەنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ئىدارىسى قۇرۇلدى، ھەبىب يۈنىچى ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى (كېيىن ھۈسەيىن ناسىروف ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى). شۇ كۈنى بۇ گېزىت غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە، خەنزۇچە(خەنزۇچىسىنىڭ نامى «ئەركىن شەرقىي تۈركىستان») نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت توققۇز ماددىلىق سىياسىي پروگراممىا

ئېلان قىلدى. بۇ توققۇز ماددا تۆۋەندىكىچە:

1. گومىنداڭنىڭ ھەرخىل ئىستىبدات سىياسەتلىرىنى بىكار قىلىش؛ 2. ھۆكۈمەتنى دېموكراتىك ھاكىمىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ 3. ئارمىيە خەلققە مەنسۇپ بولۇش؛ 4. ھەممە مىللەت بابباراۋەر بولۇش؛ 5. دىنىي ئېتىقادقا ھۆرمەت قىلىش؛ 6. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى خەلق سايلاش؛ 7. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى يولغا قويۇش؛ 8. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ 9. ئۇيغۇر يېزىقىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان يېزىقى قىلىپ بېكىتىش.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىشقا كىرىشىپ، غۇلجا شەھىرى ئىچىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقىنى بىلەن، شەھەر ئەتراپىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلار بولغان ھەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسى يەنىلا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ھەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسىغا تىقىلىپ، قاتتىق مۇداپىئە تۇتۇپ ياتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىر دېڭىز يېرىدىن ئېشىپ، 10 مىڭ كىشىگە يېتىپ باراتتى. بۇ قوشۇن ئورۇمچىدىن ھەربىي ياردەم كېلىشى بىلەن پارتىزانلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشى ئېھتىمال ئىدى. شۇڭا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي قوماندانلىق باش ئورگىنىنى تەسىس قىلىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى گومىنداڭ قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىش ئىشىنى ۋاقتىدا ۋە پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 2 ـ سانلىق يىغىنىدا پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. ئالېكساندېر باش قوماندانلىققا، ۋالۇدە، زۇنۇن تېيىپوفلار مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا، ئابدۇرېھىم ھەسەنوف سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل

مۇئاۋىن باش قوماندانلىقتا، مازاروف شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ باش قوماندانلىق شتابىغا ھەممە ئۇرۇش مەيدانلىرىغا قوماندانلىق قىلىش، ئەسكەر يۆتكەش، ھەربىي سەپكە كىرىشكە سەپەرۋەر قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى.

پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى:

1. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى بۆلۈپ قورشىۋېلىپ، 1944 ـ يىلى ئاخىرىغىچە ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى گومىنداڭ قوراللىق كۈچلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش؛ 2. ئاچال، كەڭساي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەسكىرىي ياردەمنى كۆپەيتىش ئېھتىمالى بولغان جايلاردا مۇداپىئەنى كۈچەيتىش؛ 3. جايلاردىكى تارقاق پارتىزان ئەترەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، تەرتىپكە سېلىش؛ 4. ئۇرۇشتا غەنىيمەت ئېلىنغان قورال ـ ياراغ قاتارلىق نەرسىلەرنى قايتا تەقسىملەش؛ 5. گومىنداڭ ئىگىلەپ تۇرغان رايونلارغا رازۋېدكا قىسىملىرىنى ئەۋەتىش، كىچىك كۆلەمدىكى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللەش.

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىسھاقبەگ مونونوف ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرلىرى ئالېكساندېر (يەنە بىر ئىسمى ئىسكەندەر)، ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوفلار تاتار، قىرغىز، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان بىر باتاليون ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ، ھەرەمباغقا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشتى. ئىسھاقبەگ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پارتىزانلار قوشۇنىغا قوشۇلۇشى شىجائەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان پارتىزانلارغا كۈچلۈك مەدەت بەردى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پارتىزانلارنىڭ بىر تارمىقى توققۇزتارا، قىزىل كۈرە، كۈنەس ناھىيىلىرى دائىرىسىدىكى

ئۇرۇشتا غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، بۇ جايلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پارتىزانلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى موڭغۇلكۈرەدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەبجىقىنى چىقىرىۋەتتى. 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى موگوتنوف، ئىسھاقوف، سەيىد ئەخمەت پارتىزانلىرى شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن تۆت سائەتلىك كەسكىن جەڭدىن كېيىن، چىلپەڭزە ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ يەردىكى گومىنداڭ ھەربىي، ساقچىلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىلى پارتىزانلىرى ئايرودرومنىڭ رادىئو ئىستانسىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئايرودرومغا قىستاپ كەلدى ۋە مىناميوت بىلەن ئايرودرومنى ئوققا تۇتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى بۇ ئايرودرومغا قونالمايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ چىقالمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، گومىنداڭچىلار ھاۋا ئارقىلىق توشۇشنى ھاۋادىن تاشلاشقا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، پارتىزانلار مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى بارغانسېرى تارايتىپ، ھاۋانى ئوت كۈچى بىلەن قاتتىق قامال قىلغانلىقتىن، ھاۋادىن تاشلانغان ماددىي ئەشيالارنىڭ 80 ~ 90 پىرسەنتى پارتىزانلارنىڭ سېپىگە چۈشتى.

پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى ئىككى پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنى ھەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسى قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا داۋاملىق قورشاپ زەربە بېرىش، دۈشمەننىڭ ھاۋادىن ياردەم قىلىشىنى چەكلەش، پۇرسەت كەلگەندە ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا ئورۇنلاشتۇردى. باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، 350 كىشىلىك غېنى باتۇر ئەترىتى، 400 كىشىلىك ئاروپ ئەۋزى ئەترىتى، كېيىن پولكوۋنىك لېسكىن قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق پولك كەڭسايغا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ

ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يۈرۈپ كەتتى. پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا شىمالدىن كېلىدىغان ياردەمنى توسۇش ئۈچۈن، ئاچال ئارقىلىق ھەرقايسى مۇھىم ئۆتكەل، تاغ ئېغىزلىرىنى ئىگىلەشكە بىر ئاتلىق پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنى ئەۋەتتى.

غۇلجا شەھىرىدە دۈشمەننى ھەممە تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ھەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسىنى ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلىش تەييارلىقى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. بۇ جەھەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپە خەلقنى تەشكىللەش، پارتىزانلار ئەترەتلىرىنى رەتكە سېلىپ ۋە ئىخچاملاپ، مۇنتىزىمچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش، ھەربىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ۋەزىپىلەر تېز ۋە پۇختا ئورۇندىلىپ، دۈشمەنگە قارشى ئىركىشىش ئورۇشى قانات يېيىپ كەتتى.

ئومۇمىي خەلق قوراللىنىپ، پارتىزانلار قوشۇنى تېخىمۇ ئۇلغايدى. شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى 30 ئورۇندا خەلق قوراللىق ئەترەتلىرى ۋە شتابلىرى قۇرۇلدى. قوراللانغان خەلق 20 مىڭغا يەتتى. بۇ قوراللىق كۈچلەر ئىچىدە تۆۋەندىكى چوڭراق مۇنتىزىم قوراللىق قىسىملار بار ئىدى:

1) سېرىيوژا لاپشىن ئەترىتىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان، رۇس ياشلىرى ۋە باشقا مىللەت ياشلىرىدىن تەركىب تاپقان پىدائىيلار پولكى، مەسلىھەتچى پولكوۋنىك فېدايوف پولك كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان بۇ پولكتا قاتناشقانلار 1200 كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ پولكنى ئاساس قىلغان ھالدا قۇرۇلغان تارماق قوماندانلىق شتابى سېرىيوژا لاپشىن، پولكوۋنىك مازاروف، پولكوۋنىك گېرېبېنكو، ئالېكساندېر، ۋالۇدەلەردىن تەركىب تاپتى. بۇ تارماق قوماندانلىق شتابى

شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسابايوفلار قورۇسى ئىدى. 2) پاتىخ مۇسلىموف، ماناپقان، ئوسمان باتۇر ئەترەتلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان غۇلجا ئاتلىق پولكى، قېيىۇمبەگ غوجا پولك كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان بۇ پولك ئايرودرومدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكامىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن شۇ ئەترابقا بېرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ پولك 30 ئورۇندىكى پىدائىي ياشلاردىن تاللىنىپ تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئادەم سانى 1600 گە يېتەتتى. پولكنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىنى ئوقۇتقۇچىلار، زىيالىيلار ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ سىياسىي ئېڭى يۇقىرى، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك ئىدى. 3) شىرىپ گەيجاڭ، بالتىيوف پىدائىيلار ئەترەتلىرى ۋە سايىبويى رۇسلار ئەترەتلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان غۇلجا 1 ـ ئاتقۇچىلار ئاتلىق پولكى، مەسلىھەتچى پولكوۋنىك نوغايبايوف پولك كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان بۇ ئاتلىق پولك ئاچالدىن كېلىشى ئېھتىمالى بولغان گومىنداڭ قوشۇنىغا قارشى يوقىتىش جېڭى قىلىش ۋە ھەرەمباغدىن قىلىنىش ئېھتىمالى بولغان ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا تەيىنلەندى. ھەر مىللەت ياشلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ پولكتا 1800 ئادەم بار ئىدى. نوغايبايوف سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشلاپ كىرگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى قوغدىغۇچى بىر جەڭگىۋار روتا كونسۇلخانا ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4) كېرىم ھاجى ۋە مەنسۇر لومىيوف قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق دىۋىزىيون، 500 كىشىلىك بۇ ئاتلىق دىۋىزىيون لەڭشاڭ بۇتخانىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن شۇ ئەترابقا يېتىپ باردى. بۇ ئاتلىق دىۋىزىيوننىڭ بىر ئاتلىق ئېسكادرونى سۈيدۈڭ، كۈرەلەرنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. سۈيدۈڭ، كۈرەلەردە خۇيزۇلار كۆپ بولغاچقا،

قوشۇننى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. بۇ ئاتلىق ئېسكادورون 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۇ يەرلەرگە يېتىپ بېرىپ، ھەرىكەتنى باشلىۋەتتى.

پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى ئەۋەتكەن غېنى باتۇر قوماندانلىقىدىكى ئىلى پارتىزانلىرى بۇلغۇنوف ئىردە رەھبەرلىك قىلغان يەرلىك پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئارشاڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىككى كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، پارتىزانلار ئارشاڭ ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلدى. بۇ جەڭدە گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 70دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سۈيدۈڭ ناھىيىسى، 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كۈرە ئازاد قىلىندى.

1945 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن ئىلى پارتىزانلىرى تېخىمۇ جانلىنىپ، يېڭى يىلدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ ئىلى ئىنقىلابىنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن، بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى.

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پارتىزانلار ھەرخىل كالىبىرلىق مىناميوتلار بىلەن لەڭشاڭ بۇتخانىسى ۋە ھەرەمباغقا كۈچلۈك ئوت ئاچتى. دۈشمەنمۇ جۇشاۋلياڭغا جەڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ياردەم بەرگۈچى قوشۇن يېتىپ كېلەلمىسە، باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەن ئۆلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، پارتىزانلار گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىھكاملىرىنى قاتتىق توپقا تۇتتى، كۈنىگە 5000 پايدىن كۆپرەك توپ ئوقى ئېتىلدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىستىھكاملىرىنىڭ نۇرغۇن جايى ۋەيران قىلىندى، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ پولك، باتاليون، روتا كوماندىرلىرىدىن بىرمۇنچىسى يارىدار بولدى، ئۆلاردىن تۆۋەن

دەرىجىلىك ئوفىتسېرلاردىن ۋە ئەسكەرلەردىن ئۆلگەن، يارىلانغانلار خېلى كۆپ بولدى، 19 ـ پولك 1 ـ باتالىيونىدىن 40 نەچچىلا ئادەم قالدى.

جۇ شاۋلياڭ ئاچال قاتارلىق تاغ ئېغىزلىرى ئارقىلىق غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش پىلانىنى تېزدىن يولغا قويۇش ئۈچۈن، 29 ـ ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى لى تيېجۈننى جىڭخا ئەۋەتىپ، غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. لى تيېجۈن 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جىڭخا يېتىپ كېلىپ، دەرھال يېڭى 45 ـ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى شيې يىفېڭ، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى لى يۇشياڭ قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان يېڭى 2 ـ كورپۇس ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورنى تەشكىللىدى. لى تيېجۈننىڭ غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ھەربىي ئىشلار پىلانى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. شيې يىفېڭ يېڭى 45 ـ دىۋىزىيىنىڭ 1 ـ پولكى، 3 ـ پولكىنىڭ 1 ـ باتالىيونىنى تايانچ قوشۇن قىلىپ، قوشئەمچەكتىن يولغا چىقىپ، كۆگىرچىن داۋىنى ئارقىلىق غۇلجىغا يۈرۈش قىلدى. بۇ تايانچ قوشۇن يول بويى پارتىزانلار بىلەن كەسكىن تۇتۇشۇپ، توغراسۇ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پەنجىمنىڭ شىمالىدىكى پىلىچى غولىغا يېتىپ كەلدى، بۇ جاي بىلەن غۇلجا ئايرودرومىنىڭ ئارىلىقى 20 نەچچە كىلومېتىرلا كېلەتتى. گومىنداڭنىڭ ياردەم بەرگۈچى قوشۇنىدىكى 800 گە يېقىن كىشى جېلىلىيۈزىگە قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

دەل ئەنە شۇ پەيتتە، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۆرەڭ گېنېرالى دۇ دېفۇ ھەرەمباغدىكى 1000دىن ئوشۇق قانخور ئەسكىرىنى باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ شىمال تەرىپى ئارقىلىق ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت

جايلاشقان ئورنىغا ھۇجۇمغا ئۆتتى. دۇتوۋنىڭ پىلانى چوڭ
قوشۇن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت خىزمەت
بىناسىنى ئىگىلەش ئىدى. مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە يۈرىكى
قېپىدىن چىقىپ كەتكەن توخۇ يۈرەك ئالېكساندىر، ۋالۇدەلەر
ئولجا ئالغان نەرسە - كېرەكلىرىنى ئاپتوموبىلغا قاچىلاپ،
قورغاس تەرەپكە قاراپ قاچتى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت
ئالېكساندىرنى باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ،
ئورنىغا پالىنوفنى باش قوماندانلىققا تەيىنلىدى. دۈشمەن
قوشۇنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت خىزمەت بىناسىنىڭ شەرقىي تېمىغا
يېتىپ كەلگەندە، فېدايوف، نوغايبايوف ئەترەتلىرى قايتۇرما
ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۇتوۋ قوشۇنىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.
كونسۇلخانىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تام ئىچىگە يوشۇرۇنغان
نوغايبايوفنىڭ ئالاھىدە ئەترىتى دۈشمەننى چالغا بىلەن بېدە
ئورغاندەك قىرىپ تاشلىدى. چۇقان سېلىپ، داد - پەرياد
كۆتۈرگەن دۈشمەن قوشۇنى يول بويى 700 دەك ئۆلۈكى ۋە
قورال - ياراغلىرىنى تاشلاپ ھەرەمباغقا قېچىپ كىرىۋالدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت گومىنداڭنىڭ ياردەمگە كەلگەن
قوشۇنى قىستاپ كېلىۋاتقان ئەھۋالدا غۇلجىدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنى ئىنقىلابنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى قوغداشقا جىددىي
سەپەرۋەر قىلدى. تۇركۈم - تۇركۈملىگەن ئاما پارتىزانلار
سېپىگە قىزغىنلىق بىلەن قاتناشتى. يېڭىدىن تەشكىللەنگەن
پارتىزانلار ئەترەتلىرى ئۈزلۈكسىز تۇردە ئالدىنقى سەپكە
ئاتلاندى. ئىسھاقبەگ ئاچال تەرەپتىكى پەن يۈرىنىڭ تارماق
قوشۇنىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلدى. پارتىزانلار
ئاچال بىلەن پەنجىم ئارىلىقىدا دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى
ئېلىپ كىرىش، سەپنى ئۇزارتىپ، دۈشمەننى بۆلۈۋېتىپ
يوشۇرۇن زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ياردەمگە
كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز يوقاتتى.

ئاچالدىن چېقىقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى جېلىلىيۇزىدىكى سايلىققا كېلىپ قالدى. ھەرەمباغدىن دۇربۇن بىلەن قارىسا، جېلىلىيۇزىدىكى چوڭقۇر سايدا كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ياردەمگە كېلىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن ھەرەمباغدىكى گومىنداڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئۈزۈلگەنىدى. ئەنە شۇ ھالقىلىق پەيتتە گېربېنكو ۋە پولكوۋنىك فېدايوفلار قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار جېلىلىيۇزى ئەتراپىدا دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ، قەھرىمانلىق بىلەن ئېلىشتى. تۆرە ئورۇس ۋە ئىۋانلار تەشكىللىگەن پىدائىيلار ئەترىتى شەرقىي يان تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىر كېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، دۈشمەن ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلدى. توغراسۇدا ئىسھاقبەگ قوماندانلىقىدىكى نۇرۇم، ھوشۇرەم، تورغايوف، قۇنانباي ئەترەتلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان بىرلەشمە قوشۇن 2 - قېتىم بۆسۈپ چىققان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 2000 غا يېقىن ئادىمىنى ئەلتۆكۈس يوقاتتى. پاتىخ مۇسلىموف، رەپىق بايچۇرىن قوماندانلىقىدىكى ماناپقان، ئىۋان، سەيدەخمەت ئەترەتلىرى ئاچالدىن 2 - قېتىم بۆسۈپ چىققان 3000 غا يېقىن كىشىلىك گومىنداڭ قوشۇنىنى «تاغ ماھارىتى تاكتىكىسى» نى قوللىنىپ، شىددەت بىلەن تۇيۇقسىز قورشاپ يوقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈردى. 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، شىيې يىفېيڭ باشلاپ كەلگەن قوشۇنمۇ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئاز بىر قىسمى كۆكسىرچىن داۋىنىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، جۇشاۋلياڭنىڭ غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش پىلانى ئاخىرقى ھېسابتا ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولدى. بۇ قېتىمقى توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا پارتىزانلار گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 1300 ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى، 160 ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى،

ئۈچ مىناميوت، 20 نەچچە ئېغىر، يېنىك پىلىموت، 700 دىن ئارتۇق مىلتىق ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى.

گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۈچ يول ئارقىلىق غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ھەربىي پىلانى ئۇزۇل ــ كېسىل تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرەمباغ ئېگىزلىكىدە مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىشقا تۇتۇش قىلدى. 1945 ــ يىلى 1 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى 6 ــ سانلىق يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە ئەخمەتجان قاسىمى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى ۋە ئۇنىڭغا پودپولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پارتىزانلارنىڭ قوماندانلىق كۈچىگە يەنە بىر قابىل كۈچ قوشۇلدى.

ھەرەمباغ ــ غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەر بويىچە ئەڭ يۇقىرى يەرگە جايلاشقان ئورۇن. ئۇنىڭ شىمال تەرىپى ئايرودروم بىلەن، شەرق تەرىپى لەڭشاڭ بۇتخانىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ھەرەمباغ ئۇزۇندىن بۇيان ئەسكەر تۇرغۇزۇلىدىغان ئورۇن بولۇپ كەلگەن. 1945 ــ يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭنىڭ ھەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئەسكىرىي كۈچى مۇنداق ئىدى: ھەرەمباغنى ئۈچ باتاليون ئەسكەر مۇداپىئە قىلىپ تۇراتتى، بۇ قوشۇننىڭ كوماندىرى گومىنداڭنىڭ زاپاس 7 ــ دىۋىزىيە 19 ــ پولكىنىڭ كوماندىرى پېڭ جۇنيې ئىدى؛ ئايرودرومنى بىر باتاليون ئەسكەر مۇداپىئە قىلىپ تۇراتتى، بۇ قوشۇننىڭ كوماندىرى گومىنداڭنىڭ 128 ــ دىۋىزىيە 383 ــ پولكى 3 ــ باتاليونىنىڭ كوماندىرى لى چى ئىدى؛ لەڭشاڭنى بىر باتاليون ۋە بىر روتا ئەسكەر مۇداپىئە قىلىپ تۇراتتى، بۇ قوشۇننىڭ كوماندىرى

گومىنداڭنىڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە 21 ـ پولكىنىڭ كوماندىرى جياڭ شۈەنچۈەن ئىدى.

1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەھەردە، ئىلى پارتىزانلىرى ھەرەمباغ ۋە لەڭشاڭ بۇتخانىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەن گازارمىسىنىڭ تام تۈشۈكلىرى ۋە يەر ئۈستى ئىستىھكاملىرىدىن پايدىلىنىپ پارتىزانلارغا پىلىموت، مىلتىقلاردىن ئوق ياغدۇردى. شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل ئەنە شۇ كۈندىكى شىددەتلىك جەڭدە ھەرەمباغ مەھەللىسى شاھاجىنىڭ بېغىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش داۋامىدا ئوق تېگىپ يىقىلغان پارتىزانلارنى قۇتقۇزۇش ۋاقتىدا دۈشمەننىڭ ئوقى تېگىپ قۇربان بولدى. ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈلنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى پارتىزانلار ئارىسىدا تېز تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تېخىمۇ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىش ئىرادىسىگە كۈچلۈك ئىلھام بەردى. 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، پارتىزانلار تۆمۈرچى ئۇستىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تراكتورنى برونېۋىكقا ئۆزگەرتىپ، توپ ئوقىنىڭ ھىمايىسى بىلەن ھەرەمباغدىكى دۈشمەنگە ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سەپ پوزىتسىيىسىنى ۋەيران قىلىپ، بىر روتا دۈشمەننى يوقاتتى، 19 ـ پولكىنىڭ كوماندىرىنى يارىلاندۇردى. مەنسۇر لومىيوفنىڭ ئاتلىق دىۋىزىيونى لەڭشاڭ بۇتخانىسىغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، تىركىشىش جېڭى ئارقىلىق بۇ يەردىكى دۈشمەننى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

پارتىزانلار قوشۇننى رەتكە سالغاندىن كېيىن، 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، ھەرەمباغ قاتارلىق تايانچ پونكىتلارنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ مونونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، زۇنۇن تېيىپوفلارنىڭ

قوماندانلىقىدا پارتىزانلارنىڭ تاغ ئەترەتلىرى ۋە غۇلجىدىكى ئەترەتلىرىدىن بىرلەشمە ھۇجۇمچى قوشۇن تەشكىللەندى. 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى قالدۇق قوشۇنلىرىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. شۇ كۈنى سەھەردە، پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ جاھىل قالدۇق كۈچلىرى بىسىپ ياتقان ھەرەمباغنى مىناميوت بىلەن شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشنى ھۇجۇمنىڭ باشلىنىشى قىلدى. كۆيدۈرگۈچى ئوقلار دۈشمەننىڭ تايانچ پونكىتىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنىڭ بىتچىتىنى چىقاردى. پىيادە پارتىزانلار مىناميوت ۋە پىلىموت ئوقىنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە پارتىزانلار لەڭشاڭ بۇتخانىسىنى ئالدى ۋە گومىنداڭنىڭ پولك كوماندىرى جياڭ شۈەنچۈەننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. قالدۇق دۈشمەن ئايرودرومغا قېچىپ كەتتى. پارتىزانلار كەچ سائەت 10دا ھەرەمباغنى ئالدى. ھەرەمباغنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان پېڭ جۇنيې قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ ئايرودرومغا قېچىپ كەتتى. پارتىزانلار ھەرەمباغنى ئالغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تايانچ پونكىتى ئايرودرومغا ھۇجۇم باشلىدى.

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، پارتىزانلار ئايرودرومغا داۋاملىق شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە دۇدېفۇ، ساۋرىلىڭلار 1000 كىشىلىكتىن كۆپرەك قالدۇق قوشۇنى ۋە 3000 دىن ئارتۇق خەنزۇ ئاھالىسىنى باشلاپ مۇھاسىرىدىن چىقىپ قېچىپ كەتتى. ئۇلار 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىغا 20 كىلومېتىر كېلىدىغان پىلىچى غولىغا يېتىپ كەلگەندە، پارتىزانلار ۋە ئۇرۇشقا قاتنىشۋاتقان ئاممىنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالدى. شىددەتلىك جەڭ بىر كۈندىن ئارتۇق داۋام قىلدى. دۇ دېفۇ،

ساۋ رىلىڭ، پىڭ جۇنيې قاتارلىقلار جەڭدە ئۆلدى، گومىنداڭ ئىلى ۋىلايەتلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ شۇجىجاڭى جاڭ يۇ ئەسىرگە ئېلىندى. ئەسكەرلەر بىلەن ئاھالىلەر پىتىراپ كەتتى، گومىنداڭ قالدۇق قوشۇنىنىڭ ئامان قالغان ئادەملىرى ئەسىرگە ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى قالدۇق قوشۇنى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى ۋە غۇلجا تولۇق ئازاد قىلىندى.

ھەرەمباغ ئۇرۇشى 80 نەچچە كۈن ئۇزۇلمەي داۋام قىلدى. پارتىزانلار بۇ ئۇرۇشتا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 1600 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، 3700 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى (بۇنىڭ كۆپ قىسمى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، پومېشچىك، گۆرۈكەش، سودىگەر قاتارلىق خەنزۇ ئاھالىسى)، 2100 دىن ئارتۇق مىلتىق، 98 ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت، بەش مىناميوت، ئىككى زېنىت پىلىموت، ئۇچۇش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان 54 ئايروپىلان (ئايرودرومنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان گومىنداڭ قوشۇنى بۇزۇۋەتكەن)، 16 ئاپتوموبىل، سەككىز راتسىيە ۋە باشقا نۇرغۇن ھەربىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ ئۇرۇشتا پارتىزانلار ۋە ئوق ـ دورا توشۇپ بەرگەن ئاممىدىن 250 نەچچە كىشى قۇربان بولدى.

غۇلجا تولۇق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلىرى ئەمىنلىككە ئېرىشىپ، يۈكسەك شىجائەت بىلەن ئۆز خىزمەتلىرىنى يولغا قويدى. «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ تىراژى ھەسسىلەپ ئېشىپ، خەلقنىڭ قەلبىنى ئىنقىلاب نۇرى بىلەن يورۇتتى. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جىڭدىن باشقا ھەممە يېرىنى بىرلىككە كەلتۈردى (شۇ چاغدا جىڭ،

بورتالا، ئارشاڭ ناھىيىلىرى ئىلى ۋىلايىتىگە قارايتتى) . ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردە خەلق ھاكىمىيەت ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ، خەلق چەكسىز شادلىققا چۆمدى.

ئىلىقىدا باشلانغان قوراللىق ئىنقىلابتىن تارتىپ غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنغانغا قەدەر بولغان جەڭلەردە، ئۇرۇم، رەپىق بايچۇرىن، سىرىيوژا لاپشىن، غېنى باتۇر، ھوشۇرەم، مۇساجان، ئەكبەر، خەمىت، رىزۋانگۇل قاتارلىق شىر يۈرەك مەرد قەھرىمانلار، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ھەبىب يۇنىچى، سەيپىدىن ئەزىزى، قاسىمجان قەمبىرى، ئەسئەت ئىسھاقوف، رەخىمجان سابىر ھاجىيوف، پاتىخ مۇسلىموفتەك يۈزلىگەن ئىنقىلابىي رەھبەرلەر، گېنېرال ئىسھاقبەگ مونونوف، پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوف، پولكوۋنىك لىبىسكىن، پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇبۇروف، پولكوۋنىك مەرغۇب ئىسھاقوف، پولكوۋنىك ئايتۇغان يۇنىچېف، پولكوۋنىك نىغمەت ئىلھامجانوف، پولكوۋنىك رۇسۇلوف، پودپولكوۋنىك تۇردىيوف ئابدۇرېشىت، پودپولكوۋنىك شۇمۇتوڭ، ئارىپ ئەۋزى، مايور پوروخوف، مايور ۋالىنوف، مايور ھۇسەيىن غازى، مايور ئابدۇرېھىم سامساق، مايور خەمىتوف فوئات، مايور گىمادىيوف مالىك، مايور ئەسئەت تېيىپوف، كاپىتان سەيدەخمەتوف تۇرسۇن قاتارلىق بىرقانچە يۈزلىگەن تالانتلىق ھەربىي قوماندانلار يېتىشىپ چىقتى، جۇملىدىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەربىي قوماندانلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى قۇرۇلغۇسى مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنى كۈچەيتىش، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش بىلەن چوڭ - چوڭ جەڭلەردە غەلىبە قازىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق غۇلجا ناھىيىسى، توققۇزتارا، كۈنەس، قىزىل كۈرە، سۇمۇل ناھىيىلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن ئازاد قىلىندى. سۇمۇل ناھىيىسىدە شىبە خەلقىنىڭ قەيسەر

ئەزىمەتلىرىدىن شۇمۇتۇڭ، باۋسەن، باينتولارنىڭ رەھبەرلىكىدە شىبەلەردىن تەشكىل قىلىنغان پىدائىيلار ئەترىتى سۇمۇلدىكى بىر روتىغا يېقىن گومىنداڭ قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ناھىيىنى ئازاد قىلىش بىلەن ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇردى. بۇ ئەترەت كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، مايور باينتو رەھبەرلىكىدىكى 180 كىشىلىك ئاتلىق ئېسكادرونغا ئايلاندى ۋە ھەرەمباغ، ئاچال ئۇرۇشلىرىغا، كېيىن جىڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

ئىلى ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۇلدىن سىرت، مەلىكە، تۇخان (پولكوۋنىك سوپاخۇننىڭ رەپىقىسى)، ۋارىسخان، نەسىمە (تاتار)، شەپقە (تاتار)، شەۋقىيە (تاتار)، رەيھانگۇل، مەغمۇرە، زىنا (رۇس)، نىنا (رۇس)، ژىنا (رۇس)، ئايشەم (خۇيزۇ) قاتارلىق نۇرغۇن قەھرىمان شەپقەت ھەمشىرىلىرى بارلىققا كەلدى.

ئىنقىلابىمىزنىڭ توپ مەقسىتىنى چۈشەنگەن، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىمىزدىن تەسىرلەنگەن 100 گە يېقىن خەنزۇ ياشلىرىمۇ (كۆپچىلىكى تەسلىم بولغان ھەربىيلەر) پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشتى ياكى ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىدە بولدى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى كەمبەغەل ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئىنقىلابقا بەلگىلىك تۆھپە قوشتى.

# چىلپەنزە ناھىيىسىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

پارتىزانلار نىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ، غەرب تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلغان پەيتتە، چىلپەنزە(كونا قورغاس) ناھىيىسى ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم بىر جاي بولۇپ قالغانىدى، يەنى بۇ جاي پارتىزانلار ئەترەتلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش، قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلىرىدا ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغانىدى. گومىنداڭنىڭ چىلپەنزە ناھىيىسىدىكى قوراللىق كۈچلىرىنى دەرھال يوقىتىپ، چىلپەنزىنى ئازاد قىلغاندىلا، ىىزگە ئەركىن ھەرىكەت قىلىش شارائىتى يارىتىلاتتى. پارتىزانلار گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن غەنىيمەت ئالغان قورال ـ ياراغلار بىلەن قوراللانغان بولسىمۇ، ئىنقىلابىي ئورۇشنىڭ تېزدىن كېڭىيىپ بېرىش يۈزلىنىشىگە قارىغاندا، پارتىزانلار ئەترەتلىرىنىڭ قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىغا بولغان ئېھتىياجى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. غۇلجا شەھىرىدە ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغان، سۈيدۈڭ، كۈرەلەر تېخى ئازاد قىلىنمىغان پەيتتە، سۈيدۈڭ، كۈرەلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چىلپەنزە ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۈيدۈڭنى قورشاپ ياتقان موگوتنوف پارتىزانلار ئەترىتى 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاساسىي

كوچىنى چىلپەتۇزىگە يۈتكەپ، چىلپەتۇزە سېپىلىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ساقان ھاجى، چاقانبېكلەر بۇ ناھىيىدىكى داشگۇر، چىڭسىخوزا، لوسىگۇك ئاھالىسىدىن تەشكىللەنگەن 200 كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ چىلپەتۇزىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى. چىلپەتۇزە سېپىلىنى مۇھاسىرىگە ئالغان پارتىزانلارنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى 500 دىن ئاشمايتتى. ئەمما، سېپىلنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىر باتالىيون (800 كىشى) دىن ئارتۇق خىل قوراللانغان قىسمى قوغداپ تۇراتتى. بۇ باتالىيوندا بىر ئىزۋوتتىن كۆپرەك ئەسەبىيلەشكەن موڭغۇل يالانما ئەسكەرلىرى بار ئىدى، ئۇلار پارتىزانلارغا ئىنتايىن غالجىرلىق بىلەن ئوت ئېچىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ مەرگىنى بولغان داڭقا يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، ئۈچ پىلىموتتىن نۆۋەت بىلەن ئوق چىقىراتتى. بۇ ئەسەبىيلەشكەن تەلۋىلەر سېپىلنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىن ئوق ياغدۇرۇپ، پارتىزانلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئەسلىدە پارتىزانلار دەرۋازىغا ئوت قويۇپ، شوتا بىلەن سېپىلغا چىقماقچى بولغانىدى، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پارتىزانلار غەرب تەرەپتىن قاتتىق ئوق ياغدۇرۇپ، دۈشمەننى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇردى، بىر قىسىم پارتىزانلار شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، سېپىلغا چىقىۋالدى. ئۇلار سېپىل ئۈستىدە دۈشمەننى قوغلاپ يۈرۈپ گىرەلەشمە جەڭ قىلىپ، سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەننى يوقاتتى. پارتىزانلار ۋە خەلق ئاممىسىدىن 1000 دىن ئوشۇق كىشى سېپىل دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ كىرىپ، قالدۇق دۈشمەن بىلەن كوچا ئۇرۇشى قىلىپ، دۈشمەننى تەلتۆكۈس تازىلىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىككى چېگرا مۇداپىئە روتىسى ۋە قورچاق ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى بولۇپ 300 دەك دۈشمەن چىلپەتۇزىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا

يوقىتىلدى، ناھىيىنىڭ قورچاق ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىمى، ساقچى ئىدارە باشلىقى، گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىرقە باشلىقى قاتارلىق 100 گە يېقىن ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارى، 200 دىن ئوشۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكەر ئەسىر ئېلىندى، پولك كوماندىرى، باتالىيون كوماندىرى بولۇپ ئۈچ ھەربىي ئەمەلدار ئۆزىنى ئېتىۋالدى. چىلپەگزىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن ئىككى ستانكىۋوي پىلىموت، 17 قول پىلىموت، 200 دىن ئوشۇق مىلتىق، ئاپتومات، يان قورال غەنىيمەت ئېلىندى ۋە قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ئامبىرى قولغا چۈشۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، چىلپەگزە بازىرى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئازاد قىلىندى.

سىپىل ئۈستىدە ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ قاتارىدا خەنزۇ يۇقرالارنىڭ 10 نەچچە جەسىتى تېپىلدى. بۇلار سىپىل ئىچىگە مەجبۇرىي ھەيدەپ كىرىلىپ، پارتىزانلارغا قارشى ئۇرۇشقا سېلىنغانلار ئىكەن. ئەنە شۇ خەنزۇ يۇقرالاردىن بىر قىسمى سىپىل ئىچىدە قوچاقلاشما جەڭ بولۇۋاتقان پەيتتە ئالدى بىلەن قولىدىكى قورالىنى تاشلاپ پارتىزانلارغا تەسلىم بولدى. چۈنكى، ئۇلار گومىنداڭ قانخورلىرىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان ئاددىي خەنزۇ يۇقرالىرى بولغاچقا، گومىنداڭچىلار ئۇلارنىڭمۇ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. پارتىزانلار ئەترەتلىرى چىلپەگزە سىپىلىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغاندا، سىپىل سىرتىدا تۇرغۇن خەنزۇ ئاھالىلىرى بار ئىدى، پارتىزانلار ئۇلارغا ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇز قىلمىدى، ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىسىگە چېقىلمىدى. ئۇلاردىن بىرەر كىشىمۇ ئۆلمىدى ياكى زەخىملەنمىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى يەرلىك خەلقلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، چىلپەگزىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا مەدەت بەردى.

مۇنداق ياخشى ئىنتىزام، ياخشى كەيپىيات موگوتنوف

پارتىزانلار ئەترىتىدىكى ئۆمەروف ۋە نۇرمۇھەممەت باشلىق ئىنقىلابىي زىيالىيلار باشقۇرغان تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ پارتىزانلار ئەترىتىدە سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى چىڭ تۇتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ تەشۋىقات گۇرۇپپىسى چىلپەڭزە سېپىلى چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ليۇجىخې دېگەن خەنزۇ تىجارەتچىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قوپتى. ليۇجىخېنىڭ ئاكىسى ۋە بالا - چاقىلىرىمۇ شۇ يەردە ئىدى، ئۇلارمۇ تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ قوغدىشى بىلەن ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. ليۇجىخېنىڭ ئاكىسى تەشۋىقات گۇرۇپپىسىغا 30 دەك قويىدىن قانچىسى لازىم بولسا، شۇنچىسىنى سويۇپ يېيىشنى نەچچە قېتىم ئېيتسىمۇ، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى مۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى. ليۇجىخېنىڭ ئىنىسى ليۇجىلەننى گومىنداڭچىلار سېپىل ئىچىگە مەجبۇرىي ھەيدەپ كەتكەنىكەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدىكى ئابدۇكېرىم، مەھەممەتجان ھاجى، ھەسەنجانلار ليۇجىلەننى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆيىگە ساق - سالامەت ئەكېلىپ قويدى. ليۇجىخې بۇ ئىشتىن قاتتىق تەسىرلەندى ۋە مىننەتدار بولدى. ليۇجىخې 1952 - يىلى ئۇرۇمچىدىكى نەنمېن «مەدەنىيەت» كۇلۇبىنىڭ ئالدىدا كاپىتان ئۆمەروف، پودپولكوۋنىك خەمىتوف فوئات، مايور ئىمىنوفلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن ۋە «سىلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى شەپقىتىڭلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن» دەپ چەكسىز مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلغانىدى.

چىلپەڭزە ناھىيىسى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. مەھەممەت ھاجىم ناھىيىنىڭ تۇنجى ھاكىمى بولدى. ناھىيىدە ھەربىي ئورگان، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى، مائارىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ئىدارىلىرى، ساقچى مەھكىمىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار

قورۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقە راۋانلاشتى. چىلپەڭزە ناھىيىسى ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن قورال - ياراغ، ئوق - دورا يۆتكەيدىغان ۋە ئوفىتسېرلارنى يېتىشتۈرىدىغان بازا بولۇپ قالدى. پارتىزانلار چىلپەڭزە ناھىيىسىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈندى، بىر قىسمى موگوتنوفنىڭ باشچىلىقىدا سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرى (ھازىرقى قورغاس ناھىيە بازىرى) نى ئېلىش جېڭىگە قاتناشتى، بىر قىسمى كەڭساي پارتىزانلىرىنىڭ جەڭ قىلىشىغا ياردەم بەردى، بىر قىسمى غۇلجىغا بېرىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئايرودروم قاتارلىق تايانچ پونكىتلىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشتى. چىلپەڭزىلىك يۈزلىگەن ئەزىمەتلەر پارتىزانلار ئەترەتلىرىگە قوشۇلۇپ ئالدىنقى سەپكە ماڭدى. كۆرەش قەھرىمانى زىخرۇللام بىلەن بىللە جىڭ ناھىيىسىدە دۈشمەن ئىستىھكامىنى پارتلىتىپ، ئاجايىپ قەھرىمانلىق مۆجىزىسى ياراتقان ئابدۇرېشىتمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدى.

# سۇيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

سۇيدۇڭ ناھىيىسى (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى) ئىلى ۋىلايىتىدىكى چوڭ ناھىيىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا بۇ ناھىيىدە تەخمىنەن 50 مىڭغا يېقىن ئاھالە ياشايتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئاھالىسى 10 مىڭغا يېقىن بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %20 نى تەشكىل قىلاتتى، بۇلاردىن 6000 دىن كۆپرەكى سېپىل ئىچىدە تۇراتتى. شۇ چاغدا سۇيدۇڭ ناھىيە بازىرىنى گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - دىۋىزىيىسىدىكى ئىككى روتا ئەسكەر ۋە قورچاق ئامانلىق ساقلاش 4 - پولكىدىكى بىر روتا ئەسكەر قوغداۋاتاتتى. غۇلجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ئۇلار دەرھال ناھىيە بازىرى مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، بىرقەدەر تولۇق مۇداپىئە تەييارلىقى كۆردى.

سۇيدۇڭ خەلقى تەشكىللىنىپ پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇرۇشتىن ۋە سۇيدۇڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، غۇلجىدىن يولغا چىققان پارتىزانلار بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتىن بىر ئاي بۇرۇنلا ناھىيە بازىرىنىڭ سېپىلى تاقالغانىدى. سۇيدۇڭدىكى خەنزۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سېپىل ئىچىگە جايلاشقانىدى، سېپىل سىرتىدا ئاز ساندىكى خەنزۇ سودىگەرلەر، تىجارەتچىلەر بار ئىدى. سېپىل ئىچىدىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سودىگەرلەر، دۇكاندارلار، گۆرۈكەشلەر، جازانىخورلار، دورا

پۇرۇشلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئاشخانا، پاھىشىخانا، قىمارخانا ئاچىدىغانلار ئىدى. سىپىل دەرۋازىسى ئوچۇق بولسىلا، تىجارەتچىلەر ئۇياق ـ بۇياققا سۈدەك ئاقاتتى، ناۋادا سىپىل دەرۋازىسى تاقىلىپ قالسا، سۇ يولى ئۈزۈلۈپ قالسا، سىپىل ئىچىدىكىلەر ئۆلۈك ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى، سىپىل ئىچىنىڭ سۈت ـ قايماق، ئوتۇن ـ كۆمۈر، ئوت ـ چۆپ، گۆش ـ كۆكتات تەمىناتى ئۈزۈلۈپ قالاتتى. سىپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ياڭ فامىلىلىك قانخور جاللات ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر ياشلىرىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە يىغىۋالغان ياللانمىلارنى كۆرەدە مەشىق قىلدۇرۇپ تەربىيىلەپ، بۇ يەردە كۈچلۈك مۇداپىئە سىپىلى ھاسىل قىلغانىدى، ئۇنىڭ سۈيدۈكنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 1200 دىن ئاشاتتى. سىپىل سىرتىدىكىلەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر ئاھالىلىرى ئىدى، سىپىل سىرتىدا سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسى، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىدىن سىرت، گومىنداڭنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى يوق ئىدى. شۇڭا، سىپىل دەرۋازىسى تاقىلىشى بىلەنلا ھەرخىل ئىجتىمائىي ئالاقىلەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى، سىپىل ئىچىگە كىرىپ ـ چىقىدىغانلار قاتتىق تىزگىنلىنەتتى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سىرتتىن سىپىل ئىچىگە ئەركىن كىرىپ ـ چىقىدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ گومىنداڭ پايلاقچىلىرى ئىكەنلىكى خەلققە ئايان ئىدى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا، سىپىل ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ نەزەربەنت قىلىنغان كىشىلەردىن بىرى بىر ئامال بىلەن سىپىل سىرتىغا چىقىپ، بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇ ئادەم مەسۇم شاڭيو ئىدى. ئۇ ياسىن خۇدابەردى باشلىق سىپىل سىرتىدا مەخپىي تەشكىللىنىۋاتقان ياشلارغا:

— زىيالىيلار، سىلەر دەرھال يوشۇرۇنۇۋېلىڭلار! جامائەت بۇ ھەپتە جۈمە نامىزى ئوقۇمىسۇن! بۇ قانخور جامائەت مەسچىتكە يىغىلغاندا، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاشنى پىلانلاپتۇ، مەن بۇ شۇم خەۋەرنى سىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىنتايىن تەسلىكتە قېشىڭلارغا چىقتىم،— دېدى.

مەخپىي تەشكىلاتتىكىلەر بۇ شۇم خەۋەرنى مەھەممەتجان ئەپەندى، شاياخۇن ئاكا، ئابدۇقادىرەم قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، زىيالىيلار ئۆزىنى چەتكە ئالدى. گومىنداڭ جاللاتلىرى جۈمە كۈنى جامائەتنى قىرغىن قىلىش ئۈچۈن بىر ئىنزۋوت ئەسكەر چىقارغان بولسىمۇ، مەسچىتتە بىرمۇ ئادەم بولمىغاچقا، مەقسىتىگە يېتەلمىدى. گومىنداڭچىلار بۇ ئىشنى مەسۇم شاڭيونىڭ سىرتقا چىققانلىقىدىن دەپ گۇمان قىلىشتى. شۇڭا، كېيىن پارتىزانلار ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ، سېپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ۋەكىل ئەۋەتكەندە، گومىنداڭ قوشۇنلىرى بۇ ۋەكىللەر ئىچىدىكى مەسۇم شاڭيونى ئېلىپ قېلىپ، ئۆزىگە ئورا كولىتىپ، تامنى ئۆرۈپ باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭچىلار سېپىل سىرتىغا پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار ۋە جاسۇسلارنى چىقىرىپ، خەلق ئىچىگە كىرگۈزدى. سېپىل تۆپىسىدىكى ئەسكەرلەر ئوت يېقىشى بىلەن ھېلىقى جاسۇسلار سېپىل ئىچىگە ئاخبارات يەتكۈزەتتى. ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن ئاخباراتىغا ئاساسەن، سېپىل ئىچىگە يەنە بىر قىسىم ئادەملەر نەزەربەنت قىلىپ قويۇلدى. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىلى پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى سۇيدۇڭ خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ زىيانكەشلىك قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، سۇيدۇڭ ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، مەنسۇر لومىيوفنىڭ خۇيزۇ پارتىزانلار ئەترىتى سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، سېپىل ئىچىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، موگوتنوف پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنىڭ بىر قىسمى سۈيدۈڭگە كېلىپ، خۇيزۇ پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن غۇلجىدىن مەخپىر تۆرە ئەترىتى، بايىنتو قوماندانلىقىدىكى شىبە پارتىزانلار ئەترىتى، كېيىنرەك غېنى باتۇر قوماندانلىقىدىكى 150 نەپەر پارتىزان سۈيدۈڭگە كەلدى. سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان پارتىزانلارنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى 1000 دىن ئاشاتتى. پارتىزانلار 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم باشلىدى. سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى مۇداپىئەگە ئەپلىك بولغاچقا ۋە ئۇلار جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، پارتىزانلار كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، سېپىل ئىچىگە كىرەلمىدى. شۇ ئارىدا مەخپىر تۆرە، مەنسۇر لومىيوف پارتىزانلىرىدىن 150 كىشى كېچىلەپ كۆرەگە بېرىپ ئوق ياغدۇرۇپ، كۆرەدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى قامال ھالىتىگە چۈشۈردى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، چىلپەڭزىنى ئازاد قىلىپ قايتقان موگوتنوف پارتىزانلار چوڭ ئەترىتى، لىسكىن پارتىزانلار ئەترىتى، ساقان ھاجى، چاقانبېكلەر قوماندانلىقىدىكى لوسىگۇڭ ـ ساربۇلاق پارتىزانلار ئەترىتى ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى كەڭساي ئىچىدە ئالدىنى توساپ ئۇرۇشقا قاتناشماقتا ئىدى. شۇ چاغدا، سۈيدۈڭ مۆتىۋەرلىرىدىن شاياخۇن ئاكا، ياسىن خۇدابەردى، ئابدۇقادىرەم، ئابدۇرېھىم تۆلەندى، ئابلىز خۇدابەردى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە سۈيدۈڭدە مەخپىي ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى،

كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى شاياخۇن ئاكا، باش كاتىپلىقىنى ياسىن خۇدابەردى، تەشۋىقات ـ تەرغىبات خىزمىتىنى مەمتىمىن ئۆمەروف ئۈستىگە ئالدى. بۇ كومىتېتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 100 دىن ئوشۇق ياش لوسىگۇئغا بېرىپ، موگوتنوف پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىگە قوشۇلدى. ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ قارارى بويىچە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى غۇلجىغا خۇپىيانە كېلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، سۇيدۇڭ ۋەزىيىتىنى دوكلات قىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى مەمتىمىن ئۆمەروف، موللا مەھەممەت ھاجىم، ياسىن(تاختاق) قاتارلىق كىشىلەرگە تېگىشلىك يوليورۇقلارنى بەردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۇلارغا:

— بۇ ئىنقىلاب خەلقنىڭ ئىنقىلابى، خەلق ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلىشقا ئاتلىنىشى لازىم،— دېدى ھەمدە ۋەكىللەرگە نۇرمۇھەممەت(پۇچۇق) باشلىق بىر ئەددىلىنىيە قورالل‍ىق پارتىزاننى قوشۇپ بەردى، شۇنىڭدەك تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدىن بىر توپ بەردى. ئۇ يەنە ھەرخىل ئۇرۇش قوراللىرىنى بېرىش ھەققىدە لوسىگۇڭ بازىسىدىكى سەكەنگە خەت يېزىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، سۇيدۇڭ خەلقىدىن 80 كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىل قىلىندى.

سۇيدۇڭ ناھىيە بازىرىنى قوغداۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى كۈچەيتمەكتە ئىدى. ئۇلار سېپىل ئۈستىگە دېڭخۇلۇ(قاپاق شەكلىدىكى قارا چىراغ) يېقىپ، پارتىزانلارنىڭ سېپىل تۈۋىگە بېرىشىنى بىمالال كۆزىتىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى، شۇنىڭدەك سېپىلغا يانداپ سېلىنغان بىرقانچە يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچتىن ياسالغان لەپكە ۋە دۇكانلار (ھەممىسى مىللىي سودىگەرلەرنىڭ) نى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىش مەقسىتىدە بويىنىغا بېنزىن قاچىلانغان

قاپاقنى ئېسىۋالغان بىر رۇس جاسۇسنى ئارغامچا بىلەن سىپىلدىن سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈردى، ئۇ لەپكە ۋە دۇكانلارغا بېنزىن چېچىپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، دۈشمەنلەر سېپىل ئۈستىدىن ئۆزمەي ئوق ياغدۇرۇپ تۇرغاچقا، دۇكاندارلار ماللىرىنى ئوتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. ھېلىقى جاسۇس ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا، ئوت قويۇش بېسىقتى.

ئىسھاقبەگ مونونوف قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىمۇ سۈيدۈڭگە يېتىپ كەلدى. پارتىزانلار ئەترەتلىرى بىر جەڭگىۋار گەۋدە بولۇپ، ئىسھاقبەگنىڭ قوماندانلىقىدا 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سېپىلغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ھۇجۇمغا قاتناشقان فېدايوف، نوغايبايوف، مەخپىر تۆرە، مەنسۇر لومىيوف، موگوتنوف ئەترەتلىرىنىڭ زەربىدار گۇرۇپپىلىرى سېپىلغا بىرنەچچە ئورۇندىن شوتا قويۇپ چىقىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، دۈشمەننىڭ يامغۇردەك ياغدۇرۇۋاتقان قويۇق ئوت كۈچى ئۇلارغا يول بەرمىدى. پارتىزانلار تەرىپىدىن بولۇۋاتقان ئادەم چىقىمى كۆپىيىشكە باشلىدى.

پارتىزانلار سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىنى سوقۇشماستىن تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا چارە ـ تەدبىر ئىزدەپ، سېپىل ئىچىگە ئارقا ـ ئارقىدىن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقاتتى، سېپىل ئىچىدىكىلەرنى تىنچ يول بىلەن تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئۈچ قېتىم ۋەكىل ئەۋەتتى. بىرىنچى قېتىمدا بەش ۋەكىل ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە لوسىگۇڭلۇق يۈتەيشاڭ ئىسىملىك بىر خەنزۇ، سۈيدۈڭنىڭ ئۆزىدىن شاياخۇن ئاكا، سايىت شاڭزۇڭ قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى بار ئىدى، دۈشمەن تەرەپ ۋەكىللەرنى سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرگۈزمىدى، ئۆزلىرى ۋەكىل چىقىرىشقا ئۇنىمىدى، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىپ، سېپىل ئۈستىدىن ۋەكىللەرگە قارىتىپ ئوق

كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى شاياخۇن ئاكا، باش كاتىپلىقىنى ياسىن خۇدابەردى، تەشۋىقات ـ تەرغىبات خىزمىتىنى مەھتىمىن ئۆمەروف ئۈستىگە ئالدى. بۇ كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 100 دىن ئوشۇق ياش لوسىگۇڭغا بېرىپ، موگوتنوف پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىگە قوشۇلدى. ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قارارى بويىچە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى غۇلجىغا خۇپىيانە كېلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، سۇيدۇڭ ۋەزىيىتىنى دوكلات قىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى مەھتىمىن ئۆمەروف، موللا مەھەممەت ھاجىم، ياسىن(تاختاق) قاتارلىق كىشىلەرگە تېگىشلىك يوليورۇقلارنى بەردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۇلارغا:

— بۇ ئىنقىلاب خەلقنىڭ ئىنقىلابى، خەلق ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلىشقا ئاتلىنىشى لازىم، — دېدى ھەمدە ۋەكىللەرگە نۇرمۇھەممەت(پۇچۇق) باشلىق بىر ئەددىلىنىيە قورالـلىق پارتىزاننى قوشۇپ بەردى، شۇنىڭدەك تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدىن بىر توپ بەردى. ئۇ يەنە ھەرخىل ئۇرۇش قوراللىرىنى بېرىش ھەققىدە لوسىگۇڭ بازىسىدىكى سەكەنگە خەت يېزىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، سۇيدۇڭ خەلقىدىن 80 كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىل قىلىندى.

سۇيدۇڭ ناھىيە بازىرىنى قوغداۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى كۈچەيتمەكتە ئىدى. ئۇلار سېپىل ئۈستىگە دېڭخۇلۇ(قاپاق شەكىلىدىكى قارا چىراغ) يېقىپ، پارتىزانلارنىڭ سېپىل تۆۋىگە بېرىشىنى بىمالال كۆزىتىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى، شۇنىڭدەك سېپىلغا يانداپ سېلىنغان بىرقانچە يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچتىن ياسالغان لەپكە ۋە دۇكانلار(ھەممىسى مىللىي سودىگەرلەرنىڭ)نى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىش مەقسىتىدە بويىنغا بېنزىن قاچىلانغان

قاپاقنى ئېسىۋالغان بىر رۇس جاسۇسىنى ئارغامچا بىلەن سېپىلدىن سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈردى، ئۇ لەپكە ۋە دۇكانلارغا بېنزىن چېچىپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، دۈشمەنلەر سېپىل ئۈستىدىن ئۈزمەي ئوق ياغدۇرۇپ تۇرغاچقا، دۇكاندارلار ماللىرىنى ئوتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. ھېلىقى جاسۇس ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا، ئوت قويۇش بېسىقتى.

ئىسھاقبەگ مونونوف قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىمۇ سۈيدۈڭگە يېتىپ كەلدى. پارتىزانلار ئەترەتلىرى بىر جەڭگىۋار گەۋدە بولۇپ، ئىسھاقبەگنىڭ قوماندانلىقىدا 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سېپىلغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ھۇجۇمغا قاتناشقان فېدايوف، نوغايبايوف، مەخپىر تۆرە، مەنسۇر لومىيوف، موگوتنوف ئەترەتلىرىنىڭ زەربىدار گۇرۇپپىلىرى سېپىلغا بىرنەچچە ئورۇندىن شوتا قويۇپ چىقىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، دۈشمەننىڭ يامغۇردەك ياغدۇرۇۋاتقان قويۇق ئوت كۈچى ئۇلارغا يول بەرمىدى. پارتىزانلار تەرىپىدىن بولۇۋاتقان ئادەم چىقىمى كۆپىيىشكە باشلىدى.

پارتىزانلار سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىنى سوقۇشماستىن تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا چارە ـ تەدبىر ئىزدەپ، سېپىل ئىچىگە ئارقا ـ ئارقىدىن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقاتتى، سېپىل ئىچىدىكىلەرنى تىنچ يول بىلەن تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئۈچ قېتىم ۋەكىل ئەۋەتتى. بىرىنچى قېتىمدا بەش ۋەكىل ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە لوسىگۇڭلۇق يۇتەيشاڭ ئىسىملىك بىر خەنزۇ، سۈيدۈڭنىڭ ئۆزىدىن شاياخۇن ئاكا، سايىت شاڭزۇڭ قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى بار ئىدى، دۈشمەن تەرەپ ۋەكىللەرنى سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرگۈزمىدى، ئۆزلىرى ۋەكىل چىقىرىشقا ئۇنىمىدى، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىپ، سېپىل ئۈستىدىن ۋەكىللەرگە قارىتىپ ئوق

چىقاردى ۋە بىر ۋەكىلنى ياردار قىلدى. پارتىزانلار ئىككىنچى قېتىمدا مەسۇم شاڭيو بىلەن ئىككى نەپەر خەنزۇنى سىپىل دەرۋازىسى ئالدىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. ۋەكىللەر سىپىل دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىشى بىلەنلا، گومىنداڭچىلار ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، سىپىل ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. بۇلاردىن خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن، پارتىزانلار ئۈچىنچى قېتىمدا بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. بۇلار چىلپەڭزىلىك جاڭ جىنشەن، ليۇجىخې (خەنزۇ)، تۇرسۇن شاڭزۇڭ قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپتى. گومىنداڭچىلار سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى بۇ قېتىممۇ قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى ۋە ۋەكىللەردىن بىرىنىلا خەۋەر يەتكۈزۈشكە قويۇۋېتىپ، قالغانلىرىنى تۇتۇۋېلىپ قاماپ، ۋەھشىيلەرچە قىينىدى (سۇيدۇڭ ناھىيە بازىرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭچىلارنىڭ مەسۇم شاڭيونى تۈرمىدىكى 35 مەھبۇس بىلەن بىللە ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، قۇدۇققا، اجەتخانىغا تاشلىۋەتكەنلىكى، ئۈچىنچى قېتىم ئەۋەتىلگەن ەكىللەرنى سۇيدۇڭ ناھىيىلىك قورچاق پوچتىخانىنىڭ باشلىقى ومىنلىڭ قاتارلىق كىشىلەر ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى).

پارتىزانلارنىڭ سۇيدۇڭ ناھىيە بازىرىنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى ئۈنۈم بەرمەي، سىپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىشىش مەيدانىدىن قايتماي تۇرۇۋالغاچقا، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى لەخمە كولاپ، پارتلاتقۇچ دورا قويۇپ سىپىلنى پارتلىتىشنى قارار قىلدى. پارتىزانلار سىپىلنىڭ جەنۇب تەرەپ تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان گوجاڭگۇدە دېگەننىڭ شوپىڭى ئىچىدىن لەخمە كولاپ، سىپىل ئاستىغا ئىككى توننا پارتلاتقۇچ دورا كۆمدى. 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەچقۇرۇن،

تاغلەنزە تەرەپتىن ئېتىلغان ئۈچ پاي مىنامىيوت ئوقى سېپىل ئىچىگە چۈشۈپ گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ سېپىل ئاستىدىكى پارتلاتقۇچ دورىمۇ يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ پارتلاپ كەتتى. سېپىلنىڭ تۆت ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان پارتىزانلار ئەترەتلىرى سېپىل ئىچىگە بېسىپ كىردى. سېپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى پارتىزانلارغا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، سېپىل ئىچىدىكى تازىلاش ئۇرۇشى جەريانىدا كەسكىن گىرەلەشمە جەڭ تۆت سائەت داۋاملاشتى. دۈشمەننىڭ تىرىك قالغان ئەسكەرلىرىدىن 400 دىن ئارتۇقى تەسلىم بولدى، پارتىزانلارنىڭ تارتقان چىقىمىمۇ ئېغىر بولدى.

پارتىزانلار بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سېپىلنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى تەرەپتىكى چوڭ يولنى ئېچىپ قويۇپ، قاچقانلارغا ئوق چىقارماستىن يول بەردى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسمى ۋە ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلار مۇشۇ يول بىلەن قېچىپ كەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتىغا ئالدىنىپ قالغان بىر قىسىم خەنزۇ ئاھالىلىرىمۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئەگىشىپ قاچتى. قاچقانلارنىڭ بىر قىسمى كونا سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالدى، بىر قىسمى ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. سېپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كوماندىرى ياڭ ××، ساقچى ئىدارە باشلىقى جاۋ ×× قاتارلىق 30 دىن ئوشۇق ئەمەلدار بىر ئەددىلىنىيە قوراللىق ئەسكەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن كېچىلىك ئۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، نىقابلىنىپ شەرقىي دەرۋازىدىن چىقىپ، كونا تايانچ پونكىتىغا كىرىۋالدى. غەربىي دەرۋازىدىن بۆسۈپ چىقىپ، كونىغا قېچىشقا ئۇرۇنغان 100 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى مەنسۇر لومىيوف ئەترىتى كونا دەرۋازىدا ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىپ، ھەممىسىنى

ئۇجۇقتۇردى. روتا كوماندىرى ما××، ساقچى جاللىتى لى كۈيجاڭ باشچىلىقىدىكى شەرقىي دەرۋازىدىن قېچىپ چىققان 180چە دۈشمەن ئەسكىرىنى مەخپىر تۆرە ئەترىتى كۆرە يانبۇلاق بېشىدا قورشىۋېلىپ، ھەممىسىنى يوقاتتى. سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن 1000 غا يېقىن قورال ـ ياراغ، نۇرغۇن ئوق ـ دورىلار غەنىيمەت ئېلىندى، پەقەت كوچا ئۇرۇشى ۋە سېپىل ئۈستىدىن يىغىۋېلىنغان قورال ـ ياراغلارلا 500 دىن ئېشىپ كەتتى. قورچاق ھاكىم جۇچىشياڭ، مۇئاۋىن ھاكىم نى جۇنشېڭ، تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خۇڭ پىڭچىڭ، بانكا باشلىقى لىن جىن قاتارلىق مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئەسىرگە ئېلىندى. ئەسىرگە ئېلىنغانلار سېپىل تۆۋىدىكى بىر ھەربىي گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مۇۋاپىق تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىندى، يېتىم قالغان خەنزۇ پەرزەنتلەر پۇقرالارنىڭ بېقىۋېلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، پاھىشە ئاياللار تەربىيىلىنىپ توغرا يولغا سېلىندى. تۇردى ئاخۇن ئالمچى، بارات تەمبۇر، توختى ساتىراش قاتارلىق قان قەرزگە بوغۇلغان 10 نەچچە جاسۇس ئېتىلدى، بۇ 10 نەچچە جاسۇسنىڭ ئىچىدە رۇسلاردىن بارىس، موڭغۇللاردىن دورجابلار بار ئىدى. بۇ قانخور جاسۇسلار ئۇيغۇر، قازاق، رۇس، خۇيزۇ ئەزىمەتلىرىدىن 180 نەچچە كىشىنى گومىنداڭ ساقچىلىرىغا تۇتۇپ بەرگەن، گومىنداڭ ساقچىلىرى ئۇلارنى سېپىل ئىچىدىكى چوڭقۇرلۇقى 80 مېتىر كېلىدىغان قۇدۇقلارغا تاشلاپ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بۇ قۇدۇقلار ئەسلىدە سۇ چىقىرىش مەقسىتىدە پۇقرالارغا ئەنە شۇنداق چوڭقۇر كولىتىلغان، سۇ چىقمىغاندىن كېيىن تاشلاپ قويۇلغان، بۇ قۇدۇقلار كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەھبۇسلارنى جازالاش ئورنىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. سۈيدۈڭ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ قۇدۇقلارغا تاشلانغان 20 نەچچە

جەسەتنى ئىگىلىرى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىپ دەپنە قىلدى، ئىگە ـ چاقىسى يوق جەسەتلەر شۇ قۇدۇقلار ئىچىگە دەپنە قىلىندى.

سۇيدۇڭ ناھىيە بازىرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى، ئابدۇللا ھاجى (سالما باش) ناھىيە ھاكىمى، ياسىن خۇدابەردى ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى بولدى، شاياخۇن ئاكا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىشىغا مەسئۇل بولدى، موللەم ئاكا ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى، مەمتىمىن ئۆمەروف، ئىسمائىلوف مەھەممەت، ئابدۇللا شاياخۇنوف، كالان ھاجى، ھەسەن داۋۇت، چاپاي، ئابلىز خۇدابەردى، ساۋۇت، ئابلىز رەخىموف، يۇسۇپ قازى، غۇلام مەھەممەت، ئابدۇللاخان ئاكا قاتارلىق بىرقانچە ئونلىغان زىيالىيلار پارتىزانلار ئەترەتلىرىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. غېنى باتۇر باشچىلىقىدىكى 500 گە يېقىن پارتىزان لەخمە كولانغاندىن كېيىن، ئارشاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتكەنىدى.

12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، سۇيدۇڭنى ئازاد قىلغان پارتىزانلار ئەترەتلىرى ئىككى يولغا بۆلۈندى: بىر يولدىكىلەر تەلكە داۋىنىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، پالىنوف باشچىلىقىدا كەڭساي تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى، يەنە بىر يولدىكىلەر نوغايبايوفنىڭ باشچىلىقىدا كۈرەگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشتى.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، پارتىزانلار ئەترىتى سۇيدۇڭ 1 ـ پولكىنى قۇردى. موگوتنوف، مەرغۇپ ئىسھاقوف، سەيدەخمەتلەر بۇ پولكنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ تەيىنلەندى.

# كۇرەنىڭ ئازاد قىلىنىشى

غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان كۇرە ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا تەسىس قىلىنغان ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى جايلارغا بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان ئالىي ھەربىي - مەمۇرىي ئاپپارات بولغاچقا، بۇ مەھكىمە جايلاشقان كۇرە قەدىمكى شەھىرىنىڭ سېپىلى ئېگىز ھەم قېلىن، ساقلاش ئاسان، ھۇجۇم قىلىش تەس ئىدى. «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، كۇرە سۇيدۇڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق مەمۇرىي رايون بولۇپ قالغانىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۇرەدە 42 قېتىم ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى، بۇ جەرياندا بىرقانچە ئونلىغان چىرىك جاڭجۈنلەر بىر - بىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشىپ، كەيىپ - ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدى. 1942 - يىلى، شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئىچكى ۋە تاشقى ئېھتىياجغا ئاساسەن كۇرە ھەربىي تايانچ پونكىتقا ئايلاندى. 1944 - يىلىغا كەلگەندە، كۇرەدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇ ئارىدا چېن فامىلىلىك پاكىنەك، ئاۋاق گومىنداڭ ئوفىتسېرىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىككى ئاتلىق ئېسكادىرون ئەسكەر ئاقسۇدىن يۆتكىلىپ چىقىپ كۇرەگە ئورۇنلاشتى. ئارىدىن ئاز كۈن

ئۆتمەيلا، پولك كوماندىرى گو باشچىلىقىدىكى 600 دىن ئوشۇق كىشىلىك مەجرۇھلار قىسمى كېلىپ بۇ يەرگە ئورۇنلاشتى.

بۇلاردىن سىرت، جەنۇبىي شىنجاڭدىن مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىنگەن 600 نەچچە ئۇيغۇر ياللانما ئەسكەر بار ئىدى. ئىلى پارتىزانلىرى كۆرەگە ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا كۆرەنى گومىنداڭنىڭ ئامانلىق ساقلاش 4 - پولكىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئەترەت، ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى، بىر توپچىلار روتىسى ۋە بىر قىسىم ساقچىلار ساقلاۋاتاتتى، بۇ ھەربىي - ساقچىلارغا ئىلى پارتىزانلىرى قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئېلىش ئالدىدا سۇمۇل ئارقىلىق كۆرەگە قېچىپ كەلگەن قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي بىللەن بىللە كەلگەن 60 چە ساقچى، بىرقانچە ئون مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلار، سۈيدۈڭ ناھىيىسى ئازاد قىلىنغاندا كۆرەگە قېچىپ كەلگەن گومىنداڭنىڭ 30 نەچچە ھەربىي ئەمەلدارى ۋە ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەن بىر ئەددىلىنىيە قوراللىق ئەسكەر قوشۇلغانىدى. كۆرە تايانچ پونكىتى بۇ ھەربىي - ساقچىلارنى بېقىش ئۈچۈن، «ئالتە ئوغرىدىن قوغداپ بېرىمىز» دېگەن باھانە بىلەن شۇ ئەتراپتىكى يېزىلاردىن بىرقانچە يۈز توننا ئاشلىق، بىرقانچە مىڭ توننا يەم - خەشەك، ئون مىڭ تۇياقتىن ئوشۇق قوي - كالا، ئات - ئېشەكلەرنى بۇلاپ ئەكېلىپ، سېپىل ئىچىگە ئەكىرىۋالغانىدى. كۆرەدىكى ھەربىي - ساقچىلارغا گومىنداڭنىڭ ئامانلىق ساقلاش 4 - پولكىنىڭ كوماندىرى چېن زىلياڭ بىلەن قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي قاتارلىق كىشىلەر بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغ، لەڭگەرشاڭ، ئايرودرومدىن باشقا جايلىرى ئازاد قىلىنىپ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغان چاغدا، كۆرە ياشلىرى ۋە زىيالىيلاردىن يۈسۈپجان،

ئابدۇللا سۇلتان، مەھەممەت ئەخمىدى، ساۋۇت ئەپەندى، ئەخمەتجان، توختى ئىبراھىم، ھاجى مەھەممەت، ئابدۇقادىر، ياسىن ئەپەندى، ئابدۇللا ئەپەندى، ئابدۇرېھىم ئەپەندى قاتارلىق 22 كىشىدىن تەركىب تاپقان مەخپىي ئىنقىلابىي گۇرۇپپا قۇرۇلدى. گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى توختى ئىبراھىم ئۈستىگە ئالدى. غۇلجا ۋە سۇيدۇڭدىكى پارتىزانلار بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىغا ئابدۇللا سۇلتان، يۇسۇپجان ئەپەندىلەر مەسئۇل بولدى. ئىنقىلابىي گۇرۇپپا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىغا ئاساسەن، خەلقنى ئويغىتىش، جاسارەتنى ئاشۇرۇش، كۆرەشكە ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. گومىنداڭ جاسۇسلىرى قۇرماقچى بولغان «يۇقىرىلارنىڭ كۆزەتچىلىك قوشۇنى» دەپ ئاتالغان پايلاقچىلار ئەترىتىنى مەخپىي ئىنقىلابىي گۇرۇپپا قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئابدۇللا سۇلتان قاتارلىق كىشىلەر غۇلجىغا بېرىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ يوليورۇقىنى ۋە نۇرغۇن تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەخپىي ئىنقىلابىي گۇرۇپپىنىڭ پائالىيىتى تېخىمۇ جانلىنىپ، تەشۋىقات، تەشكىللەش ئىشلىرىغا جىددىي تۇتۇش قىلىندى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، مەخپىر تۆرە، مەنسۇر لومىيوف ئەترەتلىرى 2 ـ قېتىم كېچىلەپ كۆرەگە چىقىپ، سېپىل ئەتراپىنى قورشاپ تۇرۇپ سېپىل ئىچىگە مىنامىيوت، مىلتىق ئارقىلىق بىر سائەت ئوق ياغدۇردى ۋە مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن، ھەمدۇلباقى باشقۇرغان بىر ئىزۋوت پارتىزانلارنى قالدۇرۇپ سۇيدۇڭگە قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، كۆرەدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ «سېپىل سىرتىدىكى ئالتە ئوغرىغا ئەگەشكەنلەرنى قىرىپ تۈگىتىش، بارلىق ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىش» پىلانى بەربات بولدى. ناۋادا پارتىزانلارنىڭ

ھۆجۈمى بىر ـ ئىككى كۈن كېچىككەن بولسا، كۆرە سېپىلىنىڭ سىرتى ئادەم ـ گىياسىز خارابىلىككە ئايلىنىپ كېتەتتىكەن.

12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، كۆرەدىكى يۇرت ئاقساقاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. بەكرى غازى ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە، سىدىق ئىمىن ئاكا مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، توختى ئىبراھىم باش كاتىپلىققا، ھاجى مەھەممەت، يۇسۇپ ئەپەندى، ئابدۇللا سۇلتانلار كومىتېت ئەزالىقىغا بەلگىلەنگەندىن كېيىن، «نۇرىيە» مەكتىپى بىناسىدا قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. يۇقىرىلار ئويغىنىپ ھەرىكەتكە كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ ئىچى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. ئابدۇللا سۇلتان كوماندىرلىقىدا مەخپىي ئىنقىلابىي گۇرۇپپا ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان كۆرە پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى. ئارا ـ گۈرجەك، تاياق ـ توقماق، پالتا ـ پىچاقلارنى تۇتقان، بار ـ يوقى بەش ـ ئالتىلا كونا ياپونكىغا ئىگە بولغان 30 كىشىلىك بۇ پارتىزانلار ئەترىتى تېز ئارىدىلا 150 كىشىدىن تەركىب تاپقان، سىياسىي ئاڭغا ئىگە بولغان، ھەربىي مەشىقتە چېنىققان ئەترەتكە ئايلاندى. پارتىزانلار ئەترىتىگە قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا زۆرۈر ئىدى. ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق سېپىل ئۈستىدە قاراۋۇللۇقنى ئۇيغۇر يالالنما ئەسكەرلىرى ئۆتەۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. كۆرە پارتىزانلىرى كونا گرامافون (پاتېفون) نىڭ كانىيىدىن پايدىلىنىپ، سېپىل تۈۋىدىكى خەندەككە مۆكۈنۈۋېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا كېچە ـ كۈندۈزلەپ تەشۋىق قىلدى. دۈشمەنلەر قەيەردە پارتىزانلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانسا، سېپىل تۆشۈكىدىن شۇ يەرگە ئوق ياغدۇرۇپ تۇردى. ئەنە شۇ ئوق ياغدۇرۇشلارنىڭ بىرىدە ئىززۇت كوماندىرى ئەخمەتجان ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. تەشۋىقات ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 40

قا يىقىن ئۇيغۇر ئەسكەر كېچىسى سېپىلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، پارتىزانلارغا ئەل بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىككىدىن مىلتىق ۋە قول بومبىسى ئېلىپ چۈشكەنىدى، بەزىلىرى سېپىلدىن كۈندۈزى سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقاندا ئوق تېگىپ قازا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، كۆرە پارتىزانلار ئەترىتىيھەربىي مەشىقتە پىشقان بىرقانچە ئون ھەربىيگە ۋە نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىغا ئېرىشىپ، جەڭگىۋارلىقى ئاشتى. پارتىزانلار ئەترىتى سېپىگە قوشۇلغان بۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلەر پارتىزانلارغا ھەربىي مەشىق ئۇستازى، قورال ـ ياراغ ئۇستىسى بولدى. دۈشمەن بۇ ئەھۋالنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، سېپىل ئۇستىگە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدىن قاراۋۇل قويمايدىغان بولدى. ئەسەبىيلەشكەن گومىنداڭ تەلۋىلىرى تارتقان زىيىنىغا چىدىماي، سېپىل سىرتىدىكى مەھەللە ۋە بازارلارغا ئۇزلۇكسىز ئوق ياغدۇرۇپ تۇردى. پارتىزانلار سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان كۈنلەردە كۆرە سېپىلى ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى پارتىزانلار كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، كۈپكۈندۈزىلا سېپىلدىن جاسۇسلارنى ئەيمەنمەي چۈشۈرۈپ، ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سېپىل بويى مەھەللە ئۆيلىرىگە ئوت قويغۇزدى. بۇ ئىش توختى ساتىراش، بارات تەمبۇر قاتارلىق جاسۇسلارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن كېلىپ چىققانىدى. ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت ئەزالىرى سېپىل چۆرىسىدىكى ئاھالىلەرنى شەرق تەرەپتىكى جاڭزا، مەھەللىلەرگە كۆچۈردى. ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتمۇ ئىلى دەرۋازا تۈۋىدىكى جاڭ تېۋپىنىڭ دۇكىنىغا كۆچۈپ باردى. پارتىزانلار ئەترىتى ئالدىنقى سەپ بولغان دەريا بويى كوچىسىدىن شىمالىي بۇتخانىغىچە سەپ تارتىپ، مۇداپىئە قىلىپ تۇردى. دۈشمەن ئاتلىق چاپارمەنلىرى ئارىلاپ سېپىل ئىچىدىن چىقىپ، مەكتەپ قورۇسىنى بىر ئايلىنىپ، سېپىل ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى.

غۇلجا ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلگەن گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى كۆرە سىپىلى ئۈستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىنى بىر ئايلىنىپ، پاراشوت بىلەن بىر نىمىلەرنى تاشلاپ قايتىپ كېتەتتى.

12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى ئىسھاقبەگ مونونوفنى سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقان بىر قىسىم پارتىزانلارنى باشلاپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرۇپ قالغان كۆرەگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، موگوتنوف، نوغايبايوف ئەترەتلىرى كۆرە ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن كېچىلەپ سىپىل ئىچىگە قارىتىپ ئۈچ نۆۋەت قاتتىق ئوق ياغدۇرغاندىن كېيىن، سىپىل ئىچىدىكى دۈشمەننىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، زۇۋانى تۇتۇلدى. 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى «نۇرىيە» مەكتىپى بىناسىغا كۆچۈپ كىردى. سىپىل بىلەن پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىنىڭ ئارىلىقى 250 مېتىرچە كېلەتتى. شۇ كۈنى سائەت 11 لەردە، نوغايبايوف، دوسكىنوف قاتارلىق ئالتە كوماندىر ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسىغا كەلدى. نوغايبايوف سىپىل ئىچىدىكى قوراللىق ئەكسىيەتچىلەرنى سەل چاغلاشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يېتەرلىك ئەسكىرىي كۈچى ۋە قورال ـ ياراغلىرى بار ئىكەنلىكىنى، ناۋادا بۇ باندىتلار ئۆۋسىنى ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ئېلىشقا توغرا كەلسە، سىپىل ئىچى قانغا بويىلىپ، بىرقانچە مىڭ بىگۇناھ خەلق ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، سىپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كۆرەنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت ئەزالىرى بۇ تەشەببۇسقا بىر ئاۋازدىن قوشۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئىسھاقبەگ مونونوف كۆرە سىپىلى ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، كۆرە سىپىلى ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىش توغرىسىدىكى ئالتە ماددىلىق شەرت تۈزۈپ چىقىلدى ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. بۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىچە:

1) ئەمەلدارلاردىن ئەسكەرلەرگىچە ھېچكىمنىڭ گۇناھى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، ئۇلارغا ھەربىي جازا بېرىلمەيدۇ؛ 2) يۇقىرىلارنىڭ ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ؛ 3) سىپىل ئىچىدىكىلەرنىڭ مال ـ مۈلكى، قورۇ ـ جايلىرى مۇسادىرە قىلىنمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ؛ 4) ھەرقانداق ئۇرۇش قوراللىرىنى يوشۇرۇش، بۇزۇش، كۆيدۈرۈش مەنئىي قىلىنىدۇ، بۇ قوراللار ئۆز ئەينى بويىچە پارتىزانلارغا تەلتۆكۈس تاپشۇرۇلۇشى شەرت؛ 5) ئامبارلارنى پارتلىتىش، قامالغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش مەنئىي قىلىنىدۇ، قامالغان كىشىلەر پارتىزانلارغا ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى شەرت؛ 6) بىز مۇشۇ شەرتلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ شۇنى جاكارلايمىزكى، تىنچلىق شەرتلىرى بويىچە تەسلىم بولساڭلار، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولۇسىلەر.

بۇ تىنچ يول بىلەن تەسلىم بولۇش شەرتلىرىنى سىپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى قوماندانلىق شتابىغا تاپشۇرىدىغان ئەلچىلەر بەلگىلەندى، ئۇلار ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت رەئىسى بەكرى غازى، خەنزۇ تىجارەتچىلەر ئاقساقىلى ياڭ ×× ئىدى. شۇ كۈنى تاڭ سەھەردىلا سىپىلنىڭ ئەتراپى ئىلى پارتىزانلىرى ۋە كۆرە پارتىزانلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى، 100 دىن ئوشۇق مىناميوت سىپىل ئىچىگە قارىتىپ تىكلەندى. مايور قۇنايوف قوماندانلىقىدىكى ئالدى

سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىنى ئىشغال قىلمىدىغان قىرغىز مىناميوتچىلار ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، شوتىلارنى قۇچاقلاپ تەق تۇردى. باش قوماندان پالىنوف باشچىلىقىدىكى قوماندانلار — ۋىلادىمىر ستىپانوۋىچ، ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ، موگوتنوف، فېدايوپلار كۆرە ئالدىنقى سەپ گەيشاڭ بازىرىدا پەيدا بولدى. ئەلچىلەر قولىغا كىچىك ئاق بايراق تۇتۇپ سېپىل تۆۋىگە قاراپ يول ئالدى. سېپىل ئۈستىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئەلچىلەرنى ئارغامچا شوتا بىلەن سېپىل ئۈستىگە تارتىۋالدى. قوماندانلار بازار رەستىسىدە سېپىل ئۈستىگە تىكىلىپ ئۆرە تۇراتتى، رەستە بىلەن سېپىل ئارىلىقى 200 مېتىر كېلەتتى. ئەلچىلەر گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا تەسلىم بولۇش شەرتلىرىنى تاپشۇردى. قوماندانلىق شتاب كاتتىۋاشلىرى پارتىزانلار بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلدى. ئەلچىلەر سېپىلدىن قايتىپ چۈشكەندىن كېيىن، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش خۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغان پۇقرالار ئەلچىلەرنى ئورىۋېلىپ، خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىشتى. ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، كۆرە سېپىلى ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋەكىللىرى ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن تەسلىم بولۇش شەرتلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگىلى سېپىلدىن چىقتى.

بۇ ۋەكىللەر ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورچاق مۇۋەققەت ۋالىيسى، قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي، مېيىپ بولغان گومىنداڭ ھەربىيلىرى ساناتورىيىسىنىڭ باشلىقى گو يىڭكۈي، كۆرە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى گاۋ شىنۋۇ قاتارلىق تۆت كىشىدىن تەركىب تاپقانىدى. سۆھبەت باشلانغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مەسلىھەتچى ۋىلادىمىر ستىپانوۋىچ سۆز ئالدى.

— بىز بۇ ھەرىكەتنى «خەلق قوزغىلىڭى» دەپ ئاتايمىز، — دېدى ئۇ، — سىلەر خەلق تەرىپىگە ئۆتۈپ، گۇناھىمىزنى يۇيىمىز دېسەڭلار، ئالتە ماددىلىق شەرت ئاساسىدا تىنچ يول بىلەن تەسلىم بولۇشۇڭلار كېرەك، بولمىسا ئېغىر ئاقىۋەتكە قالىسىلەر. شەرت بويىچە سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىمىز.

ۋىلادىمىر ستېپانوۋىچ گاۋۋېيغا مەنىلىك سەپ سېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— سەن ھەممىدىن ياش ئىكەنسەن، نەدە ئوقۇغان؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساگودا (ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا) ئوقۇغان، — دېدى.

— سەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلدىڭ؟ — دېدى ۋىلادىمىر ستېپانوۋىچ، — ئەمدى سېنىڭ سېپىل ئىچىنى خەلق قوزغىلاڭچىلىرى ھاكىمىيىتىگە ئۆتكۈزۈشلۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، خەلق تەرىپىگە ئۆتۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ چاغدا سېنى مۇۋاپىق خىزمەت بىلەن تەمىنلەيمىز، تۇرمۇشۇڭنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمىز. قالغانلارنىڭ ھەممىسىگىمۇ ئىپادىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىمىز.

سۆھبەت ئارقىلىق گاۋ ۋېي قاتارلىق كىشىلەر قورال تاپشۇرسا ئۆلتۈرمەسلىك ئاساسىدىكى مۇنۇ ئالتە شەرتنى قوبۇل قىلدى: بىرىنچى، ئىككى تەرەپنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن، قوراللىق توقۇنۇشنىڭ داۋاملىق يۈز بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ؛ ئىككىنچى، قورال - ياراغلارنى يوشۇرۇشقا، بۇزۇۋېتىشكە، يوقىتىۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ، قورال - ياراغلار يىغىلىپ، پارتىزانلار ئەترىتىگە تاپشۇرۇلىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىككى تەرەپ ۋەدىسىدە تۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ ھاياتى

ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ تۆتىنچى، پولك كوماندىرى چېن زىلياڭ باشچىلىقىدىكى ئەمەلدارلار قوغدىلىدۇ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، قولغا ئېلىنمايدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ؛ بەشىنچى، گومىنداڭنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ؛ ئالتىنچى، يۇقىرىقى ماددىلارغا خىلاپلىق قىلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر قاتتىق جازالىنىدۇ.

گاۋ ۋېي قاتارلىق كىشىلەر يۇقىرىقى ئالتە شەرت بويىچە تەسلىم بولۇشقا قوشۇلۇپ مېڭىش ئالدىدا ئىلى پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى تەسلىم بولۇش مۆھلىتىنى بەلگىلەپ بەردى ھەمدە قورال ـ ياراغلارنى ئوندىن باغلاپ، ئەسكەرلەرگە كۆتۈرگۈزۈپ سېپىل سىرتىغا ئېلىپ چىقىش، ئەسكەرلەر سەپكە تىزىلىپ، تەسلىم قىلىشنى قوبۇل قىلىش، ئاندىن سېپىل ئىچىدىكى بارلىق ھەربىي ئىنشائاتلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپلىرىنى قويدى. ئەمما، بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، سېپىل ئىچى جىمجىت بولۇپ، تەسلىم بولۇشتىن ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. كېيىن سېپىل دەرۋازىسى قېشىدىن سېپىل سىرتىغا قارىتىپ قويۇق ئوق ياغدۇرۇلدى. 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئىلى پارتىزانلىرى كۈرە سېپىلىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. قۇنايوفنىڭ مىناميوت ئەترىتى يان تەرەپتىكى ئەترەتلەر ئوت كۈچىنىڭ ھىمايىسىدە ئىنتايىن چەبدەسلىك بىلەن دەرۋازا تۆپىسىگە چىقىۋالدى ـ دە، دۈشمەننىڭ ئىككى روتا ئورۇشقاق ئەسكەرلىرىگە مىناميوتتىن ئوق ياغدۇرۇپ قاچۇرۇۋەتتى. بۇ ئىككى روتىدىكى قاچقان 300 دەك ئەسكەر جەنۇبىي دەرۋازىدىن بۆسۈپ چىقىپ، دەريا بويىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئابدۇللا سۇلتان، خەرسەنلەرنىڭ پارتىزانلىرى ئۇلارنى قوغلاپ يۇرۇپ زەربە بېرىپ تەلتۆكۈس

يوقاتتى. زاۋال ۋاقتىدا سىپىل دەرۋازىسى تويۇقسىز ئېچىلىپ، 10 مىلتىق بىر قىلىپ باغلانغان قورال ـ ياراغلارنى كۆتۈرگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سىپىل سىرتىغا ئېتىلىپ چىقتى، ئۇلاردىن بەزىلىرى قول بومبىسى قاچىلانغان يەششىكلەرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، قورال كۆتۈرۈپ چىققان مۇنداق ئەسكەرلەرنىڭ سانى 300 دىن ئاشاتتى. شۇ قاتاردا سىپىل سىرتىغا چىققان ئۇيغۇر يالانما ئەسكەرلەر بىرەر يۈزگە يېتەتتى. سىپىل ئىچى جىمجىتلىققا چۆككەن بولۇپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ياكى ئوق ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، پارتىزانلار سىپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ ھەممە يەرنى قامال قىلدى.

ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ قوماندانلىرى ۋە كۈرە ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت ئەزالىرى كۈرە يامۇلىغا قاراپ يول ئالدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىق شتابى جايلاشقان 3 ـ يۈرۈش قورۇنىڭ ئىچىدىكى ھەشەمەتلىك بىنا 100 نەچچە يىلدىن بېرى ھاكىمۇتلەق چىرىك جاڭجۇنلەرنىڭ ئوردىسى بولۇپ كەلگەنىدى. قورۇنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن ئۈرۈش قوراللىرى ۋۆيلەكلىك تۇراتتى. غەرب تەرەپتىكى تۇرمۇش ئەشيالىرى قويۇلغان چوڭ ئامبارنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، بولاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شەرق تەرەپتىكى چوڭ ئامبارغا سويۇلغان قويلارنىڭ گۆشلىرى بېسىپ قويۇلغانىدى، بۇ گۆشلەرنىڭ ئارىسىدا سان ـ ساناقسىز چاشقانلار چىرقىرىشىپ يۈرەتتى. ئامبارنىڭ ئارقىسىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغان قوي، كالا، ئات، ئېشەكلەر ھېسابسىز ئىدى. ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ قوماندانلىرى ۋە كۈرە ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى كۈرەدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىق شتاب ئىشخانىسىغا كىرىپ، گاۋۋېي بىلەن چېن زىلياڭنىڭ بىر ـ بىرىنى ئېتىشىپ، بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى

گىرەلىشىپ بىر كارىۋاتتا ئۆلۈپ ياتقانلىقىنى كۆردى. پارتىزانلار چېن زىلياڭنىڭ تەرجىمانى ياسىننى مۆكۈۋالغان يېرىدىن تېپىپ چىقتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئەلچىلەر پارتىزانلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، روتىدىن يۇقىرى ئوفىتسېرلارنى چاقىرتىپ، تەسلىم بولۇش ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپتۇ. بەزى ئوفىتسېرلار تەسلىم بولۇشقا ئۇنىماي، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، سىپىلنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئوق چىقىرىپتۇ، ئۇلار ئەدىپىنى يېگەندىن كېيىن، گاۋۋېي بىلەن چېن زىلياڭ ئۆزلىرىنى ئېتىۋاپتۇ.

موگوتنوف، بالتىيوف، ئابدۇللا سۇلتان ئەترەتلىرى ھەش - پەش دېگۈچە قورال - ياراغلار ۋە ئامبارلارنى ئۆتكۈزۈۋالدى، قورالسىزلاندۇرۇلغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆز گازارمىلىرىدا دەم ئېلىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. كۇرەنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قورچاق ئامانلىق ساقلاش 4 - پولكىنىڭ ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى، بىر توپچىلار روتىسى، پولكقا بىۋاسىتە قاراشلىق بىر ئەترەت ۋە ساقچىلار بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق دۈشمەن بىراقلا يوقىتىلدى، 6000 دىن ئوشۇق مىلتىق، 200 دىن ئوشۇق ئېغىر - يېنىك پىلىموت، بىرقانچە ئون مىناميوت، 10 نەچچە زېنىت توپ، يېنىك زەمبىرەك، ئۈچ ئامبار ئوق - دورا غەنىيمەت ئېلىندى. دۈشمەن ئامبارلىرىدىكى ماددىي ئەشيالار ھاجى مەھەممەت باشچىلىقىدىكى بەيتۇلمال ئىدارىسى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كەچ سائەت ئالتىدە، پارتىزانلار ۋە يەرلىك ئاممىدىن 500 دىن ئوشۇق كىشى گۈلۈ ئالدىدا كۇرەنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەپ تەنتەنىلىك يىغىن ئۆتكۈزدى، يىغىنغا قىرغىز پارتىزانلىرىنىڭ كوماندىرى مالىك رىياسەتچىلىك قىلدى. كۇرە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ

باشلىقى ياڭ ××، ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت مەسئۇلى بەكرى غازى قاتارلىق كىشىلەر يىغىنغا قاتناشتى.

كۈرە ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆز جايىدا قان قەرزگە بوغۇلۇپ كۈرەگە قېچىپ كېلىۋالغان ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن 500 گە يېقىنى قولغا چۈشۈرۈلۈپ، ئالاھىدە باشقۇرۇلدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ 5 ـ نومۇرلۇق ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، كۈرەنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، 60 كىشىلىك پەۋقۇلئاددە ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئىدارە باشلىقلىقىغا بەكرى غازى، باش كاتىپلىققا توختى ئىبراھىم بەلگىلەندى، خوجىلىق ئىشلىرىغا يۈسۈپ ئەپەندى، جىنايى ئىشلارغا مەھەممەت ئەپەندى مەسئۇل قىلىندى. پەۋقۇلئاددە ساقچى ئەترەت باشلىقلىقىغا قوشۇمچە توختى ئىبراھىم، مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئىمىنوف ئېلاخۇن تەيىنلەندى. پەۋقۇلئاددە ساقچى ئىدارىسى 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي ئىشقا چۈشتى. پەۋقۇلئاددە ساقچى ئەترىتى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ پىلانى بويىچە كۈرەنى كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەربىي بازىغا ئايلاندۇرۇش تەييارلىقىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئامېرىكىدا مەخسۇس تەربىيىلىنىپ كۈرەگە ئەۋەتىلگەن جاڭ پىڭ بىلەن ياڭ ۋۇنى يوشۇرۇنغان يېرىدىن تېپىپ چىقىپ قولغا ئالدى. ئۇلارنىڭ زامانىۋى بىنوكىل (دۇربۇن)، قورال ۋە باشقا ئەسۋاب ـ سايمانلىرى مۇسادىرە قىلىندى.

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئىلى پارتىزانلىرى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، كۈرەدىكى كاتتا ھەربىي گازارمىدا ئەسىرلەر ئۈچۈن ھەربىي لاگېر تەشكىل قىلىندى. ھەربىي لاگېرنىڭ قوماندانلىقىغا ئابدۇللا سۇلتان، سىياسىي كومىسسارلىقىغا توختى ئىبراھىم بەلگىلەندى.

ھەربىي لاگېرغا 80 كىشىلىك مۇھاپىزەتچى، كۆتكۈچىلەر سەپلەندى. ئەسىرلەرگە ھەربىي فورمىدىكى يېڭى كىيىملەر تارقىتىپ بېرىلدى، ئۇلارنىڭ تەمىناتى ئوفىتسېرلار تەمىناتىغا ئوخشاش بولدى. ئۇلار گۆش، سۈت، شېكەر قاتارلىق يېمەك ـ ئىچمەكلىكلەر بىلەن دائىم تەمىنلەندى. بۇ ھەربىي لاگېرغا سۈيدۈڭ، كۈرەلەر ئازاد قىلىنغاندا ئەسىرگە ئېلىنغان گومىنداڭ ھەربىي ـ ساقچىلىرى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن سىرت، كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرەمباغ، ئايرودروملار ئېلىنغاندا ۋە كەڭساي قاتارلىق جايلار-دىكى ئۇرۇشلاردا ئەسىرگە ئېلىنغان گومىنداڭ ھەربىي ـ ساقچىلىرى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەربىي لاگېردىكى ئەسىرلەر سانى 3000 دىن ئېشىپ كەتتى. ئەسىرلەر بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇشىغا، ئائىللارنىڭ ئېرى بىلەن بىللە تۇرۇشىغا يول قويۇلدى. ئەسىرلەردىن ئازاد رايون ئىچىدىكى ئائىلىسىگە قايتىشنى، مەدىكار بولۇپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا رۇخسەت قىلىندى. ئۇلار داۋالىنىش شارائىتىدىن كەڭ بەھرىمەن بولدى. ھەربىي لاگېر خادىملىرىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى پارلاق نۇر چاچقاچقا، ئەسىرلەردىن لاگېردىن كېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار چىقمىدى. «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن، بۇ ھەربىي لاگېردىكى ئەسىرلەرنى گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ماناس دەرياسى بويىغا ئېلىپ بارغاندا، ئۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ ئەسىرلەرنى تونۇماي قالدى ياكى ئۇلارنىڭ ئۆز ئادىمى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدى.

ئىلى پارتىزانلىرى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كۈرەدە ھەربىي گارنىزون تەشكىل قىلىندى. گارنىزوننىڭ قوماندانلىقىغا مايور بالتىيوف بەلگىلەندى. ھەربىي گارنىزون بىر باتالىيون پارتىزان بىلەن تۇيۇقسىز

ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشىغا كىرىشتى. ئەپسۇسكى، بالتىيوف ئەترىتىدىكى پارتىزانلار غۇلجىدىن قوراشتۇرۇلغان، تەربىيە كۆرمىگەن پارتىزانلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆرە سېپىلى ئىچىدىكى ئاھالىلەرنى يوشۇرۇن بۇلاش، قىز - ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش ۋە شالغۇت قىزلارنى خوتۇنلۇققا ئېلىشىدەك ئەھۋاللار سادىر بولدى. ھەتتا بالتىيوف ئۆزىمۇ ئەڭ گۈزەل بىر شالغۇت قىزنى توقاللىققا ئېلىپ، ھەربىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، قانۇنسىز ئىشلارغا باشلامچى بولۇپ بەردى، ئۇ يەنە نۇرغۇن مال - دۇنيانى مۇسادىرە قىلىۋالدى. بۇ ئەھۋال ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىن مەخسۇس خادىملار كېلىپ، بالتىيوف باشلىق 23 ئادەمنى قولغا ئېلىپ، ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلاردىن ئالتىسىگە ئۆلۈم جازاسى، قالغانلىرىغا قاماق جازاسى بېرىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي گارنىزون ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

كۆرە ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، كۆرەنىڭ مۇرەككەپ ۋە قالايمىقان ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاش جەھەتتە بىرمۇنچە خىزمەتلەر ئىشلەندى. 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، پۇقرالار ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، كۆرە رايونلۇق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، سىدىق ئاخۇن ئاكا ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. رايونلۇق ھۆكۈمەت سەيدۇللام، موللاخۇن، غوپۇر، مەھەممەتئىمىن كەرىموف، ئابدۇللا شەيخى زامان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆز خىزمىتىنى يولغا قويدى. بالتىيوف پارتىزانلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغان ياكى ئۇچرىمىغان، كۆرە ئازاد قىلىنىشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە توپلانغان شالغۇت قىزلاردىن 67 سى ساقچى ئىدارىسىگە توپلىنىپ، ئۇلارغا ھەربىي سېستىرالار كىيىمى كىيگۈزۈلۈپ، ئىچكى ئىشلار

ۋازارىتىگە يوللاپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەرقايسى پارتىزانلار ئەترەتلىرىگە تەقسىم قىلىنىپ، سېستىرالىق، ئاكۇشېركىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ياخشى فېلدشېرلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پارتىزانلار ئەترەتلىرىنىڭ ئوفىتسېرلىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، بەختلىك ئائىلە تەشكىل قىلىشتى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدىكى خەنزۇ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر خوتۇنلۇققا ئالغان ئۇيغۇر ئاياللىرى 150 دىن ئاشاتتى. ئۇلار بىلەن يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇلارغا ئېرىدىن ئاجراشماي ئۆتۈش ئۈيىدىكىلەرگە يول قويۇش، ئېرىدىن ئاجرىشىشنى ئىختىيار قىلغۇچىلارغىمۇ يول قويۇش، تۇل قالغانلارنىڭ ئۆزى خالىغان كىشى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىغا يول قويۇش، تۇرمۇشقا چىقماي، ئۆز ئىمانى بىلەن يۇرتىغا كېتىشنى خالىغۇچىلارغىمۇ يول قويۇشتىن ئىبارەت تۆت پرىنسىپ جاكارلاندى. ئۇلاردىن ئالتىسى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا تۇرمۇشلۇق بولۇشنى خالىغاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپچىلىكى پارتىزانلارغا ئەل بولغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە ياتلىق بولدى، بەزىلىرى بۇرۇنقى ئېرى بىلەن ئۆي تۇتۇپ قالدى، بىرنەچچىسى دېھقان يىگىتلەر بىلەن توي قىلدى.

تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىن مەجبۇرىي يالىنىپ، كۆرەگە ئېلىپ چىقىلغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ سانى بىرقانچە يۈزدىن ئارتۇق بولسىمۇ، سېپىل ئىچىدە تارقالغان قارا كېزىك، ئوزۇقلىنىشنىڭ ناچارلىقى، داۋالىنىش شارائىتىنىڭ يوقلۇقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇلاردىن 250 نەچچىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇلارنىڭ جەسىتى كونا قۇدۇقلارغا تاشلىۋېتىلگەنىكەن. كۆرە جامائىتى ئەخمەت داموللامنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۇلارنىڭ

نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، كۆرە چوڭ مەسچىت جامەسىدە داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزدى. ھايات قالغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكــى دېھقان، ئەسكەر، مەدىكار بولۇپ، خاتىرجەم ھاياتقا ئېرىشتى.

ھەربىي لاگېردىكى ئەسىــرلەر، بولۇپمۇ ئۇچقۇچىــلار ئارىسىدا كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە كوممۇنىــستىــك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى بارلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ئەھۋال دەرھال ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنىــڭ ۋازىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا دوكلات قىلىندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار ئىكەن. ئۇ 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بىر ئەددىلىنىيە قوراللىق پارتىزاننىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن كۆرەگە كەلدى. ھەربىــي لاگېردىكى بارلىق ئەسىرلەر لاگېرنىڭ چوڭ مەيدانىغا يىغىلدى. ئابدۇكېرىم ئاببسوف خەنزۇ تىلىــدا كوممۇنىــستلار ۋە كومسومولىلارنىڭ ئالدىغا چىقىشىنى ئۇقتۇردى. بىــرىنچــى قېتىمدا 13 ئەسىر ئالدىغا چىقتى، ئىككىنچى قېتىمدا يەنە 13 ئەسىر ئالدىغا چىقتى. ئابدۇكېرىم ئاببسوف بۇ 26 ئادەمنى ھەربىي لاگېردىن ساقچى ئىدارىسىگە يۆتكەپ ئەكەلدى ۋە ئەتىسى يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرغۇزۇپ غۇلجىغا ئېلىپ كەتتى.

# ھالاكەتلىك جەڭ — كەڭسايدىكى ئېلىشىش

غۇلجا شەھىرىدە ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇشاۋلياڭ ئۈرۈمچىدە جىددىي ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا بەش يول ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە گومىنداڭنىڭ يېڭى 45 - دىۋىزىيە 3 - پولكىنىڭ كوماندىرى خۇۋېنسى ئۆز قىسمىنى باشلاپ ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولى بىلەن مېڭىپ، تەلكە داۋىنىدىن ئېشىپ، كەڭسايدا پارتىزانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى باتاليون ئەسكەر بىلەن ئۇچرىشىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈيدۈڭگە كىرىپ، ئۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشى كېرەك ئىدى. جۇشاۋلياڭ 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گومىنداڭ زاپاس 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى لى يۈشياڭغا زاپاس 7 - دىۋىزىيە شتابى ۋە شتابقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئەترەتتىكى بىر باتاليون ئەسكىرىنى ھەم گومىنداڭنىڭ يېڭى 45 - دىۋىزىيە 3 - پولكىنىڭ پولك شتابى ۋە ئىككى باتاليون ئەسكىرىنى باشلاپ ئۇرۇش ئاپتوموبىللىرى كالونى ۋە ئۇدۇل ئېتىلىدىغان ئىككى زەمبىرەك بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئاپتوموبىل بىلەن جىڭغا بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق

چۈشۈردى. بۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرى جىڭخا بارغاندىن كېيىن، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بەرمەكچى، يەنى بىر قىسمى ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولىنى بويلاپ سەنتەي، سىمپىتوزا، يېڭى ئەرتەي، كەڭساي، لوسىگۇڭ ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە بىۋاستە ھۇجۇم قىلماقچى، يەنە بىر قىسمى داخىيەنزىدىن جەنۇب تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، گۆرساي ئېغىزىدىن ئېشىپ، يۇقىرىقى، تۆۋەنكى پەنجىملەر ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماقچىدى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، لى يۇشياڭ قىسىملىرىنى باشلاپ جىڭخا كەلدى ۋە كەڭساي ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىغا يۈرۈش قىلىپ، غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىدىغان ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزدى. كەڭسايىنى ئىشغال قىلىپ، ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولىنى ئېچىپ، غۇلجا شەھىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش پىلانى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

بۇ چاغ يېڭىلا غەلىبە قىلغان ئىنقىلابنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى ساقلاپ قېلىش - قالالماسلىقتىكى ھالقىلىق پەيت ئىدى. غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنغان بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەرەمباغ، لەڭشاڭ، ئايرودرومدىن ئىبارەت تايانچ پونكىتلىرى تېخى ئىشغال قىلىنمىغانىدى. ناۋادا ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە كەلگەن بۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرى كەڭسايدىن ئۆتۈپ، تەلكە ئاغزىغا چىقىۋالىدىغان بولسا، غۇلجا شەھىرىنى تولۇق ئازاد قىلىش ئىشىغا ئېغىر خەۋپ يېتەتتى. ئىلى پارتىزانلىرى باش قوماندانلىق شتابى بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، دۈشمەنگە كەڭساي ئىچىدە توسۇپ زەربە بېرىپ، تەلكە ئاغزىدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن، كەڭسايغا خىل پارتىزان ئەترەتلىرىنى ئەۋەتتى. ئاروپ ئەۋزى ۋە كورتىنكو قوماندانلىقىدىكى 600 كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتى، ساقان

ھاجى، چاقانبېك قوماندانلىقىدىكى 200 كىشىلىك لوسگوۋنىڭ پارتىزانلار ئەترىتى، ئەسئەت، پورروخوف، ئايتوغانلار قوماندانلىقىدىكى زەربىدار ئەترەت كەڭسايغا تېزلىكتە يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان لېسكىن قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن قوشۇلۇپ، پولك دەرىجىلىك ئارىلاشما قوشۇن ھاسىل قىلدى.

لى يۈشىياڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىلىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئۈرۈمچى ـ غۇلجا تاشيولى بىلەن ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى گومىنداڭنىڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە 21 ـ پولكىنىڭ 1 ـ باتالىيونى (3 ـ روتىسى يوق)، 2 ـ باتالىيونى، گومىنداڭنىڭ يېڭى 45 ـ دىۋىزىيە 3 ـ پولكىنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق ئەترىتى ۋە 1 ـ، 3 ـ باتالىيونلىرى ئىدى.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياردەمگە كەلگەن بىر كۈچەيتىلگەن باتالىيونى كونا ئەرتەيگە ئۇدۇلدىن ھۇجۇم باشلىدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى باتالىيون گومىنداڭ ئەسكىرى ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن ئايلىنىپ كېلىپ ئۇلارغا ماسلاشماقچى بولدى. ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11دە كونا ئەرتەينى ئىشغال قىلدى. لېكىن، ئۇلار كەڭسايدىكى پارتىزانلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغاچقا، يېڭى ئەرتەيگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىدا ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي قالدى. پارتىزانلار يول ياقىسىدىكى قارىغاي ـ دەرەخلەرنى ئۆرۈپ، يولنى دۈشمەن ئاپتوموبىل ـ تانكىلىرى ئۆتەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، لى يۈشياڭ گومىنداڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى خۇشىڭياڭ، گومىنداڭنىڭ يېڭى 45 ـ دىۋىزىيە 3 ـ پولكىنىڭ كوماندىرى

خۇۋىنسىنى سىمپىتوزىغا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورنى قورۇشقا ئەۋەتتى. 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى لى يۇشياڭ ئۆزى سىمپىتوزىغا بېرىپ، ئورۇشقا نازارەتچىلىك قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، گومىنداڭ قوشۇنلىرى يېڭى ئەرتەيگە يەنە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، پارتىزانلار ئۇلارغا قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بەردى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تۆت كۈن كەسكىن جەڭ بولدى. دۈشمەن قوشۇنى 12 تانكا، برونېۋىك ۋە 15 زەمبىرەك بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇلار ماتورلاشقان قىسىملىرىنى ئالدىغا سېلىپ يامراپ بېسىپ كەلدى، پارتىزانلار كەڭسايىنىڭ يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلگەچكە، تاغ قاپتاللىرى ۋە جىرالارغا مۆكۈنۈۋېلىپ، قاتتىق تىركىشىش ئورۇشى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يول قويمىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۈچۈن يەنە بىر قاتتىق زەربە تەبىئەتنىڭ قىسمىتى بولدى: تاغ ئېگىز، قار قېلىن، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 30 گرادۇس ئەتراپىدا بولغاچقا، گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىكى بەزى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ پۇت ـ قولى ئۈششۈپ كەتتى، بەزىلىرى كۆلتۈك قارغا چۆكۈپ كېتىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئىلاجى بولمىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىكى ئەسكەرلەردىن سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلگەنلەر كۆپەيدى، يارىدارلارنى داۋالاش ۋە يۆتكەپ كېتىش ئىمكانىيىتى بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. تەبىئەتنىڭ بۇ قىسمىتىگە پارتىزانلارمۇ ئۇچراپ، پۇت ـ قول، قۇلاقلىرى ئۈششۈشكە باشلىدى. پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى ئابدۇللا خوجايوف باۋۇدۇننى سۇيىدۇڭگە ئەۋەتىپ، بىر كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە يېتەرلىك پىيما ـ پەلەيلەرنى ئالدۇرۇپ چىقتى، بۇ پارتىزانلارنىڭ دۈشمەنگە قارشى تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش ئىرادىسىگە كۈچلۈك ئىلھام بولدى. شۇ ئارىدا سۇيىدۇڭ، لوسىگۇڭ، چىڭسىخوزا، داشىگۇر، مازار، چىلپەنزە

قاتارلىق جايلاردىن 300دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ياشلىرى كەڭسايغا كېلىپ، بۇ يەردىكى پارتىزانلارغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، كەڭسايدىكى پارتىزانلارنىڭ سانى 1000دىن ئېشىپ كەتتى. پارتىزانلار ئۇرۇش داۋامىدا دۈشمەندىن غەنىيمەت ئالغان قورال ـ ياراغلار بىلەن قوراللىنىپ، جەڭگىۋارلىقىنى بارغانسېرى ئاشۇردى. موگوتنوف پارتىزانلار ئەترىتىدىكى تۇردىيوف مەتقۇربان دۈشمەننىڭ چوڭ يولدا ھەيۋە بىلەن كېلىۋاتقان تانكىسىنى بىر پاي ئوق بىلەن توختىتىپ، قولىغا پالتا ئېلىپ، تانكىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى، شوپۇر قاپقاقنى ئېچىپ چىقىشىغا، ئۇنى پالتا بىلەن جايلىۋەتتى، تانكا ئىچىدىكى بىرنەچچە ئەسكەر ئۆز جايىدىلا ئۇجۇقتۇرۇلدى. تاتار پارتىزان رەخىمجان ئارقىدىن كېلىۋاتقان 2 ـ تانكىنى ئۇجۇقتۇرۇش يولىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئارۇپ ئەۋزى بىر تاش چوققا باغرىدا ئوق تېگىپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. ئۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىشتىن ئىلگىرى ئالىي مەلۇماتلىق پىشقان ئوقۇتقۇچى ئىدى، شۇنداقلا غۇلجا شەھىرىدە پۇتبولچىلار، ۋالىبولچىلار كوماندىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان قابىل ئۇستاز ئىدى.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، گومىنداڭ قوشۇنلىرى 21 ـ پولكىنىڭ 1 ـ باتاليونى تەشكىللىگەن پىدائىيلار ئەترىتى ئىككى ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسىدە، باتاليون كوماندىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا يېڭى ئەرتەيگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، نەتىجە قازىنالمىدى. پارتىزانلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ كەتكەنلىكى ئارقىسىدا، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. شۇ كۈنى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىپ، يېڭى ئەرتەينىڭ شەرق تەرىپىگە بارغاندا، كۆپلىگەن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر كۆلتۈك قارغا چۆكۈپ كېتىپ، بېشىلا

كۆرۈنۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ قار ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان باشلىرى پارتىزانلارنىڭ قوزغالماس قارىغا ئېتىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. خۇۋېنسى باشچىلىقىدا ھۇجۇمغا ئۆتكەن قىسىم ئىچىدىن 20 ئادەم سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئالدىغىمۇ باسالمايدىغان، كەينىگىمۇ چېكىنەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلار ياسىغان ئىستېھكاملىرىنى ماكان قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەن دالدا تاملارنى ياساپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەنە شۇ چاغدا، پارتىزانلار قوشۇنىنى كېڭەيتىش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، غېنى باتۇر 500 كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ كەڭسايغا كەلدى، سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىنى قورشاپ تۇرغان چوڭ قوشۇندىن 250 كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتى باۋۇدۇن خوجايوف، ئابدۇرېھىم تۆلەندىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا كەڭسايغا يېتىپ كەلدى. پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى جەڭ ئەھۋالىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئىككى خىل ھۇجۇم تاكتىكىسىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدى، بۇنىڭ بىرى — ئالدىنقى سەپتە تىركىشىش ئۇرۇشى قىلىش، يەنە بىرى — سىمپىتوزىدىن ھالقىپ دۈشمەن ئارقىسىغا ئۆتۈپ، كەينى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ئىدى، پارتىزانلار بۇ ئارقىلىق دۈشمەننى ئىككى تەرەپتىن قورشاپ يوقاتماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، غېنى باتۇر ۋە باۋۇدۇن خوجايوف ئەترەتلىرى داشىگۇر ئارقىلىق سىمپىتوزىنىڭ شىمالىي بېقىنىغا يېتىپ باردى، قالغان ئەترەتلەر ئالدى تەرەپ ۋە يان تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمما، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 1200 ئادىمى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، سوغۇقتا توڭلاپ ۋە ئاچلىقتىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئاكوپتا تاشتەك قېتىپ قالغان، ساق قالغانلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا ماجالى يوق ئىمجان بولۇپ قالغانىدى، بۇلاردىن بىر قىسمى پارتىزانلارغا تەرسالىق بىلەن ئوق ئېتىپ باققان

بولسىمۇ، كۈچ ئېلىشالماي تەسلىم بولدى، تەسلىم بولغانلارنىڭ سانى 700گە يەتتى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ باتالىيون، پولك دەرىجىلىك ئەمەلدارىدىن يەتتىسى ئۇرۇشتا ئۆلدى. قالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سىمپىتوزىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ زاپاس 7 - دىۋىزىيە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورنى داخىيەنزىگە چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن، لى يۇشياڭنىڭ يېرىم ئاي داۋاملاشقان كەڭسايىنى ئىشغال قىلىپ، ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولىنى ئېچىپ، غۇلجا شەھىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇش پىلانى مەغلۇپ بولدى. پارتىزانلار بۇ ئۇرۇشتا ناھايىتى كۆپ قورال - ياراغ ۋە تانكا، ئاپتوموبىل ھەم باشقا ھەربىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى.

گومىنداڭنىڭ يېڭى 45 - دىۋىزىيە 3 - پولكىنىڭ كوماندىرى خۇۋېنسى جۇشاۋلياڭنىڭ غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى يېڭى لايىھىسى بويىچە كەڭسايىدىكى پارتىزانلارنىڭ كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئاچال ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە يۈرۈش قىلغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە سىمپىتوزا، سەنتەي قاتارلىق جايلاردىكى ئىككى روتا گومىنداڭ قوشۇنىنى باشلاپ، 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى توپچى قىسىملارنىڭ كېچە - كۈندۈز شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇشى ئارقىسىدا يېڭى ئەرتەيگە يالغاندىن ھۇجۇم قىلدى، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمى پارتىزانلارنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان خۇۋېنسى ئامان قالغان ئىككى روتا ئەسكەر (ئادەم سانى 300دىن ئارتۇق) نى ئېلىپ، غۇلجا شەھىرىگە ئۆتۈش ئۈچۈن 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كۆك چوقىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

# ئارىشاڭ، بورتالا ناھىيىلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

ئارىشاڭ، بورتالا ناھىيىلىرى بۇك - باراقسان ئالاتاۋ جىلغىلىرىغا جايلاشقان گۈزەل يايلاق شەھەرلىرى ئىدى. ئۇ يەردە خەلق داۋالىنىدىغان بىرقانچە سۇ ئارىشىڭى بار ئىدى، بۇ ناھىيىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن جايلاشقان بولغاچقا، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. بۇ ناھىيىلەرنى بالدۇرراق ئازاد قىلمىغاندا، بۇلار شەرق تەرەپتىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ ھاردۇق چىقىرىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدىغان بېكىتى، ئارقا سەپ تەمىنات بازىسى بولۇپ قېلىۋېرەتتى - دە، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ شەرق تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىشى مۇمكىن بولماي قالاتتى. ئۇ يەردە يەنە ئىنقىلابقا قاتنىشىش ھالىتىگە كېلىپ، ئىلى پارتىزانلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق خەلقى بار ئىدى.

1944 - يىلى 12 - ئايدا، ئىلى پارتىزانلىرى كەڭساي ئەتراپىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان مەزگىلدە بورتالا، ئارىشاڭ ئەتراپىدىكى موڭغۇل خەلقى بۆلغۇنوف ئىردە باشچىلىقىدا موڭغۇل پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىل قىلغانىدى. ئىلى پارتىزانلىرى قوماندانلىق شتابى ئۇلارغا قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. موڭغۇل پارتىزانلار ئەترىتى كەڭساي پارتىزانلىرىغا ماسلىشىپ ئۇرۇش

قىلىش ئۈچۈن، دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ترانسپورت لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇلار 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خاربۇخ ئەتراپىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىر ئاپتوموبىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاپتوموبىلدىكى 17 ئەسكەرنى يوقىتىپ، 17 مىلتىق، بىر پىلىموت، بىرمۇنچە ئوق ـ دورا، قول بومبىلىرىنى غەنىيمەت ئالدى.

ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئالغاندا، كەڭسساي ئۇرۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئارىشاڭ ۋە بورتالالارنى ئازاد قىلغاندا، ئۈتەينى قولغا كەلتۈرگىلى ۋە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇزۇق ـ تۈلۈكلەردىن مەھرۇم قىلىپ، كەڭسساينى بالدۇرراق ئازاد قىلىشقا قولايلىق ياراتقىلى بولاتتى. كەڭسساي ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان كوزلوف، لېسكىن، نائىل، ئارۇپ قاتارلىق كوماندىرلار مەسلىھەتلىشىپ، بىر قىسىم پارتىزانلارنى ئارىشاڭغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، 300 كىشىلىك غېنى باتۇر پارتىزانلار ئەترىتى، 100 كىشىلىك باۋۇدۇن ئابدۇللا، مەمتىمىن ئۆمەروف پارتىزانلار ئەترىتى بىرلەشمە قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، سۈيدۈڭدىن يولغا چىقىپ، كەڭسسايغا كەلدى ۋە ئۇ يەردە بىرمەھەل جەڭ قىلغاندىن كېيىن، ئارىشاڭغا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. مەمتىمىن ئۆمەروف بىرلەشمە قوشۇننىڭ سىياسىي يېتەكچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى.

غېنى باتۇرنىڭ قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتا مول تەجرىبىگە ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەيرەتى ئۈستۈن، جاسارەتلىك ئەترەت بولسىمۇ، ئۇلاردا ئىنتىزامسىزلىق، تۇرمۇش ئىستىلى قالايمىقان بولۇش ئەھۋالى خېلى ئېغىر ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ نۇقسانلىرىنى تۈزەتكەندىلا، ئاندىن بۇ ئەترەتنى غالىب قوشۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولاتتى.

سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تونۇشى يۇقىرى بولغان مەتىمىن ئۆمەروف بىرلەشمە قوشۇنغا سىياسىي يېتەكچى بولغاندىن كېيىن، ئالتە ماددىلىق (قانۇنسىز چېكىملىكلەرنى چەكمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىك، قىمار ئوينىماسلىق، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىگە تەگمەسلىك، ئاياللارغا چېقىلماسلىق، خەنزۇ پۇقرالارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماسلىق، ئوق چىقارماسلىق، ئىمانىمىزنى پاك تۇتۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك ئەخلاقىنى جارى قىلدۇرۇش) سىياسىي تەربىيە پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، پارتىزانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىنى كۈچەيتتى. بۇ سىياسىي تەربىيە پىلانىدا «كىمكى بۇ ماددىلارغا خىلاپ ئىشلاردا بولىدىغان بولسا، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. مەتىمىن ئۆمەروف بۇ سىياسىي تەربىيە پىلانىنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن غېنى باتۇرغا كۆرسەتتى. غېنى باتۇر بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

— ياخشى قىلىپسەن، سۆيۈملۈك قىزىل پاچاق دوستۇم، — دېدى ئۇ چاقچاق ئارىلاش، — بۇ بەچچىغەر ئادەملىرىمىنىڭ قۇلىقىنى راسا سوزۇپ تۇرۇپ ئوبدان ئوقۇتقىن. ئەگەر سەن تۈزگەن ئاشۇ ئالتە ئايەت رىسالەڭگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىدىغانلار كۆرۈلىدىغان بولسا، ماڭا دەپ قويغىن، مەن ئۇلارنى ئېتىپ تاشلايمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ بىرلەشمە قوشۇندا يۇقىرىقى سىياسىي تەربىيە پىلانى يولغا قويۇلدى. قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىدىن كېيىن، بىرلەشمە قوشۇننىڭ سىياسىي ـ ئىدىيە ۋە ئەخلاق قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى، قوشۇننىڭ ئىنتىزامى كۈچەيدى.

غېنى باتۇر قوماندانلىقىدىكى 400 كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇن 1944 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى داشكۆر، مازار ئارقىلىق ئۆتۈپ ئاقسۇ داۋىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن،

ئاقبايتال، سىمپىتوزا ئارقىلىق سەنتەيگە بارماقچى بولدى، سەنتەيگە بېرىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىگەندىن كېيىن، شىۋېرتىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى دۈشمەننى يوقاتتى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئارشاڭ ئەتراپىدا ئىردە باشچىلىقىدىكى موڭغۇل پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچراشتى. شۇ چاغدا ئارشاڭ ناھىيە بازىرىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىر كۈچەيتىلگەن روتىسى مۇداپىئەدە تۇراتتى. پارتىزانلار تۇتۇۋالغان گومىنداڭ تېلېفونىستى بۇ يەردە 300 نەچچە ھەربىي ـ ساقچى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. غېنى باتۇر قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن موڭغۇل پارتىزانلار ئەترىتى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئارشاڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەن پىلىموت ئوت كۈچى ئارقىلىق پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بىر يېرىم كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان شىددەتلىك ئېلىشىشتا پارتىزانلاردىن 10 نەچچىسى قۇربان بولدى. ئاخىر قاتتىق قوچاقلاشما ئۇرۇشتىن كېيىن، دۈشمەن ئەسكەرلىرى قورچاق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىچىگە قامىلىپ قالدى. پارتىزانلار 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى قالدۇق دۈشمەننى تولۇق يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئارشاڭ ناھىيىسى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى. ئارشاڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا دۈشمەننىڭ 70دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى، ئارشاڭ ناھىيە بازىرىنى قوغداپ تۇرغان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ روتا كوماندىرى قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بورتالا ناھىيىسىگە قېچىپ كەتتى. ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىمى ۋاڭ بىڭشياڭ ۋە بىر قىسىم ھەربىي ـ ساقچىلار ئەسىرگە ئېلىندى، سەككىز پىلىموت، 290 مىلتىق، تۆت ئاپتومات ۋە بىر قىسىم ئوق غەنىيمەت ئېلىندى. ئارشاڭدا

ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، پۈجە ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەندى.

ئارىشاڭ ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا پارتىزانلار بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ كوماندىرى غېنى باتۇر يارىلاندى. پىلىموتتىن ئېتىلىپ چىققان بىر ئوق غېنى باتۇرنىڭ بويىنىغا تەگدى، يەنە بىر ئوق مۇرىسىدىن كىرىپ، قوۋۇرغىسىدىن چىقىپ كەتتى. قان كۆپ ئېقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋاقتىدا غۇلجىغا ئەۋەتىلىپ داۋالىتىلغاچقا، ھاياتى ئامان قالدى.

گومىنداڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى لى يۇشياڭ ئارىشاڭ ناھىيە بازىرىنى پارتىزانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئاقسۇ داۋىنى ئارقىلىق غۇلجىغا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى خۇشېڭياڭنى بورتالا، ئارىشاڭ تەرەپتىكى ئۇرۇش ئىشلىرىغا بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. خۇشېڭياڭ 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بورتالاغا بارغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بورتالا ناھىيە بازىرىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇپ تۇردى ۋە بىر باتالىيون ئەسكەر بورتالا ناھىيە بازىرىنى ساقلاش، بىر باتالىيون ئەسكەر بىلەن ئارىشاڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، لى يۇشياڭدىن ئىككى باتالىيون ئەسكەر كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لى يۇشياڭ 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بىر باتالىيون ئەسكىرىي كۈچنى بورتالا ناھىيە بازىرىغا كىرىش ۋە ئارىشاڭغا قاراپ ئىلگىرىلەپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ گومىنداڭ قوشۇنى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شياۋيىڭپەننى، 14 ـ كۈنى لاۋشاۋفاڭنى ئىشغال قىلدى، 16 ـ كۈنى خاربۇختا قاراپ ئىلگىرىلىدى، 17 ـ كۈنى خاربۇختىكى پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، شياۋيىڭپەنگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنى خاربۇخ ئەتراپىدا توسۇلۇپ

قىلىپ، زادىلا ئىلگىرىلىيەلمىدى.

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئىلى پارتىزانلىرى ۋە ئىردە باشچىلىقىدىكى موڭغۇل پارتىزانلار ئەترىتى ئارشاڭ ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ، خاربۇخ، شياۋيىڭپەنلەرگە ھۇجۇم قىلدى، گومىنداڭ قوشۇنلىرى پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا چېكىندى. بورتالا ناھىيە بازىرىنى ساقلاپ تۇرغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋەزىيەتنىڭ قاملاشمايۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلەپ، 100 ئاپتوموبىلغا يېقىن ئاشلىق، مال ـ مۈلۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى بۇلاپ جىڭغا قاراپ قاچتى. بورتالا ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىمى شۇسۇڭتاۋ 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېچىسى قورچاق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە بىر قىسىم ئائىلىنى باشلاپ شىخوغا قاراپ قاچتى. 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پارتىزانلار بورتالا ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلدى.

شۇ كۈنى گومىنداڭنىڭ بورتالا ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىنقىلاش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. كومىتېت ئۇرايىم، نامجىل، ئۆمەرئاخۇن، خەلىپ، ئايىمەت، دورجىلاردىن تەركىب تاپتى. ئۇرايىم كومىتېتنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى بولدى.

ئارشاڭ، بورتالا ناھىيىلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى تايانچ پونكىتلىرىغا ياردەم بېرىش پىلانىنى مەغلۇپ قىلدى، پارتىزانلارنىڭ شەرق تەرەپكە قاراپ غەلىبىسىنى ئىلگىرىلەپ سەنتەي، ئۇتەيلەرنى ئازاد قىلىش ۋە جىڭ، شىخولارغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى.

# مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئىلگىدىن باشلانغان قوراللىق ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى غۇلجا شەھىرىنى ۋە ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىلا ئازاد قىلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ قوراللىق ئىنقىلابنى ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتىشكە توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى پارتىزان ئەترەتلىرىنى ياخشى تەلىم - تەربىيە ئالغان، ھەربىي ئىنتىزامى قاتتىق بولغان، بىرقەدەر ياخشى قوراللانغان مۇنتىزىم ئارمىيىگە ئايلاندۇرۇش زۆرۈر ئىدى. مۇشۇنداق بولغاندىلا، بۇ قوشۇن باشقا جايلاردىكى پارتىزانلار ئەترەتلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، سان ۋە قورال - ياراغ جەھەتتىن ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ قىلالايتتى. شۇنىڭ بىلەن، پارتىزانلار ئەترەتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىشى ئەمدىلا ئىشقا كىرىشكەن ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇلدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 4 - قېتىملىق يىغىنىدا ئىنقىلاب مېۋىسىنى ۋە تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىدىن ئەسكەر ئېلىپ، قۇدرەتلىك قوشۇن تەشكىللەش قارار قىلىندى. 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى

يىغىنىدا 6 ـ نومۇرلۇق قارار ماقۇللىنىپ، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئاپپارات تەسىس قىلىش، ھەربىي ئۇنۋاننى يولغا قويۇش، پاگون ۋە ھەربىي فورمىنى بېكىتىش قاتارلىق ئىشلار بەلگىلەندى، جۈملىدىن ھەربىي ئىشلار نازارىتى تەسىس قىلىش، ئۇنىڭ نازىرلىقىغا ۋاقىتىنچە پېتېر رومانوۋىچ ئالېكساندروف ئۇستىگە ئېلىش بەلگىلەندى؛ جەڭچىلەرنى ئاددىي ئەسكەر، يېفرېيتور، ئۇنتېر ئوفىتسېر، ستارشىي ئۇنتېر ئوفىتسېر، فېلد فېبېللارغا بۆلۈش، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا پراپورشىك، پودپورۇچىك، پورۇچىك، كاپىتان ئۇنۋانلىرىنى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا مايور، پودپولكوۋنىك، پولكوۋنىك ئۇنۋانلىرىنى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا گېنېرال مايور، گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانلىرىنى بېرىش بەلگىلەندى؛ پاگون ۋە ھەربىي فورمىنى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭكىگە تەقلىد قىلىش، پاگون جىيەكىدىكى كۆك، قىزىل، ئاق رەڭلەر ئارقىلىق ئاتلىق، پىيادە، توپچى قىسىملارنى پەرقلەندۈرۈش، پاگون تۈگمىسىگە ئاي ـ يۇلتۇز بەلگىسىنى چۈشۈرۈش، ھەربىي فورمىنىڭ رەڭگى ماش رەڭ بولۇش بەلگىلەندى. 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى 19 ـ نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىدارىسى تەسىس قىلىش، «ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى»نى ئېلان قىلىشنى قارار قىلدى. «ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى»دا ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدىغانلىقى، 20 ياشتىن 22 ياشقىچە بولغان پۇقرالار ئەسكەرلىككە چاقىرىلىدىغانلىقى، ھازىر دەل ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىش مەزگىلى بولغاچقا، 23 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان پۇقرالارنىڭمۇ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىدا 25 ـ

نومۇرلۇق قارار ماقۇللىنىپ، خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئىنقىلابچىلارنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن «ئازادلىق» ئالىي ئوردېنىنى تەسىس قىلىش قارار قىلىندى. ھەمدە ئوردىن بېرىش شەرتى، چارىسى، ئوردېنغا ئېرىشكەنلەر بەھرىمەن بولىدىغان تەمىنات ۋە ھوقۇقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. «ئازادلىق» ئوردېنىنىڭ لايىھىسى مۇنداق بەلگىلەندى: «ئازادلىق» ئوردېنى ئالتۇندىن قۇيۇلىدۇ، ئوردېنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇز بولىدۇ، بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزنى ھىلال ئاي ئوراپ تۇرىدۇ، ھىلال ئاينىڭ تۆپە تەرىپىگە «ئازادلىق» دېگەن خەت يېزىلىدۇ. بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئوردېن نومۇرى، ھىلال ئاينىڭ كەينىگە ۋاقىت يېزىلىدۇ. ھىلال ئاينىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مىللىمېتىر، ئوردېنىنىڭ دىيامېتىرى 31 مىللىمېتىر، توغرا بالدىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 20 مىللىمېتىر بولىدۇ.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يۇقىرىقى بىر قاتار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش ئاساسىدا، جايلاردىكى پارتىزان ئەترەتلىرىنى مۇنتىزىم قوشۇن قىلىپ تەشكىللىدى، بۇ قوشۇن ئالتە پولك، ئىككى باتالىيون، بىر روتىدىن تەركىب تاپتى: ھەرەمباغ، ئاچال ئۇرۇشىغا قاتناشقان پارتىزانلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى، تەلىم ـ تەربىيە 4 ـ پولكى، سۈيدۈڭ ئۇرۇشىغا قاتناشقان پارتىزانلاردىن تەشكىل قىلىنغان سۈيدۈڭ پىيادە ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى، چىلپەنزە، كەڭساي ئۇرۇشىغا قاتناشقان پارتىزانلاردىن تەشكىل قىلىنغان كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى، ئارشاڭ، بورتالا پارتىزانلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى

(باتاليونى) ، خۆيزۆ پارتىزانلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان خۆيزۆ ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزيونى، سۆمۆل پارتىزانلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان شىبە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونى (روتىسى) . بۇلاردىن باشقا، توققۇزتارا ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى، زەمبىرەكچىلەر مۇستەقىل باتاليونى، مۇھاپىزەتچىلەر باتاليونى، مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزيونى بار ئىدى. قوشۇننىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى 15 مىڭغا يەتتى. ھەربىر پولكتا بىردىن پولك كوماندىرى، ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ۋە شتاب باشلىقى قويۇلدى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن غۇلجا شەھىرىدە داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزدى. مۇراسىم توغ مەيداندا (ئىلگىرىكى ۋاڭ قادىر بېغىنىڭ، ھازىرقى «خەلق» باغچىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا) ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى ۋە 10 مىڭلىغان ئامما قاتناشتى. باش قوماندان پالىنوف، مۇئاۋىن باش قوماندانلار ئىسھاقبەگ مونونوف، زۇنۇن تېيىپوف، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ئەخمەتجان قاسىمى، سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى ئابدۇكېرىم ئاباسوف قاتارلىق كىشىلەر مۇراسىم سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئېلىخان تۆرە مۇراسىمدا سۆز قىلدى ھەمدە قىسىملارغا ئاي ـ يۇلتۇز بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا» دېگەن شوئار يېزىلغان ھەربىي بايراق ۋە ئايەت يېزىلغان ئاق رەڭلىك ئىسلام بايرىقىنى تەقدىم قىلدى. مۇراسىمدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوف مىللىي

ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، ئىسھاقبەگ مونونوف، زۇنۇن تېيىپوفلار مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا، ۋ. م. ماژارروف شتاب باشلىقلىقىغا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف سىياسىي بۆلۈم مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئىسھاقبەگ مونونوفقا گېنېرال لېيتناتلىق ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پارات ئۆتكۈزۈلدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرقايسى قىسىملاردىن كەلگەن 3000 گە يېقىن كوماندىر ـ جەڭچى ھەربىي پارات قوماندانى يۇنچېڭ ئايتۇغاننىڭ باشچىلىقىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي فورمىسىنى كىيىپ، يېڭى پاگون، كاكارلىرىنى ۋە تۇنجى قېتىم تارقىتىلغان ئوردېنلىرىنى تاقاپ، رەتلىك تىزىلىپ پاراتتىن ئۆتتى. ئېلىخان تۆرە قاتارلىق ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى پارات قوبۇل قىلدى. 10 مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى سۆيۈملۈك ئارمىيىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى. يىغىندا «4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئارمىيە قۇرۇلغانلىق بايرام كۈنى» دەپ جاكارلاندى.

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال ئاساسىي كۈچنى باشقا ۋىلايەتلەرگە يۆتكەپ، ئۈچ يۆنىلىش بويىچە جەڭ قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. شىمالىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش؛ ئوتتۇرا يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى جىڭ، شىخودىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلەش؛ جەنۇبىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرى بىلەن ماسلىشىپ، كەڭ ئاممىنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋە شىمالىي يۆنىلىش، ئوتتۇرا يۆنىلىشتە بولۇۋاتقان جەڭنىڭ غەلىبىلىك ئېلىپ

بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. مىللىي ئارمىيىدە باش شتاب قارمىقىدا ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمى، ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمى، تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمى، رازۋېدكا بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈم، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ ئىشقا كىرىشتى.

ئۈچ يۆنىلىش بويىچە جەڭ قىلىش پىلانى 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلدى، بۇ پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا پالىنوف، ئىسھاقبەگ قاتارلىق كىشىلەر قوماندانلىق قىلدى. قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، مۇئاۋىن باش قوماندان گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوفنىڭ قوماندانلىقىدا، فېدايوف، نوغايبايوفلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى 1 ـ ئازاد نىشانلىق پولك، مەۋلانوف، ئىبراھىموفلار يېتەكچىلىكىدىكى تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى، پولكوۋنىك مەنسۇر لومىيوف يېتەكچىلىكىدىكى 5 ـ خۇيزۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى، مايور بايىنتو يېتەكچىلىكىدىكى شىبە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونى جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. پولكوۋنىك موگوتنوف، مەرغۇپ ئىسھاقوفلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى سۇيدۇڭ ئاتقۇچ پولكى، پولكوۋنىك قېيۇمبەگ، پودپولكوۋنىك ئايتۇغانلار يېتەكچىلىكىدىكى غۇلجا ئازاد نىشانلىق 2 ـ ئاتقۇچ پولكى شىخو ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى، بۇ قوشۇنلار شىخوغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارغا پولكوۋنىك ئابلاخان پولكى، قازىقاننىڭ پارتىزانلار چوڭ ئەترىتى يېقىندىن ماسلاشتى. پولكوۋنىك لېسكىن بىرىگادىسى تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇبوروفلار يېتەكچىلىكىدىكى بىرلەشمە قوشۇن ۋە موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى ئاقسۇنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن

يۇرۇپ كەتتى. شىخو ئۇرۇشى ۋە شىمالىي يۆنىلىشتىكى جەڭگە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىدىغان مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال پالىنوف ئالدىنقى سەپكە يېتىپ بېرىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئارىشاڭ ۋە بورتالا ناھىيىلىرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن تەشكىل قىلىنغان پودپولكوۋنىك بۇلغۇنوف ئەترەت باشچىلىقىدىكى موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يۇرۇپ كەتتى، بۇ دىۋىزىيوننىڭ سىياسىي يېتەكچىلىك خىزمىتىنى پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان ئۇستىگە ئالدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان بۇ قىسىملىرىنى مىللىي ئارمىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئالغان جىڭ ئۇرۇشى، شىخو ئۇرۇشى، ئاقسۇ ئۇرۇشى قاتارلىق ھەل قىلغۇچ چوڭ جەڭلەر كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى.

# شىخودىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ

شىخو ناھىيىسى ئىلى ۋىلايىتى بىلەن ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى ھەم بۇ ۋىلايەتلەردىن ئۈرۈمچىگە بېرىشتا چوقۇم بېسىپ ئۆتۈلىدىغان يول بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شۇڭا، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلاشتىن ئىلگىرىلا بۇ جايىنىڭ مۇداپىئەسىنى زور ئېتىبار بىلەن كۈچەيتكەنىدى. 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قوزغىلىپ ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۈچ يۆنىلىش بويىچە جەڭ قىلىش پىلانى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى شىخودىكى ھەربىي كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ناۋادا شىخو قولدىن كېتىدىغان بولسا، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قاق بېلى ۋە ئومۇرتقىسى پاچاقلىنىپ كېتەتتى - دە، مەغلۇبىيەت ئۈستىگە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن خالىي بولالمايتتى. شىخو ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 260 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدىغان بولغاچقا، شىخو قولدىن كېتىپ قالسا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئېغىر خەۋپكە ئۇچرايتتى. شۇڭا، جۇشاۋلياڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ شەرق تەرەپكە يۈرۈش قىلىشىنى توسۇش

ئۇچۇن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى 29 ـ ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى بىلەن يېڭى 2 ـ كورپۇس شتابىنى ئۈرۈمچىدىن شىخو ناھىيە بازىرىغا يۆتكەش، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ دىۋىزىيىسى شتابى داۋاملىق شىخودا تۇرۇش، لېكىن ئۇنىڭ 1 ـ پولكىنى چېپەيزە، گەنجاخو، بەشبۆلاق قاتارلىق جايلارغا يۆتكەش، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە شتابىنى كونا شىخودا تۇرۇشقا يۆتكەش، ۋاقىتلىق 2 ـ دىۋىزىيىنىڭ 2 ـ پولكىنى مايتاغ، گۇرت، چىگىشۇر قاتارلىق جايلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش، يېڭى 2 ـ كورپۇسنىڭ كوماندىرى شيې يىغېڭنى 29 ـ ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى لى تيېجۇنگە ھەمكارلىشىپ شىخودا تۇرۇپ، شىخو ۋە جىڭدىكى ئۇرۇشلارغا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە، گومىنداڭنىڭ شىخو تەۋەسىدىكى ئەسكىرىي كۈچى 5000 دىن ئاشاتتى، بۇ قوشۇنلار: 2 ـ كورپۇس شتابى ۋە كورپۇسقا بىۋاسىتە قارايدىغان ئالاھىدە خىزمەت باتالىيونى؛ يېڭى 45 ـ دىۋىزىيە 3 ـ پولكىنىڭ 3 ـ باتالىيونى، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە 21 ـ پولكىنىڭ 2 ـ باتالىيونى، برونېۋىك تانكا روتىسى، ئېغىر پىلىموت روتىسى، زېنىت توپ ئەترىتى، ئاپتوموبىل پولكىنىڭ بىر قىسمى، چېپەيزىدىكى بىر پولك قوشۇن، جەنۇبىي تاغ بورتۇنكىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى، مايتاغدىكى ئىككى روتا، چىگىشۇردىكى پىلىموت باتالىيونى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گومىنداڭ قوشۇنلىرى نۇرغۇن ئوق ـ دورا، تەمىنات ۋە ھەربىي ئەشيالارنى شىخوغا يۆتكىدى، نۇرغۇن ئىستىھكام ياساپ، ئاكوپ قازدى، شىخو ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىغا سىم توسۇق ئورنىتىپ، چوڭقۇر خەندەك قېزىپ، ئىچىگە سۇ توشقۇزدى، ئاساسلىق يوللارغا مىنا كۆمدى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى مۇشۇنداق جىددىي ۋە خەتەرلىك ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، «جىلڭ ناھىيىسىنى قورشاپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن شىخو ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلىپ، شىخودىكى دۈشمەننى شىمال تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىش، غەرب تەرەپتىن چوڭ ھۇجۇم باشلاش» تىن ئىبارەت دانا تەدبىرنى بېكىتتى، جۈملىدىن شىخونى ئازاد قىلىش ئۈچۈن مەركىزىي فرونت ئېچىلىپ، بۇ فرونتنىڭ باش قوماندانلىقىغا گېنېرال پالىنوف، مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا گېنېرال ئىسھاقبەگ تەيىنلەندى. شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا پولكوۋنىك موگوتنوف، پولكوۋنىك مەرغۇپ ئىسھاقوف قوماندانلىقىدىكى سۈيدۈڭ 1 - پىيادە ئاتقۇچ پولكى، تارباغاتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 - پولكى، مىللىي ئارمىيە باش شتابى قارىمىقىدىكى ئاتلىق مۇھاپىزەت دىۋىزىيونى، ئىمردە قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيونى، مايور پوروخوف، مايور ئەسئەت تېيىپوف قوماندانلىقىدىكى 1 - زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيونى، پودپولكوۋنىك قازىقان باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى 4000 دىن ئاشاتتى.

دۈشمەننىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى مەركىزىي فرونتتا شىخو ئۇرۇشىغا مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ئۇرۇشنى ھەممە ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى ئامىل دەپ قارايتتى. دېمىسمۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرى شىخودا قاتتىق مۇداپىئە تەدبىرى قوللانغانىدى. چېپەيزىدە قولغا چۈشكەن بىر گومىنداڭ ئوفىتسېرىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، گومىنداڭ قوشۇنلىرى شىخودا ئۈچ قەۋەت مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرغان، ئۇ يەردە 172 ئىستىھكام (بەزىلىرىنىڭ چوڭلۇقى بىر روتا ئەسكەر پاتقۇدەك ئىكەن)، 100 لىگەن بىلىنداژ (پاناھ جاي) ۋە مۇداپىئە پونكىتى بار ئىكەن. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇم

قىلىش يولى تۆزلەڭلىك بولۇپ، دالدا بولغۇدەك جاي، قىيا - خادا ياكى ئورمان - گىياھمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ تۆزلەڭلىك كەتكەن سازلىق ئىدى، دۈشمەنلەر سازلىقنى سۇغا باستۇرۇپ، ئادەم ماڭغۇسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

ئەنە شۇنداق قىيىن شارائىتتا، فرونت قوماندانلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئالدى بىلەن سۇيدۇڭ 1 - پىيادە ئاتقۇچ پولك سۇيدۇڭدىن يولغا چىقىپ، بورتالانىڭ شەرقىي شىمالىنى ئايلىنىپ، قىزىل تۆز كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى جايىر تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى يوشۇرۇن يوللار ئارقىلىق 19 كېچە - كۈندۈز پىيادە مېڭىپ، شىخو ناھىيىسىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى بولغان چېپەيزىگە يېتىپ كەلدى. چېپەيزە كىچىك قىشلاق بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىنى چېپەيزە دەرياسى ئوراپ تۇرغاچقا، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئالغا بېسىش يولىنى توسۇپ تۇراتتى. چېپەيزىدە دۈشمەننىڭ بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ئورۇنلاشقانىدى، ئۇلار مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرىغا تايىنىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. دۈشمەن دەريانىڭ غەربىي تەرىپىنى پۈتۈنلەي مىنالاشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ئىچىدە ئاتلىقلارمۇ كۆرۈنمەيدىغان چوڭقۇر خەندەك كولىنىۋالغانىدى. 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئىككى ئوتتۇرىدا كەسكىن جەڭ باشلاندى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى خەندەكنىڭ ئىچىدە ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ ئوق ياغدۇرۇپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى خېلى چىقىمغا ئۇچراتتى. فرونت قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چېپەيزىنى بىر كۈندىلا ئىشغال قىلىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، دۈشمەن غالجىرانە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىككى كۈن تىركىشىپ جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، دۈشمەن ئايروپىلانى ئارقا - ئارقىدىن ئۇچۇپ كېلىپ ئوق ياغدۇرۇپ، بومبا تاشلاپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە

قاتتىق توسقۇنلۇق قىلدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ناھايىتى زور چىقىم تارتقان بولسىمۇ، جەڭنى باتۇرلۇق بىلەن داۋاملاشتۇردى. سۇيدۇڭ 1 - پىيادە ئاتلىق پولكىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى چىپەيزىنىڭ غەرب تەرىپىدىن دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ شىخو، ماناس بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۈرۈشنىڭ 3 - كۈنى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى چىپەيزىدىكى دۈشمەنگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەننى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، چىپەيزە كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇپ، شىخوغا قاراپ قاچتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىخونىڭ سىرتىدىكى مۇھىم تايانچ پونكىتى بولغان چىپەيزىنى ئىشغال قىلدى. قاچقان دۈشمەننى قوغلىغان مىللىي ئارمىيە روتا كوماندىرى ئەزىز ئەكبەروف دوتەي كەنتىدە دۈشمەننىڭ 59 ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ خۇيزۇ، ئىككى خەنزۇ ئەسكەردىن باشقىسى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئىدى، ئەسىر ئېلىنغانلار ئىچىدە زۇنۇن كەرىموف دېگەن ئۇيغۇر ئىززۋوت كوماندىرى بار ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى شىخوغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇلار شىخوغا قاراپ بىرقانچە كىلومېتىر ئىلگىرىلەپ، شۇ ئەتراپتىكى جاڭزىلار ۋە دەل - دەرەخلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، شىخوغا ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. مىللىي ئارمىيە مەركىزىي فرونت قوماندانلىق شتابى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاڭ ئالدىدا شىخوغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاشنى ئۇيۇشتۇردى. سۇيدۇڭ 1 - پىيادە ئاتلىق پولكى، تارباغاتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 - پولكى، موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى ئاساسلىق ھۇجۇم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، ئاتلىق مۇھاپىزەت دىۋىزىيونى زاپاس قوشۇن بولدى.

شىخو ناھىيىسىگە غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرەپتىن شىددەتلىك ھۇجۇم باشلاندى. شىخودا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىككى تانكىنىڭ ھىمايىسىدە قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، تانكىنىڭ بىرىنى پارتلىتىۋەتتى، يەنە بىر تانكا چوڭقۇر جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى. دۈشمەن قوشۇنلىرى تانكىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بۇيرۇققا بىنائەن ئوت ئېچىشنى پەسەيتىپ، دۈشمەننىڭ تېخىمۇ يېقىنراق كېلىشىنى كۈتتى. ئارىلىق 50 مېتىر قالغاندا، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئومۇمىيۈزلۈك شاھماد شەكلىدە شىددەتلىك ئوت ئاچتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى شىددەتلىك زەربىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قېلىپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئوت چىقىرىپ، قالايمىقان قېچىشقا باشلىدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى قاچقان دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بەردى. ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، بەزى جەڭچىلەر سىرت كىيىمىنى يېشىۋېتىپ، ئىچ كىيىم بىلەنلا دۈشمەنگە ئوق ياغدۇردى. ئەسكىرىي چىقىممىز ئېغىر بولغاچقا، قوماندانلىق شتاب گىرەلەشمە جەڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلمىدى.

9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىرىنچى مۇداپىئە سېپىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، شىخو ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قارا دۆڭنى ئىشغال قىلدى. شۇ كۈنكى ھۇجۇمدا سۈيدۈڭ 1 ـ پىيادە ئاتقۇچ پولكى كۆپ چىقىم تارتتى. بۇ پولكتىكى بەزى روتىلاردا روتا، ئىنزۋوت كوماندىرلىرى پۈتۈنلەي ئۆلۈپ ۋە يارىلىنىپ، ستارشىنا، كاتىپلار مۇۋەققەت روتا، ئىنزۋوت كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى.

دۈشمەننىڭ ئىككىنچى مۇداپىئە لىنىيىسى شىخو ناھىيە

بازىرى بىلەن قارا دۆڭ مەھەللىسى ئارىلىقىدىكى شىمال تەرەپتىن جەنۇب تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان سازلىق بولۇپ، دۈشمەن ئۈچۈن تەبىئىي مۇداپىئە شارائىتى ھازىرلىغانىدى. بۇ مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى پۇختا ئىستىھكام ۋە تەبىئىي مۇداپىئە شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. دۈشمەن ئىككى قېتىم قاتتىق قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، جەڭ ناھايىتى قاتتىق ۋە كەسكىن بولدى. مىللىي ئارمىيە كوماندىر ـ جەڭچىلىرى قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئىككى قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە ئاساسلىق كۈچىنى يۆتكەپ كېلىپ، يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغاپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىككىنچى مۇداپىئە لىنىيىسىدىن بۆسۈپ ئۆتتى. بۇ زەربىدىن كېيىن دۈشمەن ھالسىراشقا باشلىدى. ئەنە شۇ ھالقىلىق پەيتتە، غۇلجىدىكى گومىنداڭ ئايرودرومىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان ئىككى ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ، شىخو ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى بومباردىمان قىلىپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ جاسارىتىگە زور مەدەت بەردى. مىللىي ئارمىيىنىڭ مىنامىيوتلىرىمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ، شىخو ناھىيە بازىرىنى ئىس ـ تۈتەككە كۆمدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ بارلىق ئاساسىي كۈچ بىلەن قىلغان شىددەتلىك ھۇجۇمى نەتىجىسىدە، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىخودىكى ئۈچىنچى مۇداپىئە سېپىمۇ بىتچىت قىلىندى. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، شىخو ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى تارمار بولۇپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ قاچتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى شىخو ناھىيە بازىرىغا ئۈچ تەرەپتىن بېسىپ كىرىپ، كوچا ئۇرۇشى قىلىشقا باشلىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى، ئىدارە، دۇكان، ئېغىل ـ قوتان، ئەسكى تاملىق،

ھاجەتخانا، ئورەكلەرگە مۆكۈنۈۋالغانىدى، ئۇلاردىن قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر يوقىتىلدى، قورال تاپشۇرغانلار ئەسىرگە ئېلىندى.

شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ نۇرغۇن كوماندىر - جەڭچىلىرى قۇربان بولدى. مىللىي ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى ئارىسىدىن نى - نى شىر يۈرەك باتۇر - ئەزىمەتلەر بارلىققا كەلدى. ئۇرۇشنىڭ 4 - كۈنى قاتتىق تىركىشىش ئۇرۇشى داۋام قىلىۋاتاتتى. دۈشمەن مۇداپىئەسىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى 172 - نومۇرلۇق ئىستىھكام ئىدى. سۈيدۈڭ 1 - پىيادە ئاتلىق پولكىدىن قەھرىمان ئىنژۋوت كوماندىرى ياسىن ئۆز ئىنژۋوتىدىكى جەڭچىلەرنى باشلاپ، ئاخىرغىچە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، چوڭ يولدىكى مۇھىم توسالغۇ «قىزىل بوت»نى يىمىرىپ تاشلاپ، شىخو ناھىيە بازىرىغا بۆسۈپ كىرىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى، ياسىن ۋە ئۇنىڭ ئىنژۋوتىدىكى بارلىق جەڭچىلەر شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. 172 - نومۇرلۇق ئىستىھكامنىڭ سول قانىتىدىكى 91 - نومۇرلۇق ئىستىھكامغا ئورۇنلىشىۋالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى جاھىللىق بىلەن ئوت ئېچىپ، 4 - روتا جەڭچىلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قويىدى. بۇ روتا بۇ ئىستىھكامنى ئېلىش ئۈچۈن ئىككى قېتىم زەربىدار گورۇپپا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوت ئېچىپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بىرقانچە جەڭچى قۇربان بولدى، بىرقانچە جەڭچى يارىدار بولدى. روتىنىڭ سىياسىي رەھبىرى مۇسايوف «ئاپلا، باللارنىڭ ھەممىسى قۇربان بولۇپ كېتىدىغان بولدى» دەپ كۆزىدىن ياش تۆكۈۋاتقان پەيتتە، ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن جەڭچى دارايوف تۇرغان ئۆمىلەپ قوپۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭدى، روتىدىكى جەڭچىلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ خۇشاللىققا چۆمۈپ، دۈشمەن ئىستىھكامنى قاتتىق ئوققا تۇتۇپ تۇردى. تۇرغان بەش مېتىر ئىلگىرىلىۋالغاندىن كېيىن،

ئىستىھكام قېشىدىكى ئوق تەگمەس دائىرىگە كىرىۋالدى. ئىستىھكامدىكى دۈشمەنلەر بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قېلىپ گرانات تاشلىدى، تۇرغان ئۇچۇپ كېلىۋاتقان گراناتنى چەبدەسلىك بىلەن تۇتۇۋېلىپ، شۇ هامان ئىستىھكام ئىچىگە تاشلاپ كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئىستىھكامغا چاپلىشىۋالدى. ئىستىھكام ئىچىدە گرانات پارتلاش بىلەن تەڭلا دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئىستىھكامدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆزلىرىنى خەندەككە ئاتتى، تۇرغان قول پىلىموتى ئارقىلىق ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ قىرىپ تاشلىدى. جەڭچىلەر ئۇررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ، ئىستىھكامنى ئىشغال قىلدى.

شىخودىكى هەل قىلغۇچ جەڭدە مىللىي ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن 700 ئۆپچۆرىسىدە ئادەم قۇربان بولدى، 450 ئادەم يارىدار بولدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن 900 دىن ئارتۇق ئادەم يوقىتىلدى، 1200 دىن ئارتۇق ئادەم ئەسىرگە ئېلىندى. بەش تانكا ۋە برونېۋىك، 15 زەمبىرەك، 12 چوڭ مىناميوت، بىر زېنىت توپ، 38 پىلىموت، 1700دىن ئارتۇق مىلتىق، 939 قىلىچ، 1 مىليون پايدىن ئارتۇق ئوق، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن 13 ئاپتوموبىل ۋە باشقا نەرسىلەر غەنىيمەت ئېلىندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئازاد قىلىنغان شىخو ناھىيىسى ئاسمىنىدا غەلىبە ساداسى ياڭرىدى. ناھىيەدە ئىنقىلابىي هاكىمىيەت قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى. ناھىيە بازىرىدا نورمال تەرتىپ ئورنىتىلىپ، پۇقرالار خاتىرجەم تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى.

مىللىي ئارمىيە شىخونى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، پالىنوف ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى بىلەن سۇيدۇڭ 1 - پىيادە ئاتقۇچ پولكىغا قاچقان دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاش هەققىدە بۇيرۇق بەردى، ئۇلار كۇيتۇڭ، شىخو ئايرودرومى، مايتاغ قاتارلىق جايلارنى كەينى - كەينىدىن ئازاد قىلىپ، يەنسخەيگە

قاراپ ئىلگىرىلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنسەخەي، سەندوخوزىلارنى ئازاد قىلىپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا باردى. پالىنوف يەنە تارباغاتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 ـ پولكىنىڭ بىر قىسمى بىلەن موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونىغا جىڭ تەرەپتىكى ئۇرۇشقا ماسلىشىپ، شىخونىڭ غەرب تەرىپىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا مۇداپىئە سېپى قۇرۇپ، جىڭ ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ شەرق تەرەپكە قېچىشىنى توسۇش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى.

# دۆربىلجىن ۋە چۆچەك ناھىيىلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ دانا تەدبىرى بويىچە مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم قوشۇنى شىخوغا ھۇجۇم باشلىنىشتىن ئىلگىرى، شىخودىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىمال بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى ياردەم ئېلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. لوسىگۇڭدىن ئۆتەيگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دۈشمەننى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، تاشيولنى راۋانلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى برىگادا كوماندىرى ستارشىي پولكوۋنىك لېسكىن، مۇئاۋىن برىگادا كوماندىرى ئىۋانوف ۋە سىياسىي كومىسسارى پولكوۋنىك مەرغۇپ ئىسھاقوفلارنىڭ باشچىلىقىدا 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىمالغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ برىگادا چاقانىبېك ۋە مايورجاۋدەت قوماندانلىقىدىكى 1 - مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى، پودپولكوۋنىك يونىچېف ئايتۇغان قوماندانلىقىدىكى 2 - مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى ۋە كەڭساي 3 - ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلار تاغ ئايلىنىپ سەپەر قىلىپ، تۆت كۈنلۈك جاپالىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، تولى (بۇرۇنقى موپاڭ) ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم دۈشمەننىڭ ئېغىر

ئاپتوموبىل ئەترىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بىرىگادىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان مايور پولات قادىرنىڭ جەڭگىۋار دوزور ئەترىتى شىددەت بىلەن ئوت ئېچىپ، 30 نەچچە دۈشمەننى يوقاتتى، ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلەر قاچىلانغان تۆت يۈك ئاپتوموبىلىنى قولغا چۈشۈردى. 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى شامال ئۆتكىلىدىكى مۇھىم پونكىت ماۋپاڭنى ئىشغال قىلدى، بۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنىنى يوقىتىلدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ دۆربىلجىندىن ياردەمگە كەلگەن قىسىملىرى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ يوشۇرۇن زەربە بېرىشى بىلەن چېكىندى. شۇنداق قىلىپ، شىخودىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن شىمال تەرەپ (تارباغاتاي، ئالتاي) ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈپ تاشلاندى. تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى شىخوغا بارىدىغان ئۆتەڭلەردىن خارغايتۇ، ئۇتبۇلاق، ياماتلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 300 دەك ئادىمى قېچىپ كەتتى، 400 دەك ئادىمى تەسلىم بولدى (بۇلارنىڭ ئىچىدە بىز تەرەپكە ئالدىن قېچىپ ئۆتۈپ، سېپىمىزگە قوشۇلغان قاسىموف توقا، كەرىموف ئوبۇلقاسىم قاتارلىق ئۇيغۇر ئوفىتسېرلارمۇ بار ئىدى).

بۇ ياخشى ۋەزىيەت سۈيدۇڭ 1 ـ پىيادە ئاتقۇچ پولكى ۋە باشقا قىسىملارنىڭ غەربىي شىمال تەرەپ ئارقىلىق چېپەيزە ۋە شىخوغا بېرىپ بىمالال جەڭ قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، لېكىن بىرىگادىسىنىڭ شىمال تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، دۆربىلجىننى مۇھاسىرىگە ئېلىشىغا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. شىمالىي يۈنىلىش قوماندانلىق شتابى دۆربىلجىننىڭ يېنىدىكى كۆرتى دېگەن يەرگە ئورۇنلاشقانىدى. 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن دۆربىلجىندىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ داۋام قىلدى. ئېمىل دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا مۇداپىئە قۇرۇپ

ئورۇنلاشقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئادەم سانى ۋە قورال ـ ياراغ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەتىگەندە، باش قوماندان گېنېرال پالىنوف جەڭنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يېتىپ كېلىپ، دۆربىلجىننى سائەت 12 گىچە پۈتۈنلەي ئازاد قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەتىگەندە باشلانغان ئۇرۇش چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەرگىچە داۋام قىلدى. ئۇرۇش باشلىنىپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى دەريانىڭ ئايىغىدىكى ئۈچ كېچىكتىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە ئۈشتۈمتۇت پەيدا بولدى، قەھرىمان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى مۇداپىئە كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. دۆربىلجىننى قوغداپ تۇرغان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر پولكقا يېقىن ئادىمىدىن 200 نەپچىسى يوقىتىلدى، كۆپ قىسمى تەسلىم بولدى، ئاز قىسمى چۆچەككە قاراپ قاچتى، 67 ئاپتوموبىل غەنىيمەت ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن، دۆربىلجىن ناھىيىسى ئازاد قىلىندى. دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىمى جياۋ نەيچېڭ تەسلىم بولدى. ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ مېڭىلىش ئالدىدا تۇرغان ئالتاي بانكىسىنىڭ خەزىنىسى، ھەرخىل مىلتىق، بومبا، ئوق ـ دورا قاتارلىق ھەربىي ئەشيالار غەنىيمەت ئېلىندى.

لېكىن قوماندانلىقىدىكى بىرىگادا غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، چۆچەككە قاراپ يۈرۈش قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ تەسلىم بولغان قورچاق ھاكىمى جياۋ نەيچېڭنى شۇ يەردىكى بىر خۇيزۇ، بىر قازاق ئاقساقالغا قوشۇپ، چۆچەكتىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشكە ئەۋەتتى. ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇنۇ شەرتلىرىنى ئېلىپ ماڭدى: 1) تارباغاتاي دەرھال قورال تاپشۇرسا، ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك؛ 2) ھەرقايسى

ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردىكى ئەمەلدارلار ئىچكىرىگە كەتمەكچى بولسا، ئۇلارنى ئاپتوموبىل بىلەن يولغا سېلىپ قويۇش، ئەمما ئەسكەرلەرنى تارقىتىۋېتىش؛ 3) شۇ يەردە قېلىشنى خالىغۇچىلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىش؛ 4) بۇنىڭغا 24 سائەت ئىچىدە جاۋاب قايتۇرۇش، ئۇنداق بولمىسا، ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش.

تەسلىم بولۇشقا ئۇندىگۈچى ۋەكىللەر چۆچەك ناھىيىسىگە بارغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قورچاق ۋالىيسى پىڭ رۈڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۇندەش شەرتلىرىنى تاپشۇردى. ئۇ شۇ ھامان ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە بۇ يەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كوماندىرلىرىنى چاقىرىپ جىددىي يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىندا ھەرخىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا ئادەم ئەۋەتىش قارارىغا كېلىندى.

7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ گومىنداڭ قوشۇنىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر قورال تاپشۇرغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا كىرىشكە قوشۇلدى. شۇ كۈنى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى چۆچەك ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە پىڭ رۈڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ۋە خەنزۇ ئاممىسى بولۇپ 1400 ئادەمنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى. يېڭىدىن قۇراشتۇرۇلغان قورچاق 3 ـ دىۋىزىيىنىڭ 70 دىن كۆپرەك ئوفىتسېر ـ ئەسكىرى ماناسقا قاراپ قاچتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن چۆچەك ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن چۆچەك ناھىيىسى ئۇرۇش بولمايلا ئازاد

قىلىندى. پولكوۋنىك ئابلاخان ماخمودوف گومىنداڭ قوشۇنىدىكى 300 دەك ئۇيغۇر ئەسكەرنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى چۆچەك ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، دەرھال ئەسكىرىي كۆچ تەشكىللەپ، قاچقان گومىنداڭ قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بەردى. قاچقان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر باتالىيونىغا يېقىن ئادىمى چۆچەك بىلەن تولى ئارىلىقىدىكى ئالملىق دېگەن يەردە تارمار كەلتۈرۈلدى. 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگە قەدەر مىللىي ئارمىيە تارتاس، دۆربىلجىن، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا بولغان ئۇرۇشلاردا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى پالىنوف بىلەن مۇئاۋىن باش قوماندانى زۇنۇن تېيىپوف چۆچەككە كېلىپ، ۋاقىتلىق ھەربىي قوماندانلىق شتابى قۇردى ھەمدە پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئېلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مەسلىھەتچى مۇھسىن ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر چۆچەككە كېلىپ، ئۇلاردىن بۇرۇن چۆچەككە كەلگەن مۇھەممەتجان مەخسۇم، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە كېڭەشكەندىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سەييارە يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا باسباي چولاق ئوغلى باپىن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، مەنسۇر روزىيوف بىلەن قاسىم ئاخۇن ئىسمائىلوف مۇئاۋىن ۋالىيلىققا، ئابلىمىت ھاجىيوف باش كاتىپلىققا تەيىنلەندى. ئابلىز رەخمانوف (ساقچى ئىدارە باشلىقى)، ئابدۇرېھىم سەئىدى، ئارۇپ نەسىبى، ئالىمجان ھاكىمبايوف

(كېيىن مۇئاۋىن ۋالىي بولدى) ، ھەلىموف توختى، تۇردىيوف ئابدۇرېشىت، ئەخمەت زاھىدى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مەسئۇللىقىدا ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار تەسىس قىلىندى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن چۆچەكتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋە پارتىزانلار ئەترەتلىرى تەرتىپكە سېلىندى. ئالدى بىلەن پولكوۋنىك ئابلاخان ماخمۇدوف قوماندانلىقىدا 1000 كىشىدىن تەركىب تاپقان چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 ـ پولكى قۇرۇلدى، بۇ پولك مايلى پارتىزانلىرى ئەترىتى، ئابلاخاننىڭ باشچىلىقىدا ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ قوشۇنىدىكى مىللىي ئەسكەرلەر ۋە يېڭىدىن ھەربىي سەپكە كىرگەن پىدائىي ئەزىمەتلەردىن تەركىب تاپتى. بۇ پولك قاتتىق مەشىققە قاتناشقاندىن كېيىن، جەڭگىۋار ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، شىخو ئالدىنقى سېپىدىكى سۈيدۈڭ 1 ـ پىيادە ئاتقۇچ پولكىنىڭ ئارقا تىرىكى بولۇشقا ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭسای 3 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ۋە دۆربىلجىن 4 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى تەشكىل قىلىندى. بۇ ئۈچ پولكتىن مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسى قۇرۇلدى، لېكىن بىرىگادا كوماندىرلىقىغا، مەرغۇپ ئىسھاقوف سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى. پولكوۋنىك ئىۋانوف كەڭسای 3 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرلىقىغا، پودپولكوۋنىك يۈنچېڭ ئايتۇغان دۆربىلجىن 4 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسى بىر مەزگىل مەشىق ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئىككىگە بۆلۈنۈپ، شىخو ۋە قوبۇقسارنى ئازاد قىلىش سەپىرىگە ئاتلاندى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ دۆربىلجىن، چۆچەكلەرنى ئازاد قىلغانلىقى شىمالىي يۆنىلىش ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

# قوبۇقسار ۋە بۇرچىن ناھىيىلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

چۆچەك ئازاد قىلىنىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ئىشلار ئىزغا چۈشكەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئالتايغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. ئالدى بىلەن قوبۇقسارغا ھۇجۇم قىلىش بەلگىلەندى.

قوبۇقسار ناھىيىسى دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن 200 كىلومېتىر شەرققە جايلاشقان كىچىك ناھىيە بولسىمۇ، چۆچەكتىن ئالتايغا بارىدىغان تاشيول ئۈستىگە جايلاشقان بولغاچقا، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر 11 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 31 ـ پولكى بۇ يەردە تۇراقتى ۋە نۇرغۇن مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى ياسىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭ بويىچە موڭغۇللارنىڭ خانلىق تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرگەن جاينىڭ بىرى قاراشەھەر بولسا، يەنە بىرى قوبۇقسار ئىدى. قوبۇقساردا مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەنە شۇ مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرگە تايىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى.

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى لىبىكىن قوماندانلىقىدىكى مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر

برىگادىسىغا قوبۇقسارغا يۈرۈش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر برىگادىسى قوبۇقسارغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونىنى جېمىنەي پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن بىللە دۆربىلجىندىن ئاتلاندۇردى. ئۇلار 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قوبۇقسارغا يېتىپ باردى ۋە شۇ يەردىكى پارتىزانلار بىلەن ئۇچرىشىپ، قوبۇقسار ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. قوبۇقسارغا ھۇجۇم قىلغۇچى ئاساسىي قوشۇنمۇ ئۇ يەرگە كەينى - كەينىدىن يېتىپ باردى. دۆربىلجىن 4 - ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى زاپاس قوشۇن سۈپىتىدە گومىنداڭنىڭ ئالتايدىن ياردەمگە كېلىش ئېھتىمالى بولغان قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا تەييارلىق كۆردى.

مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر برىگادىسى قوبۇقسار ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن تارتىپ، بۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىشقا كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ، زەربە يەپ چېكىندى. ئۇلار 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن باشلاپ تەسلىم بولۇش شەرتى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشكە ۋەكىل ئەۋەتتى، 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە سۆھبەتلىشىشكە ئۈچ قېتىم ۋەكىل ئەۋەتتى. كونكرېت شەرتلەر ئۈستىدە بىرلىككە كېلەلمەي، سۆھبەت بۇزۇلدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 8 - ئاينىڭ 18 -، 19 -، 20 - كۈنلىرى ئېغىر تىپتىكى مىناميوت ئارقىلىق ناھىيە بازىرى ئىچى - سىرتىدىكى ئىستىھكاملارنى داۋاملىق توپقا تۇتۇپ، شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. قوبۇقسار ناھىيە بازىرىنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنغانلىقىغا 10 نەچچە كۈن بولغاچقا، ئۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورا، ئوت - چۆپلىرى پۈتۈنلەي تۈگىدى، ئاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلدى، كۆپلىگەن ئادىمى ئاچارچىلىقتىن كېسەل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ناھىيە

بازىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنى ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي، پولك كوماندىرى شۆ تىڭفاڭ ۋە قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېچىدە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقتى، ئۇلار ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ بىر كىلومېتىرچە ماڭا ـ ماڭمايلا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلدى. شۆ تىڭفاڭ قالغان 100 دەكلا ئادىمى بىلەن ساۋەنگە قېچىپ كەتتى. شۆ تىڭفاڭ تەرىپىدىن بىرقانچە ھەمچۆرىسى بىلەن بىللە ئالداپ ئېلىپ مېڭىلغان بالجىت ۋاڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشتى. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر نەسلىدىن بولغان بۇ 18 ياشلىق گۈزەل قىز ساق ـ سالامەت ناھىيە بازىرىغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋاڭلىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇلدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ سىياسىي تەدبىرىدىن ناھىيىدىكى موڭغۇل خەلقى ئىنتايىن رازى بولدى. مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسى ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، قوبۇقسار تولۇق ئازاد قىلىنىپ، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى.

قوبۇقسار ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش جېڭى ۋە قاچقان دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىش داۋامىدا گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 300 نەچچە ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى، 580 مىلتىق، 29 ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت، بىر 82 كالىبېرلىق مىناميوت غەنىيمەت ئېلىندى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمۇ كۆپ چىقىم تارتتى. قوبۇقسار ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتايغا يۈرۈش قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى ھەم ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ئۇرۇشقا كۈچلۈك ياردەم بەردى.

مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ

بۇرچىن ناھىيىسىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ ناھىيىدە گومىنداڭ قوشۇنلىرى 3 ـ دىۋىزىيە 7 ـ، 8 ـ پولكلىرىنىڭ 1200 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچى ۋە 300 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان قوغدىنىش ئەترىتى بار ئىدى، بۇنىڭ سىرتىدا، ئاقچى قاتارلىق جايلاردا تۇرىدىغان رۇس كىرزاكلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان دۈشمەننىڭ بىر روتا يالانما ئەسكىرىمۇ بار ئىدى. مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسى ۋە جېمىنەي پارتىزانلىرى بۇرچىن ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنى تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى باشلىۋەتتى. ئىككى كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنى تارمار قىلىندى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، قورچاق 3 ـ دىۋىزىيە 7 ـ، 8 ـ پولكلىرىنىڭ بىر قىسىم ئادىمى ۋە قوغدىنىش ئەترىتى تولۇق تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇرچىن ناھىيىسى ئازاد قىلىنىپ، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى.

بۇرچىن ناھىيىسى ئازاد قىلىنىشتىن ئىلگىرى، بۇ ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 400 نەپەر كىرزاكنى ناھىيە بازىرى ئىچىگە يىغىۋالغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى بۇرچىن مۇداپىئەسىگە سالغان ۋە يەنە بىر قىسمىنى ئۆزىنى قوغداشقا ئىشلەتكەنىدى. بۇلارنىڭ ئاتامانى پولكوۋنىك بارسوف بۇرچىننىڭ مۇھاسىرىدە تۇرۇۋاتقان ئاخىرقى كۈنلىرى ئاقچىدىكى 300 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، ناھىيە بازىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدى. ئۇلارنىڭ بۇرچىنغا يېتىپ كېلىشىگە 16 كىلومېتىر يول قالغاندا، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىپ بولغانىدى. ناۋادا بۇ يالانما قوشۇن ناھىيە بازىرىغا

بالدۇرراق يېتىپ كەلگەن بولسا، بۇرچىننى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرگەن بولاتتى. بۇ خەۋپلىك ئېھتىماللىقنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن قوماندانلىق شتاب پورۇچىك نىزاموف ۋە پود پورۇچىك مەجۇننىڭ يېتەكچىلىكىدىكى رازۋېدكا ئىنزۋوتىنى دۈشمەن بازىسىغا ئەۋەتتى، ئاتلىق ئېسكادورون خۇپىيانە يول بىلەن رازۋېدكا ئىنزۋوتىنىڭ كەينىدىن يولغا چىقتى. شۇ چاغدا ئېرتىش دەرياسىنىڭ دولاتى، ئالاقاق دېگەن يەرلىرىدە بارىسوفنىڭ ياللانما قوشۇنى دەم ئېلىۋاتاتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئات بېقىۋاتقان بىر گۇرۇپپا ئادىمى كىرژاكلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بۇ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئورمان ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. رازۋېدكا ئىنزۋوتىدىكىلەر دۈشمەننىڭ 12 ئادىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككى ئىنزۋوتتەك ياللانما قوشۇن ئىككى ياندىن ئەگىپ، ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن بىرى بىر كىرژاكنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى تارتىۋېلىپ، رازۋېدكا ئىنزۋوتى تەرەپكە قاچقاندا، دۈشمەننىڭ بىر پاي ئوقى بىلەن چوڭقۇر ئېرىققا چۈشۈپ كەتتى. رازۋېدكا ئىنزۋوتىنىڭ ئالدىدىكى دۈشمەن 100 دىن ئوشۇقراق ئىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. كىرژاكلار 50 دىن ئوشۇق ئادىمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىر پىلىموت، بىر قانچە ئاپتومات، مىلتىقلارنى قېلىن چۆپنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويۇپ قېچىپ كەتتى. رازۋېدكا ئىنزۋوتىنىڭ كوماندىرى نىزاموف جەڭچىلەرنى ئېلىپ كىرژاكلار ئوق چىقارغان جايغا يېتىپ بارغاندا، دۈشمەننىڭ مىللىي ئارمىيىنىڭ 11 نەپەر ئات باقارىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى مەلۇم بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىز سېسترا بار ئىدى. كىرژاكلار ئۆلگەن ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرى ۋە ئۆلگەن ئاتلىرىنىڭ ئىگەر ـ توقۇملىرىنى ئېلىپ قالغاتون

(ھازىرقى قابا ناھىيىسى) تەرەپكە قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردە بىرقانچە ئادەم جەسىتى ۋە 23 ئات ئۆلۈكى ياتاتتى.

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، كاپىتان كارتاشوف باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونى ئەسىرگە چۈشكەن بىر كىرژاكنى ئېلىپ، قالغاتونغا چېكىنگەن كىرژاكلارنى تەسلىم قىلىش ئۈچۈن ئىز قوغلاپ يۈرۈپ كەتتى. مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر برىگادىسىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى سارسۈمبىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

# سارسۇمبىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

لېكىن قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر برىگادىسى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بۇرچىندىن سارسۇمبە(هازىرقى ئالتاي شەھىرى)گە قاراپ يولغا چىقتى، برىگادا ئالاقاق ئارقىلىق جايىر تۇزلەڭلىكىگە يېتىپ باردى. دۆربىلجىن ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ پولكىمۇ قۇربان بولغان ئەسكەرلەرنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، جايىرغا يېتىپ باردى. مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر برىگادىسىنىڭ بىر قىسمى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سارسۇمبىگە 18 كىلومېتىر كېلىدىغان شەمىرشەك دېگەن جايغا بېرىپ، سارسۇمبىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ هۇجۇم قىلىشۋاتقان دەلېلقان سۇگۇرباييوف باشچىلىقىدىكى ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچراشتى ھەمدە 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

شۇ چاغدا سارسۇمبىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان گومىنداڭ قىسىملىرى، ساقچى ئىدارىسى ۋە قوغدىنىش ئەترىتىدە 1600 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى، بۇلارغا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى گېنېرال مايور ۋەن لىگيۇن بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلاتتى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دەلېلقان سۇگۇرباييوف ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ كېلىپ، سارسۇمبىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، مىللىي

ئارمىيە قىسىملىرى بۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغانىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى سارسۇمبىگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى قوبۇقسار، بۇرچىن، قابا قاتارلىق ناھىيىلەرنى قولدىن بېرىپ قويغاچقا، ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەمىناتىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا گومىنداڭنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى ۋەن لىگيۈن، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قورچاق ۋالىيسى گاۋ بەييۈ، گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 11 - دىۋىزىيىسى 33 - پولكىنىڭ كوماندىرى دەي كۈيىي، قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى مىگبەيلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سارسۇمبىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋىكتوروفقا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆزلىرىنى موڭغۇلىيە ئارقىلىق لەنجۇغا ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ھەمدە موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. كونسۇل ۋىكتوروف سارسۇمبىدە ئۇرۇش قىلماي، بۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى كەتكۈزۈۋېتىش مەقسىتىدە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسى قوماندانلىق شتابىغا مەسلىھەتلەشكىلى كەلدى. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، سارسۇمبىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋە تىجارەتچىلەر بولۇپ 3000 دىن كۆپرەك كىشى ۋەن لىگيۈن، گاۋ بەييۈ، دەي كۈيىي، لى مىگبەيلەرنىڭ باشچىلىقىدا سارسۇمبىنىڭ شىمالىدىكى ئېرمەگتەيىن داۋىنى ئارقىلىق موڭغۇلىيىگە قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ يولغا چىقتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋە ئالتاي پارتىزانلىرى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا كىردى، ھەر مىللەت ئاھالىلەر شەھەر ئەتراپىدا قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋە

ئالتاي پارتىزانلىرى سارسۇمبىدىكى دوختۇرخانا بىناسى ۋە قورچاق ساقچى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتى. سارسۇمبە ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلار ئەترىتى كوماندىرلىرى ئابدۇرۇسۇل باتۇر باشچىلىقىدا 200 پارتىزاننى تالااپ، قاچقان دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. دەلىلقان سۇگۇربايوف، مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرى پولكوۋنىك خاكىم بېكشىنوف قاتارلىق كوماندىرلار 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 20 نەچچە خادىمنى باشلاپ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، قوغلاپ زەربە بېرىشكە قوماندانلىق قىلدى. دۆربىلجىن ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ پولكىدىن كاپىتان رائوف، ئالېكسىنكولار باشچىلىقىدىكى 1 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونى، كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكىدىن بىر ئېسكادورون ئەسكەر دەلىلقان پارتىزانلار ئەترىتىدىن ئەۋەتىلگەن پارتىزانلار بىلەن بىللە سارسۇمبىنى تاشلاپ چىققان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. قاچقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى موڭغۇلىيە چېگراسىغا بېرىپ قاپسىلىپ قالدى، چۈنكى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ دۆلەت چېگراسىدىن كىرىشىگە يول قويمىغانىدى. ئەمدى بۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرى تەسلىم بولۇشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋە ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كۈندۈز سائەت 12دە مۇئاۋىن پولك كوماندىرى يۇسۇپوف مەھەممەتجاننىڭ باشچىلىقىدا بىر شتاپ باشلىقى ۋە تۆت خىزمەتچىنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. قانداق تەسلىم بولۇش ھەققىدە قىسقا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، دىۋىزىيە كوماندىرى ۋەن لىڭيۈن، قورچاق ۋالىي گاۋبەييۇلەر تەسلىمنامىگە قول قويدى، گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن 152 ئوفىتسېر، 1684 ئەسكەر قورال

تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى، 1686 مىلتىق، 52 ئېغىر - يېنىك پىلىموت، سەككىز مىناميوت، 46 تاپانچا، 300 مىڭ پاي ئوق، 600 ئات، ئۈچ راتسىيە ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالار غەنىيمەت ئېلىندى. ئەسىرگە چۈشكەن ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشتى. شۇ كۈنى كېچىسى دەي كۈييى، لى مېڭبەيلەر ئۆزلىرىگە قاراشلىق 300 دىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ گۇچۇڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قاراپ قاچتى.

ئەمدىكى گەپ گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن ئەسىرگە چۈشكەن ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىش، شۇنىڭدەك غەنىيمەت ئېلىنغان قورال - ياراغلارنى سارسۇمبىگە قانداق يۆتكەپ كېتىش ئىدى. كېلىشىم بويىچە غەنىيمەت ئېلىنغان قورال - ياراغلارنى سارسۇمبىگە يەتكۈزۈشكە تەسلىم بولغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى مەسئۇل بولاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قورال - ياراغلاردىن پايدىلىنىپ، ۋەقە چىقىرىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە قورال - ياراغلار بىلەن ئوق - دورىلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىش چارىسى قوللىنىلدى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋە ئالتاي پارتىزانلىرى قورال - ياراغلارنى تەسلىم بولغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە كۆتۈرگۈزۈپ، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سارسۇمبىگە ئېلىپ ماڭدى. پولك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كوماندىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئاتلىق، باشقىلىرى پىيادە ئېلىپ مېڭىلدى. سارسۇمبىدىن گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئەگىشىپ قېچىپ چىققان تىجارەتچىلەرنىڭ مال - دۇنياسىغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزۈلمەي، سارسۇمبىگە ئامان - ئېسەن ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار ئۈچ كۈن جاپالىق يول يۈرۈپ، 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سارسۇمبىگە يېتىپ كەلدى. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە 300 دەك ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بار ئىدى.

ئۇلار 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى باشقا ئەسىرلەردىن ئايرىۋېلىنىپ، مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسىغا قوشۇۋېتىلدى. پودپولكوۋنىك يۈسۈپوف مەھەممەتجاننىڭ ئەسلىي دەرىجىسى ساقلاپ قېلىنىپ، دۆربىلجىن ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. يۈسۈپوف مەھەممەتجان 30 نەچچە ياشلاردىكى ئوتتۇرا بويلۇق كېلىشكەن يىگىت ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئالتايغا كەلگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مەھەممەتجان مەخسۇمنىڭ يۈسۈپوف مەھەممەتجانغا كۆزى چۈشۈپ قالدى ۋە ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي يۈسۈپوف مەھەممەتجاننى غۇلجىغا چاقىرتىپ، قىزى مەستۇرەمنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالدى.

شۇ كۈنلەردە ئوسمان ئىسلام بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى سارسۇمبىگە قايتۇرۇپ كېلىشكە پولكوۋنىك خاكىم بېكشىنوف باشچىلىقىدا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئوسمان ئىسلامنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئالتاي ۋىلايىتىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەش ئىدى. 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكى بەيتىككە بېرىپ ئوسمان ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئاتامانلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت ئۈنۈملۈك بولۇپ، ئوسمان ئىسلام سارسۇمبىگە قايتىپ كېلىشكە رازىمەنلىك بىلدۈردى. 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئوسمان ئىسلام ئاتامانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى، چارۋىدارلار بولۇپ 1000 دىن ئوشۇق ئادەمنى باشلاپ سارسۇمبىگە قايتىپ كەلدى، ئوسمان ئىسلامنىڭ ئوغلى شەردىمان ۋە قىزىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەلدى. ئۇلار ئازادە ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنى قارشى ئالغان تەنتەنىلىك يىغىندا ئوسمان ئىسلامنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە ۋالىي ۋە

گارنىزون قوماندانى بولغانلىقى جاكارلاندى.

كاپىتان كارتاشوف 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كىرژاكلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا كۆندۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بارسوفقا مەجبۇرىي ئەگەشكەن 100 دىن ئوشۇق كىرژاك ياش كاپىتان ستودېنكونىڭ باشچىلىقىدا تەسلىم بولۇپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بەش نەپەر كىرژاك ئەسكەر مىللىي ئارمىيىنىڭ رازۋېدكا ئىزۋوتىغا قاتناشتۇرۇلدى. بارسوف ئۆزىنىڭ بىر ئوچۇم جاھىل قولچوماقلىرى بىلەن قالغاتوندىكى بازىسىغا تىقىلىپ، ئىنتايىن يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، كاپىتان كارتاشوف ئېسكادورونى بارسوفنىڭ بازىسىغا يېتىپ بارغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىرژاكلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. بۇنىڭ سەۋەبى: 1933 ـ يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشى مەزگىلىدە، بۇ كىرژاكلارنىڭ كۆپچىلىكى ماجۇڭيىڭنىڭ تەسىر دائىرىسىنى شىنجاڭغا كېڭەيتىشىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، غۇلجا ـ كۈرەدە قۇرۇلغان رۇس پولكى بىلەن بىرلىكتە شېڭ شىسەيگە ياردەملەشكىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغانلار ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلار لېسكىن، كارتاشوف، ئىۋانوف، مىرشانوف سەلىم(بۇ ئادەم مىللىي ئارمىيىدە باش بوغالتىر بولغان) قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە جەڭگە قاتناشقانىدى. ھازىر ئۇلار ئالتايغا كەلگەن مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسىنىڭ كوماندىرى لېسكىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مىللىي ئارمىيىگە تەسلىم بولدى. كىرژاك ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ سانى 1000 غا يېتەتتى. ئۆزگەرمەس جاھىل ئاتامان بارسوفقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن باشلاپ، پارتىزانلار تەشكىلىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىنىپ، دەلبلقان پارتىزانلار ئەترىتى ئاساس قىلىنغان ھالدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتاي پولكى

تەشكىل قىلىندى. بۇ پولك سارسۇمبىنى مۇداپىئە قىلىشقا مەسئۇل بولدى؛ سارسۇمبە گارنىزونى تەسىس قىلىندى، گارنىزونغا دەلىلقان سۇگۇربايوف قوماندان، پودپولكوۋنىك تۇردىيوف ئابدۇرېشىت شتاب باشلىقى، مايور خەمىتوف فوئات مۇئاۋىن شتاب باشلىقى بولدى؛ سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى قۇرۇلۇپ، پولكوۋنىك بەدەلقان (دەلىلقاننىڭ ئىنىسى) پولك كوماندىرلىقىغا، شاھىزات مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىقىغا، ئايتىكەن شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، بۇ پولك 2 ـ قېتىم تەرتىپكە سېلىنغاندا مايور سالاھىدىن سىدىق شتاب باشلىقلىقىغا، كاپىتان داڭقى تىشقانبايوف سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، سارسۇمبىنىڭ ئاۋىيتان دېگەن يېرىدە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى ۋە ئوسمان ئىسلامنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىمغا 5000 دىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى. مۇراسىمغا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىدىن مەھەممەتجان مەخسۇم، گېنېرال پالىنوف، ئابدۇرەئوف مەخسۇم، جانى يولداشوف قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى. مۇراسىمغا دەلىلقان سۇگۇربايوف رىياسەتچىلىك قىلدى. ئوسمان ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئاتامانلىرى، يۇقىرا قىياپىتىگە كىرىۋالغان قوشۇنىمۇ مۇراسىمغا قاتناشتى. مۇراسىمدا ئات بەيگىسى، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى، ئوسمان ئىسلامنىڭ ۋالىي بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن قازاق خەلقىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئۇ ئاق كىگىز ئۈيگە ئولتۇرغۇزۇلۇپ تەۋرىتىلدى. مۇراسىمدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى سارسۇمبە ناھىيە بازىرىدىكى ئورۇنلاشقان ئورنىدىن يۆتكىلىپ، بۇ

ئورۇننى ئوسمان ئىسلامنىڭ ئادەملىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن بىرىگادا ناھىيە بازىرى سىرتىدىكى ئاۋىيىتاڭ (ھازىرقى ئالتاي ئايرودرومى) غا يۆتكىلىپ چىقىپ، ئوچۇق دالىدا گەمە كولاپ، قومۇش ۋە بادرىلاردىن پالىغان ياساش بىلەن گازارما قۇرۇپ ئورۇنلاشتى، بۇ جەرياندا خەلققە ھېچقانداق ئېغىرچىلىق چۈشۈرمىدى، قىلچە سىلىق سالمىدى.

سارسۇمبە ناھىيە بازىرىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىملىشىپ، ھەر ساھە ئىشلار ئىزغا چۈشكەندىن كېيىن، مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسى شىمالىي يۆنىلىشتىكى ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئوتتۇرا يۆنىلىشكە قاراپ يولغا چىقتى. شۇ ئارىدا بۇرۇلتوقايدىكى گومىنداڭ قوشۇنىدىن ئىزۋوت كوماندىرى ھوشۇروف ئىسلام 150 تەك ئۇيغۇر ئەسكەرنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتتى، ئەسكەرلەر مىللىي ئارمىيە دۆربىلجىن ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ پولكىغا قوشۇلدى.

بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۇرۇش قىلماي تەسلىم بولدى. گومىنداڭنىڭ تەسلىم بولغان ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرى سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئىلىدىن كەلگەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئەسىرلەر 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ماناسقا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، ئوفىتسېرلار ۋە قىسمەن تىجارەتچىلەر نازارەت ئاستىدا غۇلجىغا ئېلىپ بېرىلدى. بىتىمدىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ تەسلىم بولغان بۇ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرى ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. قېلىشنى خالىغان بىر قىسىم پۇقرالار سارسۇمبە ناھىيە بازىرى ۋە باشقا ناھىيىلەردە قېلىپقالدى، ئۇلارغا خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىلدى.

# سارسۇمبىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق
# ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش

ئوسمان ئىسلام ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن بولۇپ، فېئودال قەبىلە باشلىقى سۈپىتىدىكى شەخس ئىدى. ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى نامرات چارۋىچىلارنىڭ شېڭ شىسەينىڭ زۇلمىغا قارشى ئىستىخىيىلىك ھالدا قوزغالغان قوزغىلىڭى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كورۇنۇشتە شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، شېرىك توپلاپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، يەرلىك خاقان بولۇشقا ئۇرۇنغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازانغان مەزگىلدە، ئوسمان ئىسلامنىڭ ئەسلىي قىياپىتى تېخى ئاشكارىلانمىغانىدى، شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوسمان ئىسلامنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدىغان چاغدا، ئۇنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقى، قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا كۆرسەتكەنىدى. ئەمما ئۇ، ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى كۆزگە ئىلماي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن مەدەت تىلەپ، ئۆزىنىڭ ئالتاينىڭ يەرلىك خاقانى بولۇش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۇرۇندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئوسمان ئىسلامنى جىننىڭ بارىچە ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي جەھەتلەردىن ياردەم بەردى. ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق

كونسۇلىمۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشتى.

1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىلىرى، ئوسمان ئىسلام «سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، كۆتۈنمىسەم بولمايدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ، سارسۇمبە ناھىيە بازىرىدىن كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى كۆرتىگە كۆچۈپ كەتتى. ئۇ كۆرتىگە بارغاندىن كېيىن، دەرھال ئەگەشكۈچىلىرىنى يىغىپ، مۇستەقىل قوراللىق كۈچ قۇرۇشنى پىلانلىدى ھەمدە قەسەن زەڭگى، مۇقامېتجان قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى دەپ ئېلان قىلىپ، ئاشكارا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھەرىكىتىنى باشلىدى.

شۇ ئايدا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى دەلىلقان سۇگۇربايوف ئوسماننىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئالتاي ۋىلايىتىدە پەيدا قىلغان پايدىسىز ۋەزىيەتنى ئوڭشاش مەقسىتىدە شامشى مامى، سەلىمجان كەكىجانوفلار بىلەن بىللە ئوسمان بىلەن كۆرۈشتى، كۆرۈشۈش ۋاقتىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى مەخسۇس يىغىن ئۆتكۈزۈپ مۇزاكىرە قىلىشنى تەكلىپ قىلدى، ئوسمان ئىسلام كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى قۇئۇي دېگەن يەردە يىغىن ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، قۇئۇي يىغىنىدا يىغىلىپ قالغان مۇھىم مەسىلىلەر ھەل بولۇش بوياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئوسمان ئىسلام ئادەم ئەۋەتىپ، دەلىلقاننىڭ پېيىگە چۈشكەندىن سىرت، قوراللىق كۈچ ئەۋەتىپ، قۇئۇي بىلەن سارسۇمبە ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، دەلىلقان قاتارلىق رەھبەرلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇندى. دەلىلقان سۇگۇربايوف بۇ ئىشنى سېزىپ قالغاندىن كېيىن، سارسۇمبىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ مەسئۇلىغا ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاسكېنباي قاتارلىق كىشىلەرگە مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، خەۋەر يەتكۈزدى ۋە ئاتلىق

ئەسكەرلەر پولكىنىڭ چوقۇم پەخەس بولۇپ، جەڭگە ئاتلىنىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. قۇئۇي يىغىنى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەي، 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاياغلاشتى.

ئوسمان ئىسلام قۇئۇي يىغىنىدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، گومىنداڭنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىش نىيىتىگە كەلدى، ئۇ ئىشەنچلىك ئادەملىرى بىلەن كېڭىشىپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي دائىرىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئۈرۈمچىگە ئادەم ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئوسمان ئىسلام ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن قاناتباي، كەكەش قاتارلىق كىشىلەر 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردى. ئۇلار جانىمقان ئارقىلىق جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. جاڭ جىجۇڭ ئۇلار بىلەن ئۆز ئالدىغا كۆرۈشۈشنى بىئەپ كۆرۈپ، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدىلەرنى ئۇلارنى بىرلىكتە قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. قاناتباي، كەكەش قاتارلىق كىشىلەر ئېلىپ كەلگەن ئوسمان ئىسلامنىڭ خېتىدە قازاق مىللىتى ئىچىدە نامى بار مۆتىۋەر زاتلاردىن ئەلەن ۋاڭ، جانىمقان، سۇلايمان قاتارلىق كىشىلەر ئالتايغا قايتىپ بېرىپ خىزمەت قىلىش، تىنچلىق بىتىمىنىڭ مەزمۇنىغا تولۇق ئىزاھات بېرىش، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىش، دۆلەت ئارمىيىسىنى ئالتايدا تۇرۇشقا ئەۋەتىش قاتارلىق تەلەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش مەزمۇن بار ئىدى. بۇ قېتىمقى قوبۇل قىلىشتىن كېيىن، قاناتباي يەنە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇمېڭچۈن ئارقىلىق ئوسمان ئىسلامنىڭ كۆكتوقايدا ۋولفرام كېنى ئېچىشقا كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنى قورال كۈچى ئارقىلىق قوغلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى، «چېگرا مۇداپىئە قاۋۇل

قىسىملىرى» دېگەن نام بىلەن ئالتايغا ياردەم بېرىشكە دەرھال قوشۇن ئەۋەتىش ھەمدە قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك پىكرىنى جاڭجىجۇڭغا يەتكۈزدى. جاڭجىجۇڭ ئۇلارغا مەخپىي ھالدا بىرئاز ماددىي ئەشيا ۋە قورال ـ ياراغلارنى بەردى. كەكەش بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئالتايغا قايتتى. قاناتباي گومىنداڭ تەرەپ بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە قېپقالدى.

ئوسمان ئىسلام ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتىنانت ئىسھاقبەگ مونونوف غۇلجىدىن ئالتاي ۋىلايىتىگە باردى. ئۇ دەلېلقان سۇگۇربايوفنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆكتوقاي يايلىقىغا بېرىپ، ئوسمان ئىسلام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى سارسۇمبىگە قايتىپ كېلىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا دەۋەت قىلدى ھەمدە ئوسمان ئىسلامغا «خەلق قەھرىمانى» ئوردېنى تەقدىم قىلدى. ئوسمان ئىسلام ئۇلارنىڭ دەۋىتىگە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىدى، تەقدىم قىلىنغان ئوردېنغىمۇ پىسەنت قىلمىدى. ئىسھاقبەگ مونونوف ئوسمان ئىسلامنىڭ قارشىلىشىش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سارسۇمبىگە قايتىپ كەتتى.

ئىسھاقبەگ سارسۇمبىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇش، دەلېلقان سۇگۇربايوفقا گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانى بېرىش، ئۇنى مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، قوشۇمچە شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى يەنە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن بىر باتالىيون ئەسكەرنى (500 كىشى چامىسىدا)

يۆتكەپ، سارسۇمبە ئالتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكىنى كۆچەيتىپ، ئوسمان ئىسلامنىڭ قوزغىشى ئېھتىمال بولغان ئۆشتۆمتۆت ھۇجۇمىغا ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى.

گومىنداڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە تەقەززا بولغان ئوسمان ئىسلام ئەۋەتكەن بىرىنچى تۈركۈمدىكى ۋەكىللەر تېخى قايتىپ كەلمەيلا، ئۇ ئەۋەتكەن ئىككىنچى ۋەكىل لەتىپ 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردى. لەتىپ ئېلىپ كەلگەن خەتتە ھۆكۈمەتنىڭ ئالتايغا 1000 كىشىلىك ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىشى، 2000 مىلتىق ۋە بىر تۈركۈم ئوق ـ دورىلارنى ياردەم قىلىشى، ئالتايغا دائىم تۇرىدىغان ۋەكىل ۋە راتسىيە ئەۋەتىشى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ خىراجىتىنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بىۋاستە ئاجرىتىپ بېرىشى قاتارلىق تەلەپلەر قويۇلغانىدى. ئەمدى جاڭ جىجۇڭ بۇرۇنقىدەك ئىككىلىنىش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئوسمان ئىسلامنى قوللاش قارارىغا كەلدى. ئۇ ليۇ مېڭچۇنغا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي خىراجىتىنى ئىلى تەرەپ ئارقىلىق يۆتكىمەي، بىۋاستە ئاجرىتىپ بېرىش، ئالتاي ۋالىيسىنىڭ تامغىسىنى ئوسمان ئىسلامنىڭ ۋەكىلىنىڭ ئېلىپ قايتىشىغا بېرىش، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىگە بىر قىسىم ئاشلىق، چاي ۋە باشقا كۈندىلىك بۇيۇملارنى ئاجرىتىپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ئۇ يەنە تاۋ سىيۆ بىلەن سۆڭ شىلىيەنگە ئوسمان ئىسلامغا 300 ~ 400 مىلتىق، 10 نەچچە يېنىك پىلىموت ۋە يېتەرلىك ئوق ـ دورىلار بېرىشنى ئېيتتى ھەم ئۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شې ۋەنشۇەنگە ئۇچ ئادەم (ھەربىي ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى) نى بىر راتسىيە ئېلىپ، لەتىپ بىلەن بىللە ئالتايغا ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئالتاي

ۋىلايىتىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۆچەيتىش ئۈچۈن، 10 ـ ئايدا پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان ياسىنوف، لېسكىن، كۆرىيوفلارنى ئالتايغا مەخسۇس ئەۋەتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىش باش قوماندانى دەلېلقان سۈگۈربايوف، سىياسىي كومىسسارى يۈسۈپجان ياسىنوف، قوماندانلىق شتاب مۇدىرى كۆرىيوف، ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرى بەدەلقان، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى لېسكىن بولدى.

ئوسمان ئىسلام گومىنداڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ئاشكارا ھۇجۇم قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشتى. ئوسمان ئىسلام 11 ـ ئايدا ماناتنى 200 نەپەر قوراللىق خادىم بىلەن بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، بۇرۇلتوقايدا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى يوق بولغاچقا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە 10 نەچچە قوراللىق ساقچى سارسۇمبىگە چېكىندى. سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى ئىككى ئېسكادورون ئەسكەر ئەۋەتىپ، مانات قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ، بۇرۇلتوقاينى قايتۇرۇۋالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى 1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوسمان ئىسلامنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا دەلېلقان سۈگۈربايوفنى تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبەگ مونونوفنىڭ قوماندانلىقىدا ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىنى قوغلاپ يوقىتىشقا ئالتايغا ئەۋەتتى.

ئوسمان ئىسلام 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئالتايدا بىر قىسىم

ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، 600 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ مىللىي ئارمىيىنىڭ سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكىنىڭ ئىككى ئېسكادرونىغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇ يەنە كۆكتوقاي، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرى ئەتراپىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە بۇلاڭچىلىق قىلدى. سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى ۋە كۆكتوقايدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى ئۇلارغا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىپ، باندىتلارنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. باندىتلارنىڭ ئاساسلىق كاتتىۋاشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 127 ئادەمى قولغا چۈشتى ھەممە ئۇلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن 30 مىڭ تۇياققا يېقىن قوي قايتۇرۇۋېلىندى.

ئوسمان ئىسلام 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئادەملىرىنى باشلاپ بەيتىككە چېكىنىپ، ئاساسىي كۈچىنى ئۇزۇنبۇلاق ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئۈرۈمچى ۋالىيسى خادىۋاڭغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون شتابى ئوسمان ئىسلامغا يەنە 200 مىلتىق، 40 مىڭ پاي ئوق ۋە يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر ئەۋەتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوسمان ئىسلام گومىنداڭ تەرەپكە پۈتۈنلەي ئۆتۈپ كەتتى.

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ چېگراسى بولغان ساربۇلاقتا كېلىپ ئورۇنلاشتى. 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ماچۇەنفۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى، ئاسلىبېك قابدىش پىلىموتچىلار ئەددىلىنىيىسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ساربۇلاقتا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى ئۇلارغا شىددەتلىك قايتۇرما زەربە بەردى، بۇ جەڭدە سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر

3 ـ پولكىغا قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىنىڭ ئۈچ ئېسكادرونى ياردەم بەردى. بۇ پولكنىڭ پولك كوماندىرى پولكوۋنىك نۇسۇپقان، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى مايور ئىبرايىمباي، شتاب باشلىقى مايور سالاھىدىن، سىياسىي كومىسسارى قاناپىيەلەر ئىدى، بۇ قېتىمقى جەڭدە بۇ ئۈچ ئېسكادرونغا مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ئىبرايىمباي قوماندانلىق قىلدى، مايور ئالماسبېك سىياسىي مەسلىھەتچى، كاپىتان باۋكەي شتاب باشلىقى بولدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ شىددەتلىك قايتۇرما زەربىسى بىلەن ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى ئېتىكقىزىلغا چېكىندى. جەڭ كەسكىن داۋام قىلىنىۋاتقان چاغدا پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان ئىككى ئاپتوموبىل بىلەن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە پەۋەس جەڭچىلەرنى ئېلىپ، جەڭ قىلىنىۋاتقان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ياردەم بېرىشكە سارىبۇلاق ئالدىنقى سېپىگە يېتىپ باردى، باندىتلارنىڭ ماراپ تۇرۇپ قىلغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدا ئۇلار باندىتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. باندىتلار مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ جەڭچىلىرىنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ، يۇسۇپجاننى تىرىك تۇتۇپ كەتتى. باندىتلار يۇسۇپجاننى بىرنەچچە سائەت دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاققا ئالغاندىن كېيىن، تىكەنلىك توقايلىقلاردا ئاتقا سۆرۈتۈپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى لېسكىن قاتارلىق كىشىلەرنى ئالتاينى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ماڭغان ئىسھاقبەگ مونونوف بىلەن بىللە سارسۇمبىگە ئەۋەتىپ، شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ قوماندانلىق كۈچىنى كۈچەيتتى. ئىسھاقبەگ مونونوف سارسۇمبىگە بارغاندىن كېيىن، دەلېلقان سۇگۇربايوف بىلەن كۆرۈشۈپ، ئوسمان ئىسلامغا تاقابىل تۇرۇشتىكى كونكرېت ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭىشىپ

بېكىتتى.

4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە سارسۈمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى بىلەن ئېتىكقىزىلدا كەسكىن جەڭ قىلدى. ئوسمان ئىسلام ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ بەيتىك تېغىغا قاچتى. ئوسمان ئىسلامغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ماچۇەنفۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاتلىق روتىسى بىلەن ئاسلىبېك قابدىش پىلىموتچىلار ئەددىلىنىيىسى گۇچۇڭغا قايتتى. ئوسمان ئىسلام ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن لەتىپ مۇستاپا، مانات، قاناتباي قاتارلىق كىشىلەر گۇچۇڭغا ماڭغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىللە بېرىپ، گۇچۇڭدىكى خەنيۇۋېن بىلەن كۆرۈشتى. خەنيۇۋېن ئۇلارنى مەخسۇس ئاپتوموبىل بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپ قويدى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە بېرىپ جانىمقان بىلەن كۆرۈشتى. جانىمقاننىڭ تەكلىپى بىلەن گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى سۇڭشىليەن ئوسمان ئىسلامنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. سۇڭشىليەن ئوسمان ئىسلامغا هازىرچە تۆت ئاپتوموبىل ئۇن، چاي قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، قالغان تەلەپلەرنى كېيىنچە پەيدىنپەي هەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لەتىپ مۇستاپا قاتارلىق كىشىلەر ۋاقتىنچە ئۈرۈمچىدە قالدى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 3 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە باندىتلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا 800 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىنى باندىتلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالدى، باندىتلار بۇلاپ كەتكەن 40 مىڭ تۇياقتىن ئۇشۇق قوي، 9000 تۇياقتىن ئۇشۇق باشقا چارۋىنى قايتۇرۇۋالدى.

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى ئوسمان

ئىسلامنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە پاراكەندىلىك سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - پولكى ئىبرايىمباي قىسمىغا كۆكتوقاي ناھىيىسى بىلەن چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ چېگراسىدىكى قارا چۆلدە تۇرۇش، سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - پولكىغا ئىسمىكەي قوجابايوف ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونىنى ئەۋەتىپ، چىڭگىل بازىرىنى ساقلاش، دوماي مۇقدارخانوف ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونىنى ئەۋەتىپ، سارتوقاينى ساقلاش، بەدەلقان سۇگۇربايوفقا سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - پولكىنىڭ بىر قىسمىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، سارسۇمبە ناھىيە بازىرىنى ساقلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئوسمان ئىسلامنىڭ ئالتايغا قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، ئوسمان ئىسلام ئادەملىرىنى باشلاپ بەيتىك تېغىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاندىن كېيىنمۇ، نىيىتىدىن يانماي قايتىدىن باش كۆتۈرۈش كويىدا بولدى. ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوسمان ئىسلامنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشىنى تېخىمۇ ئاشكارا قوللىدى. 6 - ئاينىڭ باشلىرى، سۇڭ شىليەن لەتىپ مۇستاپانى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئوسمان ئىسلامغا ياردەم قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنى ئېلىپ ماڭىدىغان ئاپتوموبىل كالونى بىلەن قايتىشىنى، ماناتىنىڭ ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدە قېلىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. لەتىپ يولغا چىقىش ئالدىدا سۇڭ شىليەن ئۇنىڭغا: «سىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئوسمان ئىسلامغا ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىڭ، بىز كونكرېت ئەھۋاللارنى ئۇقۇشۇشقا ھەربىي قوماندان ئەۋەتىمىز ھەم ئوسمان ئىسلامنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرىمىز» دېدى. گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى 6 - ئايدا مۇئاۋىن باش كاتىپ زاكچىن

قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، ئوسمان ئىسلامغا قورال ـ ياراغلارنى يەتكۈزۈپ بەردى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى سۇڭشىلىيەن ماناتقا ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماككېرنانغا ھەمراھ بولۇپ، بەيتىك تېغىدىكى ئوسمان ئىسلامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئىگىلەشكە ئادەم ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. 7 ـ ئايدا، ئوسمان ئىسلام ئۈرۈمچىگە كېلىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭ گارنىزون شتابىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىلىيەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ئالتاينى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىشتەك ھەربىي پىلان ئۈستىدە مەخپىي مەسلىھەتلەشتى. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىنجاڭ گارنىزون شتابى ئوسمان ئىسلامغا ئىككى مىناميوت، ئالتە ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت ۋە بىر تۈركۈم ئوق ـ دورىلارنى ئەۋەتىپ بەردى. ئوسمان ئىسلام گومىنداڭنىڭ قوراللاندۇرۇشى ۋە مەشىق قىلدۇرۇشى بىلەن 1600 دەك ئادەمنى توپلىدى ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىدا ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭنىڭ يۆلەنچۈكى ئامېرىكىدا ئاتوم بومبىسى بار ئىكەنلىكى، ئامېرىكىنىڭ پات ئارىدا ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغايدىغانلىقى ھەققىدە گەپ تارقىتىپ، ئالتاينىڭ شەرق تەرىپىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىدا قورقۇش، تەۋرىنىش كەيپىياتى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، باندىتلارنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا نۇرغۇن چارۋىچىلار ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى گۈچۈڭ، بەيتىك تېغى قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، سۇڭ شىلىيەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تولۇق قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى ما چېڭشياڭ قاتارلىق كىشىلەر بەيتىك تېغىغا بېرىپ، ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىنى تەرتىپكە

سېلىش ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشنى يولغا قويدى، ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىدىن 700 ئادەمنى تاللاپ، ئىككى چوڭ ئەترەت قىلىپ مەشىق قىلدۇردى. ئوسمان ئىسلام قايىمغازىنى گومىنداڭ تەرەپ بەرگەن قورال - ياراغ، ئەسلىھە، ئاشلىق قاتارلىق ھەربىي لازىماتنى يۆتكەشكە مەسئۇل قىلىپ ئۈرۈمچىدە دائىملىق تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئوسمان ئىسلام 8 - ئاينىڭ باشلىرى گومىنداڭنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بىلەن بىرلىكتە ئالتايغا يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. سۈڭشىليەن ئوسمان ئىسلامنى ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، ماناتنى پولك كوماندىرلىقىغا، قاپپاسنى مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىقىغا، مۇپتىنى ئوسمان ئىسلامنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىدى.

گومىنداڭنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قانىتى كۈندىن - كۈنگە قاتقان ئوسمان ئىسلام قۇرمان، قاپپاس، تىلكەش، مۆمىنباي قاتارلىق باندىتلار باشلىقلىرىنى ئەۋەتىپ، 600 نەچچە كىشىلىك قوراللىق كۈچ بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىدى. ئالتايدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ جايلىشىشى تارقاق، تەمىنات يەتكۈزۈشى قىيىن بولغانلىقتىن، ئېغىر چىقىم تارتتى. ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى ئالدى بىلەن سارتوقاي، چاغانغول قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - پولكىنى بۇ جايلاردىن چېكىندۈردى ھەمدە چېڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازارلىرىنى تېزلا ئىشغال قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قاراچۆل ئۇرۇشى ۋە ساربۇلاق ئۇرۇشىدا قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - پولكىنى كاردىن چىقاردى. قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - پولكىنىڭ قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قوشتولغايدا تۇرۇشلۇق بىر ئېسكادرونى ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىپ، 37 جەڭچى

قۇربان بولدى. ئىبرايىمباي باشچىلىقىدىكى قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىنىڭ ئۈچ ئېسكادورونى قاراچۈلدە ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ، موڭغۇلىيىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى نۇسۇپقان كۈنبايغا قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ قالغان ئۈچ ئېسكادورونىنى باشلاپ ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.
نۇسۇپقان كۈنباي بۇ ئۈچ ئېسكادورونىنى باشلاپ ساربۇلاققا كەلگەندە ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىغا يولۇقۇپ قېلىپ، كەسكىن جەڭ قىلدى، قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. نۇسۇپقان كۈنباي قالغان قىسىملىرىنى باشلاپ سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا چېكىندى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ساربۇلاقتىكى 2 ـ مۇداپىئە لىنىيىسى بۆسۈپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، سارسۇمبە ناھىيە بازىرى خەۋپ ئىچىدە قالدى. قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىنىڭ پولك شتابىدىكى 200 دەك كوماندىر ـ جەڭچى قانداغاتاي دېگەن جايدا ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. پولك كوماندىرى پولكوۋنىك نۇسۇپقان كۈنباي سارسۇمبىگە كەتكەنلىكتىن، مايور سالاھىدىن مۇۋەققەت پولك كوماندىرى بولغانىدى، ئۇلاردىن 18 كوماندىر ـ جەڭچىلا مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقالىدى، ئەمما ئارمىيە بايرىقى ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.
ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سارسۇمبىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى سارسۇمبە ناھىيە بازىرىدىكى بارلىق ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى ياساپ، قايتۇرما زەربە بېرىشكە تەييارلىق كۆردى. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشى

بويچە بۇرچىن، قابا، جىمىنەي ناھىيىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قوراللىق پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا ئەۋەتتى. جەڭ داۋامىدا ئاساسلىق پوزىتسىيىنى ساقلاپ تۇرغان ستودېنكو قوماندانلىقىدىكى رۇس ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونى ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىغا تەسلىم بولدى، قابا ناھىيىسىدىكى پارتىزانلاردىن 30 ئادەم ۋە بۇرچىن ناھىيىسىدىكى پارتىزانلارنىڭ بىر قىسمىمۇ باندىتلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. قالغان پارتىزانلارمۇ ئۆزلىكىدىن تارقىلىپ ئۆز جايلىرىغا تارقاپ كېتىشتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىشقان بولسىمۇ، ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ياردەمگە ئېرىشىشتىن ئۈمىد قالمىغان، مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى ۋە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىدىكى 300 گە يېقىن كىشى، شۇنىڭدەك قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - پولكىنىڭ قالغان كوماندىر - جەڭچىلىرى دەلىلقان سۈگۈربايوفنىڭ باشلامچىلىقىدا 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سارسۇمبە ناھىيە بازىرىدىن چېكىنىپ چىقتى. ئۇلار ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمالىي قىسمىدا جەڭ قىلىپ يۈرۈپ، جىمىنەي ناھىيىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىغا چېكىندى. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا بېسىپ كىرىپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى ماگىزىن، دۇكانلارنى بۇلاپ - تالىدى، ھەتتا ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ياخشىراق كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ بۇلاپ ئېلىۋالدى. ئوسمان ئىسلام لەتىپ مۇستاپانى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، قۇسايىن ئويانىنى مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، قاناتباينى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، قۇرماننى ھەربىي ئىشلار

قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قوراللىق قىسىملارنى ئەۋەتىپ، بۇرچىن، قابا، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرىنىڭ ناھىيە بازارلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئىشغال قىلدى. ئەمدى ئوسمان ئىسلام پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىنى تىزگىنلىۋالدى.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە ئېغىر خەۋپ كەلتۈردى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەربىي ۋە خەلقنى باندىتلارنى يوقىتىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى قايتۇرۇۋېلىشقا جىددىي سەپەرۋەر قىلدى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى چۆچەك پىيادە ئەسكەرلەر 3 ـ پولكىنى چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكىغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى ھەمدە غۇلجىدا 800 كىشىلىك كۆچەيتىلگەن باتالىيون قۇردى. تارباغاتاي ۋىلايىتى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەردىن 966 ئادەمنى، رۇسلاردىن 466 ئادەمنى، باشقا مىللەتتىن بولغان ياشلاردىن 1500 ئادەمنى ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى تولۇقلىدى. ۋىلايەت مالىيەسىدىن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا 2314 ئات، 6400 فۇت سۇلۇ، 971 كالا، 4000 قۇر قىشلىق كىيىم ـ كېچەك تەقدىم قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئالتاي ۋىلايىتىدىن چېكىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن دەلىلقان سۇگۇربايوف شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى ۋە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى، مىللىي ئارمىيىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئارقىلىق تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئوسمان ئىسلامنىڭ قىسىملىرىنى يوقىتىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى

قايتۇرۇۋېلىش تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، دەلېلقان سۈگۈربايوف مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ باش قوماندانى نامى بىلەن تارباغاتايدا ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقى چىقىرىپ، 18 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان قاۋۇل ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنى ئەسكەر بولۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكىنى ۋە قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىنى قايتا قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكىغا بەدەلقان سۈگۈربايوف پولك كوماندىرى بولدى، قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىغا خەمىت ئەلىيوف پولك كوماندىرى بولدى.

دەلېلقان سۈگۈربايوف 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى شامشى مامىيوف، قاجىنەبى ۋەلىيوف قاتارلىق ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئاتاقلىق زاتلارغا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئالتاي خەلقىنى ئوسمان ئىسلامغا قارشى كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا مەخپىي ئالاقىلىشىش، «ئالتايدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» نى تارقىتىش، ئالتاي خەلقىنى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە ماسلىشىشقا چاقىرىش ئۈچۈن، تارباغاتايدىن ئالتايغا كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتتى.

بارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دەلېلقان سۈگۈربايوفنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى بېسىپ ياتقان ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. بىرىنچى يۆنىلىشتە ئىلىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ماتورلاشقان، كۈچەيتىلگەن 800 كىشىلىك باتالىيون فاتىي ئىۋانوۋىچ لىبىسكىننىڭ باشچىلىقىدا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى؛ ئىككىنچى يۆنىلىشتە يېڭىۋاشتىن تەشكىللەنگەن

سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى بەدەلقان سۇگۇربايوفنىڭ باشچىلىقىدا نارىنقارا ئارقىلىق ئېرتىش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلدى. ئۈچىنچى يۆنىلىشتە يېڭىۋاشتىن تەشكىللەنگەن قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى پولك كوماندىرى خەمىت ئەلىيوفنىڭ باشچىلىقىدا ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇش ئۈچۈن بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالدى. 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بۇرچىن ناھىيە بازىرىنى بىر يولىلا قايتۇرۇۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئالتاينىڭ غەربىي دەرۋازىسى ئېچىلدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئوسمان ئىسلام ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكىنى سېزىپ، سارسۇمبىدە پۇت تىرەپ تۇرالىشىغا كۆزى يەتمەي، ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان قىسىملىرىغا ئۇ يەردىن چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، دەلېلقان سۇگۇربايوف قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى سارسۇمبە ناھىيە بازىرىنى غەلىبە بىلەن قايتۇرۇۋالدى. 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەپ، دەلېلقان سۇگۇربايوفنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، شامشى مامىيوف، ئابدىراقمان توقتايوفلارنى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا، قالى ئاباقىنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى. شۇ كۈنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى قارار چىقىرىپ، ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللىدى.

ئالتايغا ھۇجۇمغا ئۆتكەن مىللىي ئارمىيە

قىسىملىرى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىلىرى كۆچنى توپلاپ، ئوسمان ئىسلامنىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئوسمان ئىسلامنىڭ مەغلۇپ بولغان قىسىملىرى ئېرتىش، ئۇلۇنگۇر دەريالىرىنى بويلاپ قاچتى، ئۇلار يول بويى بۇرۇلتوقاي، چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدىكى 3700 ئائىلىلىك چارۋىچى، 17 مىڭ 800 كىشى، 62 مىڭ تۇياق چوڭ مال، 152 مىڭ تۇياق ئۇششاق مالنى بىللە ئېلىپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيە بازارلىرىنى ئالدى. ئوسمان ئىسلام قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ بەيتىك رايونىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئالتاي ۋىلايىتى قايتىدىن تولۇق ئازاد بولدى.

11 ـ ئاينىڭ باشلىرى، شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى تۇردىيوف ئابدۇرېشىتنى باش شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. قامى ئاسىلقان ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، غوپۇر ھاجى سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئالتايدا تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قايتىدىن رەتلەندى. سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى بىلەن قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىدىن قېپقالغان ئەسكەرلەر كۆچەيتىلگەن باتالىيوننىڭ بىر قىسمى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، يېڭىدىن سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى تەشكىل قىلىندى، بۇ پولك سارسۇمبە ناھىيە بازىرىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىندى؛ كۆچەيتىلگەن باتالىيوننىڭ قالغان قىسمى چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكىغا تولۇقلاپ بېرىلدى، بۇ پولك بۇرۇلتوقايغا ئورۇنلىشىپ مۇداپىئەدە تۇردى.

ئوسمان ئىسلامنىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا قارشى كۆرەش تا ئازادلىقنىڭ بېشىدا ئوسمان ئىسلام جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

# جىڭدىكى قاتتىق ئېلىشىش

جىڭ ناھىيىسى شىخو ناھىيىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە، شىخو ناھىيە بازىرىغا 160 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى ـ غۇلجا تاشيولى ئۈستىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ناھىيىلەردىن بىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى سۇسىز چۆل ۋە قۇملۇق، جەنۇب تەرىپى تاغلىق ئىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جىڭ مۇداپىئەسىنى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى مۇستەھكەم ئىستىھكام دەپ قاراپ، بۇ يەرگە يېڭى 2 ـ كورپۇس قارىمىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ دىۋىزىيىسى، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە، 45 ـ دىۋىزىيە قاتارلىق قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى، جۈملىدىن 45 ـ دىۋىزىيىنىڭ 1 ـ پولكى، 3 ـ پولكى، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىنىڭ 21 ـ پولكى، 191 ـ دىۋىزىيىنىڭ 571 ـ پولكى قاتارلىق 7000 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۆت پولك ئەسكىري كۆچى جىڭ ناھىيە بازىرىنى مەركەز، يۇڭجىخۇ، باجاخۇنى تىرەك قىلىپ، قاراتۇمشۇق، قۇمبۇلاق، كۆلئۆتەڭ، توغراقچازا قاتارلىق مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىگە ئورۇنلاشقانىدى. 45 ـ دىۋىزىيە شتابى جىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، دىۋىزىيە كوماندىرى گېنېرال مايور گوچى ئالدىنقى سەپ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى.

دۈشمەن جىلغ ئاھالىسىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋېتىپ، ئۆيلەرنى چېقىپ، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ، كۆپلىگەن ئىستىھكام ۋە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ياسىغانىدى. ئۇلار يەنە مۇداپىئە لىنىيىلىرىگە تېلېفون سىملىرىنى تارتىپ، ئالاقە يوللىرىنى كۈچەيتكەنىدى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن باشلاپ جىڭغا ھۇجۇم قىلىش يۈزىسىدىن ئەسكىرىي كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشىدى. غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى، مىناميوت باتالىيونى، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى، شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونىغا داخىيەنزىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، جىڭ بىلەن داخىيەنزى ئارىلىقىدا مۇداپىئەدە تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ جىڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى بىلەن تىركىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى.

پولكوۋنىك مەنسۇر لومىيوف قوماندانلىقىدىكى خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى سۇيدۇڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى، ھەرەمباغ ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلاردا كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق، قەيسەرلىك روھى ئارقىلىق گومىنداڭ قىسىملىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، قوراللىق ئىنقىلابقا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن ۋە مەنسۇر لومىيوف، كېرىم ھاجىلار «ئازادلىق»، «ئىستىقلالىيەت I » ئوردېنلىرى بىلەن تارتۇقلانغانىدى. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى خۇيزۇ پارتىزانلىرى ئەترىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بۇ خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى بىر قىلىچلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونى، بىر مىناميوتچىلار ئېسكادرونى، بىر پىلىموتچىلار ئېسكادرونى ۋە بىر رازۋېدكا ئىنزۋوتىدىن تەركىب

تاپقان پولك دەربجىلىك دىۋىزىيونغا ئايلانغانىدى. كاپىتان باينتو قوماندانلىقىدىكى شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكاندورونىمۇ باتۇرلۇق بىلەن ئۆزمەي جەڭ قىلىش روھىغا ئىگە جەڭگىۋار قوشۇن ئىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوفنىڭ بۇ ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمىنى مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭگە ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىملىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشى بىجىز ئەمەس ئىدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 - پولكىنىڭ بىر قىسمى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە 25 كىلومېتىر كېلىدىغان داخېيەنزىنى ئالدى. ئوتتۇرا يۈنىلىشتىكى ھۇجۇم تېخى باشلانمىغاچقا، ئۇلار يۇگجىخۇ، باجاخۇ قاتارلىق جايلارغا سىناق خاراكتېرلىك ھۇجۇم قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەندى. جىڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىمۇ ئەسكەر چىقىرىپ، داخېيەنزىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. داخېيەنزىنى تالىشىش ئۇرۇشى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. داخېيەنزى ئېلىنغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ جىڭ فرونتىدىكى بارلىق قىسىملىرىغا گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوف قوماندانلىق قىلدى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى رەھىمجان سابىرھاجىيېۋ، سەيدەخمەتوف تۇرسۇنلارغا پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ ئارقىلىق جىڭ ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرىپ، جىڭ ناھىيىسى بىلەن شىخو ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. پارتىزانلار ئەترىتى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نىشانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چىگىشۇر كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، جىڭ ناھىيىسى بىلەن شىخو ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى تاشيولنى داۋاملىق بۇزدى، جىڭدىن شىخوغا تۇتىشىدىغان تېلېفون سىمىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

مىللىي ئارمىيە خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى بىلەن شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يۇگجىخۇغا كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ باردى. ياز پەسلى بولغاچقا، ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى، پاشا، كۆكۈيۈنلەر ئادەم ۋە ئاتلارنى چېقىپ ئارام بەرمەيتتى. بۇ يەردىكى ئالدىنقى سەپ قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسى مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ ئىككى قىسمىغا تاپشۇرۇلدى. يۇگجىخۇ بۆك قارىياغاچلىق كەڭ كەتكەن بىر يېزا بولۇپ، ئاھالىسى بەكمۇ شالاڭ ئىدى، بۇ يەردە بىرقانچە ئائىلە، بىر بۇتخانا، بۇتخانىدا بىر چوڭ قۇدۇق بار ئىدى. گومىنداڭنىڭ ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلى باجاخۇ يېزىسىدا ئىدى. باجاخۇ بىلەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلىنىڭ ئارىلىقى بەش كىلومېتىرچە كېلەتتى. كۈندۈزى گومىنداڭنىڭ ئايروپىلانى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئالدىنقى سېپىنىڭ ئۈستىدىن رازۋېدكا قىلىپ ئوق ياغدۇرغاندىن كېيىن، باجاخۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنى ئاۋۋال توپقا تۇتۇپ، ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتەتتى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىن قاتتىق زەربە يېگەندىن كېيىن، چېكىنىشكە مەجبۇر بولاتتى.

غۇلجا ئۇرۇشىدا گومىنداڭ قوشۇنىدىن ھەقىقەتكە قايتقان گەنسۇلۇق 70 خۇيزۇ ئەسكەر مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتنىشىپ، جەڭگە ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىملار بىلەن بىللە كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا گومىنداڭنىڭ ئۈچ جاسۇسى بار ئىكەن. بىر كۈنى، بۇ ئۈچ ئەسكەر پوستتىن چۈشكەن پېتىچە غايىب بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن يوقاپ كەتكەن يەنە بىر ئەسكەر تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدۇ. سەزگۈر كاپىتان شاۋ خەرسەن تۇرلۇك ئامال ـ چارىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ گومىنداڭ قىسىملىرىغا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ. بۇ ھال

كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ھوشيارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. قېچىپ كەتكەن ھېلىقى ئۈچ جاسۇس 3 ـ كۈنى، يەنى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر پولك ئەسكىرىنى باشلاپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا، شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونى پوستتا تۇرۇش نۆۋىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئارام ئېلىشقا باشلىغانىدى. دۈشمەن بېسىپ كىرىشكە تاشيول بويىدا مەخپىي قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان جەڭچى ئىسلام داخېيەنزىگە قارىتىپ راكېتا ئېتىپ، قوماندانلىق شتابىغا خەۋەر بەردى. پۈتۈن قىسىم سەپ بويىچە جەڭ ھالىتىگە كىردى. خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى 1 ـ ئېسكادرونىنىڭ كوماندىرى كاپىتان شاۋ خەرسەن مىناميوتچىلار ئىنژۋوتىنىڭ كوماندىرى پودپورۇچىك مۇخەممەرنى قۇملۇقتىكى 4 ـ پوستقا، پورۇچىك مۇقاشىنىڭ پىلىموتچىلار ئىنژۋوتىنى تاشيول بويىغا، پودپورۇچىك مۇسازىنىڭ ئىنژۋوتىنى سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىرغاققا، ساڭۋازىنىڭ ئىنژۋوتىنى كونا ھارۋا يولىغا ئورۇنلاشتۇردى. گومىنداڭ قىسىملىرى ئۇنىڭغىچە جەنۇبىي قۇملۇقنى بېسىۋېلىپ، تېلېفون سىملىرىنى تارتىپ بولغانىدى. بىرھازادىن كېيىن دۈشمەننىڭ بىر رازۋېدكا ئايروپىلانى پەيدا بولدى ـ دە، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنىڭ داخېيەنزىدىكى قوماندانلىق شتابى بىلەن بولغان تېلېفون ئالاقىسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. بىرىنچى قېتىم ئەۋەتىلگەن ئىككى ئالاقىچى بىر كونا تامنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلاندى، ئۇلارنىڭ مىنگەن ئاتلىرىنى ھېلىقى ئەبلەخلەر تۇتۇۋالدى. ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتىلگەن ئالاقىچىلارمۇ ئەنە شۇنداق تەقدىرگە دۇچ كەلدى، ئۈچىنچى قېتىم يولغا چىققان ماھىر رازۋېدكىچى ئىسلام داخېيەنزىگە سالامەت يېتىپ بېرىپ، دىۋىزىيون كوماندىرى مەنسۇر لومىيوفقا

ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. ئارىدىن 15 مىنۇت ئۆتمەيلا گومىنداڭ قىسىملىرى تاشيولدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. ئۆز ئورنىدا ئارام ئېلىۋاتقان 20 نەپەر شىبە جەڭچىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇتۇۋېلىپ باغلاپ ئېلىپ كەتتى. بۇ جەڭچىلەر دۇخوۋوي ئوركېستىرنىڭ ئەزالىرى ئىدى. كاپىتان باينتو دۈشمەن تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن جەڭچىلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونىنىڭ 1 ـ، 2 ـ ئېسكادىرونلىرى شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادىرونىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، گومىنداڭ قىسىملىرىغا شىددەتلىك قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار دۈشمەننى سۈر ـ توقاي قىلىپ، باجاخۇ ئەتراپىغا يېتىپ باردى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئادەم قېلىپىدىن چىققان قەبىھ ئۇسۇللار ئارقىلىق چېپىلىپ ۋە توغرىلىپ، پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىلگەن ھېلىقى 20 جەڭچىنىڭ جەستى بىر ئازگالغا تاشلىۋېتىلگەنلىكى چېلىقتى. باينتو ۋە جەڭچىلەر ئۆزلىرىنى بۇ «دۇخوۋوي ئوركېستىر بۇلبۇللىرى»نىڭ جەستى ئۈستىگە تاشلاپ، يىغا ـ زار قىلىشتى ۋە ئۆچ قېتىم ماتەم زالپى ئاتتى.

كاپىتان باينتونىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان يالقۇنلۇق مۇراجىئىتىدىن كېيىن، جەڭچىلەر دۈشمەن بىلەن قوچاقلاشما جەڭنى باشلىۋەتتى. شۇ تاپتا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئوقى تۈگەپ قالاي دېگەندى، شۇڭا ئۇلارغا بىرخىل تاكتىكىلىق تەدبىرگە يۆلەنمەي مۇمكىن بولمىدى. باينتو بىر پارچە ئاق لاتىنى قولىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— سىلەر ئوق چىقارماستىن كېلىڭلار، بىز تەسلىم بولۇشقا تەييار! — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. گومىنداڭنىڭ بۇنىڭغا ئىشىنىپ قالغان بىر روتا ئەسكىرى (200 گە يېقىن) دۈمچەك بىر ئوفىتسېرنىڭ باشچىلىقىدا كاپىتان باينتونىڭ

ئۇنى چىققان تەرەپكە ئېتىلىپ كەلگەندە، ئىككىنچى سەپتىكى نىقابلانغان جەڭچىلەر يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ بىرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماي قىرىپ تاشلىدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى نۇرغۇن قورال - ياراغلار، 200 پاترون تاش (بىر پاترون تاشتا 150 ئوق بولىدۇ) ئوقنى غەنىيمەت ئالدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن ئون نەچچىسى بۇ جەڭدە قۇربان بولدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى يېتەرلىك ئوقتا ئىگە بولغاندىن كېيىن، دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، سازلىقتا سۈرۈپ ئاپىرىپ راسا ئەدىپىنى بەردى.

دىۋىزىيون كوماندىرى مەنسۇر لومىيوف قىسىم كوماندىرلىرىنى يىغىپ، داخېيەنزىدىن دەرھال يۈگجىخۇغا ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەرتەي، سىتەي ۋە بورتالادىكى سەپەرگە چىقىشقا تەييار بولۇپ تۇرغان قىسىملىرىغا تېلېفون ئارقىلىق جىددىي خەۋەر بېرىلدى، ئۇلاردىن دەرھال يولغا چىقىپ، يۈگجىخۇدىكى 1 -، 2 - ئېسكادورون، شىبە ئېسكادورونى ۋە رۇس جەڭچىلىرىدىن تەركىب تاپقان روتىغا ئارقا تەرەپتىن ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىندى. داخېيەنزىدىن يولغا چىققان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر دىۋىزىيون كوماندىرى مەنسۇر لومىيوفنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاتلىرىنىڭ كەينىگە شاخ - شۇمبىلارنى باغلاپ سۆرۈتۈپ يېتىپ كەلگەندە، ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان گومىنداڭ قىسىملىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. مەنسۇر لومىيوف جەڭ مەيدانىدىكى ئەھۋالنى پۇختا ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزى بىۋاستە جەڭ قىلىۋاتقان ئىبراينىڭ ئىنزۋوتى ۋە مۇقاشىنىڭ ئىنزۋوتىدىن سىرت، يەنە تۆت ئىنزۋوتنى سەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھۇجۇم باشلىدى. ياردەمگە كەلگەن بىر ئېسكادورون دۈشمەن ئۈستىگە ئىككى قاناتتىن بۈركۈتتەك ئېتىلىپ كىرىپ، جەڭگە

كىرىشتى. پىلىموتچى مۇقاش ئۆزى يالغۇز ئالتە قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئېتىلىپ كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ھەر قېتىمدا 10 ~ 20 سىنى يەر چىشلەتتى. ۋالىم مۇبارەك گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر روتا كوماندىرىنى، خەسەن بىر ئوفىتسېرىنى تىرىك تۇتۇپ، دىۋىزىيون شتابىغا تاپشۇرۇپ بەردى، دىۋىزىيون كوماندىرى ئۇلارنىڭ مەيدىسىگە ئالدىنئالا ھازىرلاپ قويۇلغان «باھادىرلىق» ۋە «پىدائىي» مېداللىرىنى تاقاپ قويدى. مەنسۇر لومىيوفنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى ۋە ياردەمگە كەلگەن قىسىملار قايتۇرما ھۇجۇم تەييارلىقىغا كىرىشتى. شاۋ خەرسەن ئېسكادورونى بولسا، باينتو ئېسكادورونى بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىۋاتاتتى. لوجۇمازا ئۆزىنىڭ ئالاقە ئىنژۋوتى بىلەن 2 - قۇدۇق ئەتراپىدا دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلغاچ جەڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ تۇردى.

كۈنىنىڭ قاتتىق ئىسسىقىدا مىللىي ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنىدى، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى دۈشمەننى سازلىقتىن قوغلاپ چىقىرىپ يوقىتىش ئىدى، شۇندىلا ئىچىدىغان سۇغا ئېرىشكىلى بولاتتى. دەل شۇ چاغدا، غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 - پولكى (پولك كوماندىرى فېدايوف، سىياسىي كومىسسارى مامۇت ئاخۇن) نىڭ بىر باتالىيونى فېدايوفنىڭ قوماندانلىقىدا يېتىپ كەلدى. بۇ ياردەمچى قوشۇننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان كوماندىر - جەڭچىلەر ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارغىنلىقنى ئۇنتۇپ، ئاجايىپ روھلىنىپ كەتتى. مۇقاش ۋە پەخىردىنلەر ئىستىھكامدىن ئىرغىپ چىقىپ، دۈشمەنگە ئوق ياغدۇردى، پۈتۈن قىسىم يول ئۈستىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 - پولكىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر دۈشمەننى سىرتتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ،

قاتتىق ئوت ئاچتى. مەنسۇر لومىيوف قوماندانلىقىدىكى خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى بارلىق پىلىموت، مىلتىقلارنى ئىشقا سېلىپ، تاشيول بويلاپ دۈشمەنگە زەربە بەردى. كاپىتان شەسەن باينتو قوماندانلىقىدىكى شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ئوت ئاچتى ۋە قۇمتاغ ئاستىغا توپلىنىۋالغان دۈشمەننى مىناميوتقا تۇتۇپ ھالسىراتتى. يېرىم كۈنلۈك قايتۇرما ھۇجۇم داۋامىدا، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن بەرگەن زەربىسىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغان گومىنداڭ قىسىملىرى كەلسە ـ كەلمەس ئوق چىقىرىپ، بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلدى ۋە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قاچتى. قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىرى مىللىي ئارمىيە پىلىموتچىلىرى ياغدۇرۇۋاتقان ئوقتا يەر چىشلەشتى. سازلىق ۋە تاشيول بويى دۈشمەن جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ھەر تەرەپتىن تەكشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يۈگجىخۇدىكى ئالدىنقى سەپ 1 ـ لىنىيىسىنى قايتۇرۇۋالدى. بۇ ئۇرۇشتا گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ 500دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى، نۇرغۇن ئېغىر ـ يېنىك قورال ـ ياراغلار ۋە ئوق ـ دورىلار غەنىيمەت ئېلىندى. ئۇرۇشتىن كېيىن جەڭ مەيدانى تازىلانغاندا، مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىدىن 30 نەپىرى قۇربان بولغانلىقى، 20 نەپىرى تىرىك تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسىملىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇمبۇلاقتا ئۇرۇنلاشتى، داخېيەنزىدىن يۆتكەلگەن پىيادە ئەسكەرلەر قىسىملىرىمۇ قۇمبۇلاقتا ئورۇنلاشتى ۋە ئىستىھكام ياسىدى. 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، يۈگجىخۇ، باجاخۇدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسىدە ئىككى تەرەپتىن قىستاپ قۇمبۇلاققا

ھۇجۇم قىلدى، قومبولاقتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بەردى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە 100 دىن كۆپرەك تاغ زەمبىرىكى، مىناميوت ئارقىلىق يۈگجىخۇدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرىنى توپقا تۇتتى. ھەر ئىككى تەرەپ چىقىمغا ئۇچراپ، تىركىشىش ھالىتىدە تۇردى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى يۈگجىخۇنى ئۇزاق ۋاقىت ھۇجۇم قىلىپ ئالالماسلىق ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن، 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئىسھاقبەگ مونونوفنى جىڭ ئالدىنقى سېپىگە قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى ھەمدە ھەرقايسى قىسىملارنى داخېيەنزى، يۈگجىخۇ، باجاخۇ قاتارلىق جايلارغا دەرھال يىغىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى. جىڭ ئالدىنقى سېپىگە غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى (كوماندىرى مەۋلانوف، سىياسىي كومىسسارى رەخىموف)، غۇلجا زاپاس 4 ـ پولكى (كوماندىرى قېيۇمبەگ، سىياسىي كومىسسارى ھاشىر ۋاھىدى)، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى، شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونى بولۇپ 4000 كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇن يۆتكەپ كېلىندى. ئىسھاقبەگ مونونوف بىر تەرەپتىن ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ ئارقىلىق يۈگجىخۇغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى ئەۋەتىپ، باجاخۇنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرىنى قورشىۋالدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ پالىنوف قوماندانلىقىدىكى قىسىملىرى شىخودا ئۇرۇش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسھاقبەگ مونونوف قوماندانلىقىدىكى قىسىملىرى جىڭ ئۇرۇشىنى باشلىدى. قوماندانلىق شتاب ئالدى بىلەن جىڭنىڭ سىرتىدىكى يۈگجىخۇ، باجاخۇلارنى ئېلىشنى بەلگىلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

ئەتىگەن سائەت بەشتە، گېنېرال لېيتنات ئىسھاقبەگ مونونوفنىڭ ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى بېرىلىشى بىلەن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جىڭ ناھىيە بازىرى سىرتىدىكى مۇھىم تايانچ پونكىتى يۇڭجىخۇغا ھۇجۇم باشلىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى دۈشمەنگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ قارشىلىقلىرىنى ئۈزلۈكسىز يىمىرىپ تاشلاپ تېز ئىلگىرىلىدى، بولۇپمۇ شىمالىي تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ يۇڭجىخۇدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، يەنە بىر قېتىم قوچاقلاشما جەڭ قىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، گومىنداڭ قىسىملىرى يۇڭجىخۇدىكى ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ باجاخۇغا چېكىندى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى يۇڭجىخۇنى ئىشغال قىلدى. تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى بىلەن غۇلجا زاپاس 4 ـ پولكىنىڭ 1 ـ باتالىيونى شەرق، جەنۇب تەرەپلەردىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باجاخۇدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. باجاخۇدىكى ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئىستىھكاملارغا تايىنىپ كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى خېلى چوڭ چىقىمغا ئۇچراتتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تاشيولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە سالغان بىر روتا ئادەم سىغقۇدەك ئۇچ قەۋەتلىك پوتىيى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە زور قىيىنچىلىق كەلتۈردى. بۇ چوڭ ئىستىھكامنىڭ ئىككى يېنىدا بىرقانچە ئون ئوت ئېچىش تۆشۈكى بار ئىدى، بۇ ئوت ئېچىش تۆشۈكلىرىدىن ئېتىلغان ئوق ھۇجۇمچىلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توختىتىپ قويدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، غۇلجا زاپاس 4 ـ پولكى 1 ـ باتالىيونىنىڭ جەڭچىسى نادىرووف زىخرۇللام كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۆت جەڭچىنى

باشلاپ، بۇ ئىستىھكامنى پارتلىتىشقا ماڭدى. ئۇلار پىلىموت ئوقىنىڭ ھىمايىسىدە ئۆمىلەپ مېڭىپ، ئىستىھكامنىڭ يېنىغا بېرىشقا 20 نەچچە مېتىر قالغاندا، ئىستىھكام ئىچىدىكى دۈشمەنلەر سېزىپ قېلىپ، پىلىموتتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. بىر جەڭچى قۇربان بولدى، ئۈچ جەڭچى يارىدار بولدى. ئەنە شۇ ھالقىلىق پەيتتە، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلقنىڭ ئازادلىقىغا بېغىشلىغان نادىروف زىخرۇللام مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئوت كۈچىنىڭ ھىمايىسىدە، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان باتۇرانە روھ بىلەن ئىستىھكامنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى، ئۇ ئىستىھكام ئىچىگە بىرتوپ ـ بىرتوپتىن باغلانغان قول بومبىلىرىنى ئوت توچكىسى ئارقىلىق كەينى ـ كەينىدىن تاشلىدى. يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ بۇ ئۈچ قەۋەتلىك ئىستىھكام گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى يەرگە چاپلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى توسالغۇ يوقىتىلدى. پۈتۈن قىسىم «ھۇررا» سادالىرىنى ياڭرىتىپ، شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جىڭ ناھىيە بازىرى سىرتىدىكى يەنە بىر تايانچ پونكىتى باجاخۇنى ئالدى، قالدۇق دۈشمەن جىڭ ناھىيە بازىرىغا قېچىپ كەتتى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى يۈگۈجىخۇ، باجاخۇلارنى ئالغاندىن كېيىن، جىڭ ناھىيە بازىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، جىڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى، مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى بىلەن زەمبىرەكچىلەر دۈنزىيونى جىڭنىڭ غەرب تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق

ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى، شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونى قاتارلىق قىسىملار جىڭنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتۇش، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى جىڭنىڭ شەرق تەرىپىگە، يەنى دۇشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۇپ، ئۇلارنىڭ قېچىش يولىنى توسۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.

1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت ئۈچتە، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى جىڭ ناھىيە بازىرىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. گومىنداڭ قىسىملىرى مۇداپىئە لىنىيىلىرىدىكى ئىستىھكاملاردىن پايدىلىنىپ، پىلىموتلار ۋە ئېغىر ـ يېنىك قوراللارنى ئىشقا سېلىپ، ھۇجۇمغا ئۆتكەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى توسۇشقا قاتتىق تىرىشتى، بولۇپمۇ جىڭ مۇداپىئەسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى سەككىز ئىستىھكامىدىكى ئوت توچكىسىغا تايىنىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ پولكىنىڭ توققۇز قەھرىمان جەڭچىسى دۇشمەننىڭ ئوت توچكىلىرىنى ۋەيران قىلدى. ئىشەنگەن ئاخىرقى ئوت توچكىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان دۇشمەن تەرەپ ـ تەرەپلەرگە قاچتى. قالدۇق دۇشمەن ئاخىرقى جان تالىشىش ۋاقتىدا جىڭ دەرياسى كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇپ، شەرق تەرەپكە قاراپ قاچتى. قالغان دۇشمەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا تەسلىم بولدى. گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوف قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى شۇ كۈنى جىڭنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى. ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ قاچقان گومىنداڭنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى، 45 ـ دىۋىزىيە كوماندىرى گوچى 200 دىن كۆپرەك قالدۇق ئەسكىرى بىلەن 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يەنىسخەي ئەتراپىدا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ئەسىرگە چۈشتى. شەرق تەرەپكە قاراپ قاچقان 1000 دەك گومىنداڭ ئەسكىرىنى پولكوۋنىك رەپىق بايچۇرىن،

پولكوۋنىك مەنسۇر لومىيوف، پودپولكوۋنىك بولغونوف ئىردە، مايور شەسەن باينتولارنىڭ قىسىملىرى ئارقىدىن قوغلاپ، ئالدىدىن توسۇپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئاز قىسمىنى يوقاتتى، كۆپ قىسمىنى ئەسىرگە ئالدى. ئەنە شۇ قوغلاپ يۈرۈپ يوقىتىش جەڭلىرىدە شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونىدىن ئادەم چىقىمى ئېغىر بولدى. قۇربان بولغان 20 دىن ئارتۇق جەڭچى قۇملۇققا دەپنە قىلىندى.

جىڭ ئۇرۇشىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى يېڭى 45 - دىۋىزىيىسىنىڭ 1 - پولكى ماناس دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە قېچىپ كەتكەندىن باشقا، قالغان ئۈچ پولكى ئاساسەن يوقىتىلدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 3478 ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە گېنېرال مايور بىر، پولكوۋنىك ئىككى، پودپولكوۋنىك تۆت، مايور 15، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر 198. بۇ ئۇرۇشتا گومىنداڭ قىسىملىرىدىن توققۇز زەمبىرەك، 12 مىناميوت، 38 ئېغىر پىلىموت ۋە نۇرغۇن ئاپتومات، مىلتىق، گرانات، ئوق - دورا قاتارلىق ھەربىي ئەسلىھەلەر غەنىيمەت ئېلىندى.

جىڭ ئۇرۇش خۇددى شىخو ئۇرۇشىغا ئوخشاش ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. شىخو، جىڭ ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قازىنىلغاندىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى. مىللىي ئارمىيە ئۇرۇش سېپىنى ئۈرۈمچى بىلەن ئارىلىقى 150 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا ئىلگىرىلەتتى. مىللىي ئارمىيە شىمالىي لىنىيە، ئوتتۇرا لىنىيىلەردىكى ئۇرۇشلاردا تولۇق غەلىبە قازاندى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭگە ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىملىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۆت ئايدىن ئوشۇق جاپالىق جەڭلەردە

غۇلجا زاپاس 4 ـ پولكى 1 ـ باتاليونىدىن نادىروف زىخرۇللام، ئىزژوت كوماندىرى ئابلىمىت، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونىدىن مەنسۇر لومىيوف، شاۋ خەرسەن، مۇقاش، ياڭلۇر، ھەسەن، ۋالىم مۇبارەك، سەر، جۇمازا، ئىسلام، پەخىردىن، مۇخەممەر، مۇسازا، ساڭۋازا، ئىبراي، شاكىردەك خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق كوماندىر ـ جەڭچىلەر، 150 كىشىلىك شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادوروندىن شەسەن باينتو، يىگسۇي، يىڭجالۇ، يىجىسەن، سا بىشەن، دوسۇمباي، جۇڭمىن، ئەيشۇجىن، سۇ چىڭلۇ، ئەيشوموجىن، ماجى سىڭسەندەك كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ئوخشاش ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا زور تۆھپە قوشقان نۇرغۇن قەھرىمان ئەزىمەتلەر بارلىققا كەلدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى نادىروف زىخرۇللامنى «كۇرەش قەھرىمانى» دەپ ئەنگە ئېلىپ، پولك كوماندىرى دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ «ئازادلىق»، «ئىستىقلالىيەت I» ئالتۇن ئوردېنلىرىنى نادىروف زىخرۇللامنىڭ كۆكرىكىگە ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، نادىروف زىخرۇللام جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۇرەش قەھرىمانلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدې قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇ كۇرەش قەھرىمانىنىڭ شانلىق ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەيكىلى يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى 64 ـ تۇەن مەيدانى (كۆكدالا) دا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

# مۇز داۋاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇغا قىلىنغان ھۇجۇم

ئاقسۇ ۋىلايىتى جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ھالقىلىق تۈگۈن ئىدى. ئەينى چاغدا ناۋادا ئاقسۇ قولدىن كەتسە، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرالىشى قىيىنغا توختايتتى. ئۇ ھالدا ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاقسۇنى ئىگىلەپ جەنۇبقا ئىلگىرىلىمەكچى بولغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋە تاشقورغاندىن كېلىدىغان ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالاتتى ـ دە، مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئەنە شۇ ئىستراتېگىيىلىك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاقسۇنى ساقلاپ قېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇداپىئەنى ھەر تەرەپلىمە كۈچەيتتى ۋە بۇ يەردە كۈچلۈك ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 4 ـ پولكى كۆچادا، بۇ پولكىنىڭ 3 ـ روتىسى تەلەمەت داۋىنىدا، 1 ـ روتىسى قىيىر تېغى ئېغىزىدا، بىر روتا ۋە ئىككى ئىززۋوتى بايدا، 5 ـ پولكى ئاقسۇ شەھىرىدە، تولۇقلاپ بېرىلگەن 2 ـ پولكى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىدە، 5 ـ پولكىنىڭ كۈچەيتىلگەن بىر روتىسى مۇزئارت داۋىنىدا تۇراتتى.

1945 - يىلى 5 - ئايدىن تارتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرىنىڭ تۈزگەن پىلانى بويىچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىش پىلانىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچىنى كۈنەستىن يۇلتۇزغا ئەۋەتىپ، بايغا ھۇجۇم قىلغۇزۇپ، كۈچانى ئىشغال قىلغۇزۇش، يەنە بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى موڭغۇلكۈرەدىن مۇزئارت داۋىنى ئارقىلىق قورغانغا ئەۋەتىش، ئۇ يەردىن ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيە بازىرىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغۇزۇشنى قارار قىلدى. ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىدىغان مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتىگە پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇبۇروف ئەترەت باشلىقى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف سىياسىي كومىسسار، پولكوۋنىك قاسىمجان قەمبىرى ھۆكۈمەت ۋەكىلى، مايور داموللا رازىيوف دىنىي ئىشلار مەسئۇلى، پولكوۋنىك نوغايبايوف، مايور ئىسكەندەرلەر ھەربىي مەسلىھەتچى، مايور ھۇسەيىن غازى شتاب باشلىقى بولدى. ئېلىخان تۆرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان 300 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونىغا كاپىتان ناسىروف مىرزىگۈل كوماندىر، كاپىتان ساۋۇرجان مۇئاۋىن كوماندىر، كاپىتان سامساق خوجىلىق - مالىيە مەسئۇلى، پورۇچىك ئاسىم شتاب باشلىقى بولدى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، كاپىتان ناسىروف مىرزىگۈل مىنامىيوت ۋە ئېغىر - يېنىك پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونىنى باشلاپ كۈنەستىن يولغا چىقىپ يۇلتۇزغا بېرىپ، كۈچاغا بارىدىغان مۇھىم تاغ ئېغىزى تەلەمەت داۋىنىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار گومىنداڭنىڭ شۇ

يەردە تۇرۇشلۇق بىر روتا قوشۇننى تارمار قىلىپ، تەلەمەت داۋىنىنى ئىشغال قىلدى.

سوپاخۇن سۇبۇروف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، داموللا رازىيوفلار باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ 150 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدىن قىزىلكۈرەگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئەترەتتىكى جەڭچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭلىق بولۇپ، يۇرتىدىكى ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن بالدۇرراق ئازاد قىلىشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى. ئەترەت 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قىزىلكۈرە ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى. قىزىلكۈرەدە سەپەرۋەر قىلىش، قەسەمياد قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى مارشال ئېلىخان تۆرە قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئەترەت 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قىزىلكۈرە ناھىيە بازىرىدىن موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەترەت موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قىسىمنى رەتكە سېلىش، كوماندا تەركىبىنى تەڭشەش، قورال - ياراغلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىشلىدى. ھەربىر ئىنژۋوتقا بىردىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن تەشۋىقاتچى سەپلىنىپ، قىسىمنىڭ سىياسىي ئاساسى مۇستەھكەملەندى، ھەربىر ئىنژۋوتقا بىردىن كولىت (كاناداچە يان قورال)، ئىككىدىن ئاپتومات، ئىككىدىن لېنتىلىق پىلىموت تارقىتىپ بېرىلدى. قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۇرۇش قىلىش پىلانى بويىچە، بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتى موڭغۇلكۈرەنىڭ جەنۇب تەرىپى ئارقىلىق مۇزئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، بىراقلا قورغان تاغ ئېغىزىغا بېرىپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانىدى. ئەترەت ئېھتىيات يۈزىسىدىن يەر تۈزۈلۈشى ۋە دۈشمەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ

كۆرۈشكە بىر رازۋېدكا گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. بۇ رازۋېدكا گۇرۇپپىسى ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قورغان تاغ ئېغىزىدىن ئەسكەر چىقىرىپ، مۇزئارت داۋىنىدا چازا قۇرغانلىقىنى، داۋاندا قار بەك قېلىن بولۇپ، ئۆتۈش قىيىنلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەترەت كوماندىرلىرى قىزىلكۆرە ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئاقبۇلاق داۋىنى ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئۆتۈشنى قارار قىلدى. بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتىگە موڭغۇلكۆرە ئەزىمەتلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونى قوشۇلدى. ئەترەت ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھ بىلەن خەتەرلىك داۋانلاردىن ئۆتۈپ، قارلىق تاغ، تار جىرالاردا يۈرۈش قىلىپ، 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى قېيىر يېزىسىنىڭ چېگراسىغا يېتىپ باردى. ئەترەت گومىنداڭنىڭ قېيىردا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان بىر روتا ئەسكىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، يېرىم سائەت ئىچىدىلا ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ، قېيىرنى ئىشغال قىلدى. دۈشمەننىڭ بىر روتا ئەسكىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى، روتا كوماندىرى 30 نەچچە ئادىمى بىلەن كۇچاغا قېچىپ كەتتى. ئەترەت قېيىرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ قىسىملىرى بۇ يەردە ھاشارغا سالغان 15 ئادەمگە ئىنقىلاب رىجىلىرىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا بۇنى پۈتۈن يېزا خەلقىگە چۈشەندۈرۈشنى تاپىلاپ، ئۇلارنى قويۇپ بەردى. بۇ ھاشارچىلارنىڭ تەشۋىقات - چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغان نەچچە يۈزلىگەن يېزا ئاھالىسى ئات - ئېشەكلىرىگە مىنىپ ئەترەت تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىپ، مىللىي ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بوۋاي - مومايلار قوللىرىنى جۈپلەپ، مىللىي ئارمىيە ئەزىمەتلىرىگە نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلىشتى. قاسىمجان

قەمبىرى ھاياجانغا تولغان يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلىدى. يېزىدا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. ئەترەت قېيىردا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كاپىتان ناسىروف مىرزىگۇل باشچىلىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر دۈشمەن بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، باي ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. تۆت سائەتلىك جەڭدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى باي ناھىيە بازىرىنى ساقلاپ تۇرغان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر كۈچەيتىلگەن روتىسىنى يوقىتىپ، ناھىيە بازىرىنى ئالدى. بۇ ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ 70 دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى، 40 نەچچە ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى، ئازراق ئەسكىرىلا ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى. 120 مىلتىق، 182 ئات، ئۈچ پىلىموت، ئالتە دىكتار پىلىموت، 24 مىڭ پاي ئوق قاتارلىق قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا غەنىيمەت ئېلىندى. باي ناھىيىسىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، ئوسمان سايىت ھاكىملىققا، ياسىن ئاخۇن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭ قوشۇنىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى ۋە باي ناھىيىسىدىكى نۇرغۇن ياشلار مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشتى. قېيىر ۋە باي ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش جەريانىدا ۋەتەنپەرۋەر شائىر نىمشېھىت ئارمىيە داموللام باشلىق پىدائىيلار مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى سېپىدىن ئورۇن ئالدى. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، گومىنداڭنىڭ كۈچادا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ پولك كوماندىرى مادېخۇڭ 300 ئەسكەرنى باشلاپ ياردەمگە كەلدى، ئۈچ كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنى باي ناھىيە بازىرىنى تارتىۋالدى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋاقىتلىق چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى باي ناھىيە بازىرىدىن

چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، غۇلجىدىن ئاقسۇغا بېرىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل قورغاننى ئېلىپ، مۇزئارت يولىنى ئېچىش ئۈچۈن غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ناسىروف مىرزىگۈل ئەترىتى، ئىبراھىموف ئەترىتى سوپاخۇن ئەترىتى بىلەن بىرلەشمە قوشۇن ھاسىل قىلىپ، تاغ باغىرلاپ يول ئېلىپ، مۇزئارتقا بارىدىغان يولدىكى قىزىلبۇلاققا يېتىپ كەلدى. قوماندانلىق شتاب ئەنە شۇ يەرگە ئورۇنلاشقانىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قورغانغا ھۇجۇم قىلدى، بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر كۈچەيتىلگەن روتىسى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. قورغاننىڭ ئېلىنىشى مۇزئارت داۋىنىنى تىزگىنلەپ، ئىلىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سەھەردە، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا قورغان ئىشغال قىلىندى، جەڭ داۋامىدا گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 55 ئادىمى يوقىتىلدى، 150 نەچچە ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەسكەر 40 نەچچە)، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ روتا كوماندىرى لىشجۇن ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئېغىر ـ يېنىك 17 پىلىموت، 150 مىلتىق، 100 مىڭ پاي ئوق غەنىيمەت ئالدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قورغاننى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، مۇزئارت داۋىنىنى ساقلاۋاتقان دۈشمەننى يوقىتىپ، ئىلىدىن ئاقسۇغا بارىدىغان يولنى ئاچتى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىدىغان قىسىملىرى تەركىبىدىكى 1000 غا يېقىن كىشى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قورغان ئارقىلىق ئاقسۇ تەۋەسىگە ئۆتتى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى قۇربانجان

باشچىلىقىدا تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىنىڭ بىر كۆچەيتىلگەن دىۋىزىيونىنى يۆتكەپ، جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىدىغان قىسىملارنىڭ كۈچىنى تولۇقلىدى. بۇ كۈچەيتىلگەن دىۋىزىيون 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى باي ناھىيە بازىرىنى يەنە بىر قېتىم ئىگىلىدى. ئىلىدىن ياردەمگە كەلگەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىن باي ناھىيە بازىرىنى ساقلاشقا بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ قالدۇرغاندىن سىرت، قالغان ئەسكىرىي كۈچلەر ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەرب تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، قورغاندىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىر ئىنزۋوت ئەسكىرىي كۈچنى قورغاننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، قالغان ئادەملەرنى باشلاپ، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالدى.

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسىغا ھۇجۇم قىلدى. گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى يوقىتىلدى، قالغان قىسمى ئاقسۇ شەھىرىگە قاراپ قاچتى. ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى ئېلىنغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئابدۇكېرىم ئابباسوف سۆز قىلىپ، خەلقتىن پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن، ئامما بەس ـ بەس بىلەن ئەسكەرلىككە تىزىملاتتى. ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. شېرىپ قارىيھاجى ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان

قىسىملىرى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھىرىنى قورشىۋالدى. بۇ چاغدا ئاقسۇ شەھىرى ئىچىدە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 5 ـ پولكىدىن سىرت، ئۈچتۇرپان چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر، شەھەردىكى خىزمەتچىلەر، تىجارەتچىلەر ئاساس قىلىنىپ ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن ئىككى قوغدىنىش ئوتتۇرا ئەترىتى ۋە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىن قېچىپ كەلگەن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر بولۇپ ئىككى پولكتەك ئەسكىري كۈچ بار ئىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قوزغىدى. ئەمما، شەھەر ئىچىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى سېپىل ئەتراپىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى چۇۋۇپ، ئورنىغا خەندەك كولاپ، سۇ توشقۇزۇپ، توساق ئورنىتىپ ۋە ئىستىھكام ياساپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈۋاتقانلىقى ھەمدە پۇقرالارنىڭ شوتىلىرىنى پۈتۈنلەي يىغىۋېلىپ، شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىۋېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگىلى بولمىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىن پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇبۇروف ئەترىتى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭى بىنانى، پودپولكوۋنىك كاۋالىيوف قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى غەربىي قەشقەر كۆۋرۈكىنى، كاپىتان ناسىروف مىرزىگۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونى شىمالدىكى چوڭ كۆۋرۈك مەسچىتىنى ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، ئاقسۇ شەھىرىنى قورشاپ تۇراتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى شەھەرنى كۆپ قېتىم توپقا تۇتتى، 30 نەچچە شوتا تەييارلاپ، شەھەر سېپىلىغا قويۇپ ھۇجۇم قىلدى. سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر شوتا بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىققان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتتى. دۈشمەن قەشقەر كۆۋرۈكى

تەرەپتىكى سىپىلنىڭ ئاستىدىن لەخمە كولاپ يول ئېچىۋالغانىكەن، دۈشمەن رازۋېدكىچىلىرى شۇ لەخمە ئارقىلىق كېچىسى سېپىل سىرتىغا چىقىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي چارلاپ ئىگىلىگەندىن كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىرقانچە ئون كاللا كېسەرى كاۋالىيوف دىۋىزىيونىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلىرىنىڭ بىخۇد ھالەتتە ئۇخلاۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى ئىزۋوت موڭغۇل جەڭچىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ توّت مىناميوتى بىلەن بىرقانچە ئون مىلتىقى، ئوق ـ دورىلىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، سېپىل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، شەھەر ئىچىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى شەھەردىن چىقىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا كوّپ قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقى، قىسىملاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى، تەشۋىقاتچىلىرى قايتىپ كېتىپ، جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلاپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، گومىنداڭنىڭ كۈچادا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانلىقى ئۈچۈن، ۋاقتىنچە قورغان ئەتراپىغا چېكىنىپ، قىسمنى ئارام ئالدۇرۇپ ۋە رەتكە سېلىپ، يەنە ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى. ئاقسۇ شەھىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنى تارتىۋالدى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قەتئىي ھىمايە قىلغان، ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن پائال شۇغۇللانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياخشى ئوغلانى، تالانتلىق شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ تۇرمىدىكى 28

ئەزاسىنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ ۋاستىلەر ئارقىلىق قەتلى قىلدى. بۇ خەۋەر قورغان ئەتراپىدىكى مىللىي ئارمىيە كوماندىر ـ جەڭچىلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ياردەمگە ئەۋەتكەن قىسىملار مۇزئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قورغان ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ قىسىملار تۆت يولغا بۆلۈنۈپ، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىنى قايتا ئىگىلىدى ۋە گومىنداڭ قىسىملىرىغا قوغلاپ ھۇجۇم قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھىرىنى يەنە بىر قېتىم مۇھاسىرىگە ئالدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە، بىر تەرەپتىن، ئاقسۇ شەھىرى ئىچىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى نەچچە كۈن ئۇدا توپقا تۇتتى، يەنە بىر تەرەپتىن سېپىلغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى كۆپ قېتىم تەشكىللىدى.

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ سېپىلى پۇختا ياسالغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى قوراللىق ئۇرۇشلاردىن مۇداپىئەلىنىشتە خېلى ئوڭايلىق بېرەتتى. شۇڭا، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى سېپىلدىن ئۆتۈپ شەھەر ئىچىگە كىرەلمىدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. ئاقسۇدىكى جەڭ پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. جياڭ جيېشى قورچاق شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇۋەققەت شتاب باشلىقى لو كەنفېنغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ئاقسۇنى قوغداۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ پولكىنىڭ كوماندىرى جاۋ خەنچىڭگە ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگۈچە ئاقسۇ شەھىرىنى جان تىكىپ قوغداش توغرىسىدا

پەرمان بېرىشنى بۇيرۇدى.

جاۋ خەنچى جياڭ جيېشىنىڭ قاتتىق بۇيرۇقى ۋە نۇرغۇن ئىنئام بېرىشى بىلەن 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شەھەر ئىچىدىكى ئەسكەر ـ ساقچىلارنى باشلاپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، شەرقىي دەرۋازا بىلەن شىمالىي دەرۋازىدىن بۆسۈپ چىقىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا شىددەتلىك قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى باتۇرلارچە قايتۇرما زەربە بېرىپ، گومىنداڭ قىسىملىرىغا قارشى كۆپ قېتىم قانلىق جەڭ قىلدى، ئۇلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، ئۇنى قورشاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئاقسۇ شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ئىككى قېتىم تېلېگراما ئەۋەتىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ دەرھال ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئۇن كىلومېتىر كەينىگە چېكىنىپ بۇيرۇق كۈتۈشى توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاقسۇ شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بۇيرۇققا بىنائەن چېكىنىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادەم ئەۋەتىپ بايىنى ساقلاۋاتقان مويىدىن خوجىغا قوشۇننى باشلاپ چېكىنىشنى ئۇقتۇردى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قورغان ۋە قېيىر تېغى ئەتراپىغا چېكىندى. ئاقسۇ شەھىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيە بازىرى ۋە باي ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىۋالدى. گومىنداڭ جاللاتلىرى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيە بازىرىغا بېسىپ كىرگەندە، بىرقانچە يۈز بىگۇناھ پۇقرانى قىرغىن قىلدى. ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە چېكىنىش جەريانىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ

ئۈرغۈن كوماندىر ـ جەڭچىلىرى قۇربان بولدى، كاۋالىيوف قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونىدىنلا 100 دىن ئارتۇق ئادەم قۇربان بولۇپ، دىۋىزىيون ئاساسىي جەھەتتىن قىرىلىپ تۈگىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق كىشىلەر 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قورغاندىن مۇزئارت داۋىنى ئارقىلىق غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. مويدىن خوجا باينى ساقلاۋاتقان قوشۇننى باشلاپ چېكىنىۋاتقاندا، گومىنداڭنىڭ كۆچادىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ پولكى بىلەن كەسكىن ئېلىشقاندىن كېيىن، تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق قىزىلكۆرە ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى. سوپاخۇن سۇبۇروف ئەترىتى قورغان ئارقىلىق مۇزئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى. مۇزئارت داۋىنىنى ساقلاشقا مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچى قالدۇرۇپ قويۇلدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى ئۇرۇش ھەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

# باندىت قالىبېك توپىلىڭنىڭ تارمار كەلتۈرۈلۈش جەريانى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى ئاكتىپ پىلانلاپ، «ئىستىھكامغا ئىچكى قىسمىدىن ھۇجۇم قىلىش» كويىدا بولدى. ساۋەندىكى قالىبېك توپىلىڭى ئۇلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قاراتقان ئەنە شۇ ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

قالىبېك 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەتكە قاراشلىق ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغانىدى، ئۇنىڭ ئاكتىپ چاپارمىنى تاكىمان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. قالىبېكتە كوممۇنىزمغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغاچقا، كۆرۈنۈشتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللىغاندەك قىلغان بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى «قىزىل پاچاقلار ھاكىمىيىتى» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ 1946 ـ يىلىدىن تارتىپلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈۋالدى. ئۇ كېيىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكىمۇ قول سوزۇپ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى

ئىچىدىن ئۆزىگە تايانچ ئىزدىگەن بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك تەركىبىگە كىرىش يولىدىكى ئورۇنۇشىمۇ نەتىجە بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىرىنچى قەدەمدە تاكىماننى يېنىغا تارتىپ، ئۇنىڭغا «كوممۇنىزمغا قارشى قەھرىمان» دەپ نام بەردى ۋە ساۋەن گارنىزونىنىڭ قوماندانىنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ماسلىششىنى تەلەپ قىلدى. 1946 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، قالىبېك ۋە تاكىمانلارنىڭ قارانىيىتى ۋە ھەرىكىتى توغرىسىدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىغا رازۋېدكا خادىملىرىنىڭ جىددىي مەلۇماتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن بولسىمۇ، ئايرىم ئادەملەرنىڭ ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىشى نەتىجىسىدە، «قالىبېك توغرىسىدىكى ئىنكاس ۋە پىكىرلەر پۈتۈنلەي خاتا» دېگەن خۇلاسە چىقىرىلدى. قالىبېك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى ئېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگە قارشى ھۇجۇم قىلىشقا جىددىي تەييارلىق كۆردى. قورچاق ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان ئۆزىنىڭ قالىبېك بىلەن بىر قەبىلىدىن ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، قالىبېك بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئادەم ئەۋەتىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى كۆپ قېتىم پىلانلىدى.

1947 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى قالىبېكنى نەنسەندىكى بورتۇڭگە چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، قالىبېك «ئاغرىپ قالدىم» دەپ، ساۋەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى تاشلاپ قويۇپ، بورتۇڭگە بېرىۋېلىپ، باندىتلىق ھەرىكىتىنى پائال تەشكىللىدى. قالىبېك 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايغا قەدەر ئۆزىنىڭ توپىلاڭچى گورۇھىنى

يەنسخەي تاغ رايونىغا يۆتكىدى ۋە 7 ـ ئايدىن تارتىپ توپىلاڭنىڭ مۇقەددىمىسىنى، يەنى ئۇششاق قوشۇن بىلەن تاغدىن تاغقا يۆتكىلىپ، مۆكۈپ يۈرۈپ پارچە ـ پۇرات ھۇجۇم قىلىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ مىڭبېشىلار ئارقىلىق يۈزبېشىلارنى ئۆزىگە بېقىندى بولۇشقا مەجبۇرلىدى، ماقۇل بولمىسا، ئادەم ئەۋەتىپ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلىدى، ئۆيلىرىگە ئوت قويدى. ئوسمان ئىسلامنىڭ ئالتايدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ئالتاي خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، قالىبېك، تاكىمان قاتارلىق كىشىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە پۇقرالارغا زىيان سالدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي دائىرىلىرى قالىبېككە ئىككى قېتىمدا 640 مىلتىق، ئالتە پىلىموت، نۇرغۇن ئوق ـ دورا، ئىككى راتسىيە ئەۋەتىپ بەردى. جانىمقان 10 ـ ئايدا قالىبېككە 12 مىليون يۈەن ئۆلكە پۇلى ياردەم قىلدى. 11 ـ ئايدىن ئېتىبارەن گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى قالىبېك باندىتلىرىنى ئاشلىق ۋە مائاش بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، قالىبېك ساۋەننىڭ قىزىل دېگەن يېرىدە 600 كىشىلىك قوراللىق باندىتلار گۇرۇھىنى تەشكىللىدى ھەمدە بۇ قوشۇننى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلىي شتاتى بويىچە بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر چوڭ ئەترىتى، ئىككى شۆبە ئەترەت قىلدى. قالىبېك چوڭ ئەترەتكە، تاكىمان شۆبە ئەترەتكە كوماندىر بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار تاغدىن دائىم چۈشۈپ، خەلقنى ئۆزلىرىگە مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ، چارۋىلارنى بۇلىدى، خەلقنى تالان ـ تاراج قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ بېشىغا كەلگەندە، قالىبېك بىلەن تاكىماننىڭ قوراللىق ئادىمى 1000 گە يېقىنلاشتى.

ئەينى ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ شىخو پىيادە ئەسكەرلەر

1 - پولكى، قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - پولكىنىڭ 4 - ئېسكادورونى ساۋەن، شىخو، مايتاغ، يەنسىخەي ۋە ساندىخوزا قاتارلىق جايلاردا تۇراتتى. قالىبېكنىڭ ئاسىيلىق قىلىش ئالامەتلىرى كۆندىن - كۆنگە ئاشكارىلىنىپ، قوراللىق توپىلاڭغا ئايلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى بۇ توپىلاڭنى تارمار قىلىش يولىدا كەسكىن تەدبىر قوللاندى، 1947 - يىلى 10 - ئايدا، غۇلجىدىن پىيادە ئەسكەرلەر 2 - پولكى ۋە توپچىلار باتالىيونىنى، بورتالادىن موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونىنى يۆتكىدى ھەمدە غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 - پولكىنىڭ 2 - باتالىيونىنى ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى قىلىپ كېڭەيتتى. قوماندانلىق شتاب غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 - پولكىغا مايتاغقا كىرىپ ئورۇنلىشىش، مەزكۇر پولكىنىڭ 5 - ۋە 6 - روتىلىرىغا ساۋەنگە كىرىپ ئورۇنلىشىش، توپچىلار باتالىيونى، شىخو پىيادە ئەسكەرلەر 1 - پولكىنىڭ بىر قىسمىغا يەنسىخەي، ساندىخوزىغا كىرىپ ئورۇنلىشىش، ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى، موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونىغا ئۇلانئۇس ۋە شىخەنزە ئەتراپىغا بېرىپ ئورۇنلىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. قالىبېك باندىتلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش يۈزىسىدىن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى شىخودا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇردى، مەسلىھەتچى ۋەكىل پولكوۋنىك ئىسلامبېك شتاب قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. پولكوۋنىك ئىمىنوف باشچىلىقىدا بىر ھەرىكەتچان مانېۋىر گۇرۇپپا (پولك دەرىجىلىك) قۇرۇلدى، بۇ مانېۋىر گۇرۇپپا ئىككى تولۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونى، بىر رازۋېدكا ئىنزۋوتى، بىر پىلىموتچىلار ئىنزۋوتى، بىر ئالاقە ئىنزۋوتى، ئىككى تاغ زەمبىرەكچىلەر باتارىيىسى (82 مىللىمېتىرلىق تۆت تاغ زەمبىرىكى) دىن تەركىب تاپتى. ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا

تەيىنلەنگەن پودپولكوۋنىك قازىقان غۇلجا زاپاس پولكىنىڭ 300 جەڭچىسىدىن تەركىب تاپقان پىيادە ئاتقۇچ باتالىيونىنى باشلاپ پولكوۋنىك ئىسلامبېك بىلەن بىللە شىخوغا يېتىپ باردى. بۇ قوشۇنغا ياردەمچى كۈچ ھېسابىدا پولكوۋنىك مەرغۇپ ئىسھاقوف باشچىلىقىدىكى پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونى (ئادەم سانى 300 دىن ئوشۇق)، پودپولكوۋنىك يۇسۇپوف مەھەممەتجان باشچىلىقىدىكى بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونى(ئادەم سانى 180)، پولكوۋنىك ئانانىن ۋە كاپىتان دۇگانوف باشچىلىقىدىكى بىر مۇستەقىل پىيادە ئەسكەرلەر روتىسى قوشۇپ ئەۋەتىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، قالىبېك، تاكىمانلار قول ئاستىدىكى 1000 غا يېقىن قوراللىق ئادىمىنى ئىككىگە بۆلۈپ، شىخو ناھىيە بازىرى ۋە ساۋەن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە كۈيتۈندىن يەنسخەيگىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۆۋرۈكلەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، دۇڭدى، چىچاڭ، بورتۇڭگى، چازىگۇ، قىزىل، بايانغۇ، جانجىنكۈرە ئەتراپلىرىدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سالدى. 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى شىخەنزىدە تۇرۇشلۇق ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ ئىككى ئېسكادورونىغا قىزىلتۆپەك، دۇڭدىغا ھۇجۇم قىلىپ، قالىبېك بىلەن ماناستىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش، غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىنىڭ بىر باتالىيونىغا تاكىماننىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قالىبېك، تاكىمان باندىتلىرىنى تارمار قىلىش جېڭىگە ئاتلاندى. ئىمىنوفنىڭ قوماندانلىقىدىكى قىسىم بەشبۇلاققا يېتىپ باردى، بۇ قىسىمنىڭ شتاب باشلىقى كاپىتان شەيكىن، مۇئاۋىن شتاب باشلىقى كاپىتان ئوبۇلقاسىم كەرىموف ئىدى. قىسىم ئۇ يەرگە

بارغاندا، ھېلىگەر باندىتلار غىپپىدە تىكىۋەتكەن بولۇپ چىقتى. 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ھەرىكەتچان مانېۋىر گۇرۇپپا باندىتلارنىڭ ئىزىنى قوغلاپ ئالتە جاڭزا دېگەن يەرگە يېتىپ باردى، باندىتلار ئۇ يەردىنمۇ يېڭىلا يۆتكىلىپ كەتكەنىدى. مانېۋىر گۇرۇپپا شۇ كۈنى دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ دۆڭدى دېگەن يەرگە يېتىپ باردى. بۇ جاينىڭ تاغ تۆپىسىگە باندىتلار سانجاق ـ سانجاق ئورۇنلىشىۋالغانىدى. ھەرىكەتچان مانېۋىر گۇرۇپپا ساي ئىچىدە تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلدى. پولكوۋنىك ئىسلامبېك شۇ كېچىسى قىسىم كوماندىرلىرىنى يىغىپ، جەڭنى ئورۇنلاشتۇرۇش بۇيرۇقىنى بەردى. بۇ يىغىنغا پولكوۋنىك ئىمىنوف، پولكوۋنىك مەرغۇپ، مەھەممەتئىمىن خەلپەتھاجى، كەرىموف غەنى، نەبىجان (باش ساقچى باشلىقى) لار قاتناشتى. ئىمىنوفنىڭ قىسمى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دۆڭدىنىڭ غەربىي تېغىغا يۈرۈش قىلدى. مانېۋىر گۇرۇپپا رازۋېدكىچىلارنىڭ مەلۇماتى بويىچە، 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شەرق تەرەپتىكى بىر سايغا بېرىپ، سايىنىڭ غەرب تەرىپىدە باندىتلار بىلەن بىر سائەت ئېلىشتى، باندىتلار بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىپ كەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئىز قوغلاپ بېرىپ، كەچ سائەت توققۇزدا باندىتلار ئىگىلەپ تۇرغان بىر ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلدى. شۇ كۈنى كېچىدە، باندىتلار ئىگىلەپ تۇرغان يەنە بىر تۆپىلىكنى رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئىككى ئىزۋوتى ئەۋەتىلگەنىدە، باندىتلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولدى. ناۋادا ياردەمچى قىسىم يېتىپ كەلمىگەن بولسا، بۇ ئىككى ئىزۋوتنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىنىڭ ھالاك بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئە شۇنداق خەتەرلىك پەيتتە، تەجرىبىلىك ۋە قەيسەر كوماندىر

قازىقان بىر ئىنژىۋىت جەڭچىنى باشلاپ بېرىپ، ھېلىقى ئىككى ئىنژىۋىتتىكى كوماندىر ــ جەڭچىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئەپسۇسكى، ياردەمچى قىسىم يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن 15 جەڭچى قۇربان بولۇپ كەتكەنىدى. باندىتلار 8 ئۆلۈكنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇ كۈنى قىسىم ئالتە جاڭزىغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، تەرتىپكە سېلىنىدى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن قورغاس سايىغا ئەۋەتىلگەن كاپىتان بازارقان باشچىلىقىدىكى رازۋېدكىچىلار باندىتلارنىڭ توپلىنىۋاتقانلىقىنى ئىگىلەپ كەلدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 11 ــ ئاينىڭ 23 ــ كۈنى ئەتىگەندە قورغاس سايىغا يۈرۈش قىلىپ، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ساي ئاغزىغا قارشىلىقسىز يېتىپ كەلدى. قىسىملار جەڭگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇۋاتقان چاغدا، باندىتلار تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلگەن پولكوۋنىك ئانانىن ئامان قالغان جەڭچىلىرىنى باشلاپ ھاسىراپ ــ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى قىسىم قورغاس سايىنىڭ شىمال تەرىپىدە باندىتلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 30 غا يېقىن جەڭچى قۇربان بولۇپتۇ، كاپىتان دۇگانوف باندىتلار بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشىش جەريانىدا 20 نەچچە باندىتنى يەر چىشلىتىپ، ئۆزى مەردلەرچە قۇربان بولۇپتۇ. ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى ئانانىننى جازالاپ، ئارقا سەپكە ئەۋەتىۋەتتى. قىسىم شۇ كۈنى كېچىلەپ قورغاس سايىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى باندىتلار توپلانغان يەرگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار تاڭ يورۇشى بىلەن سايىنىڭ قاپتىلىغا بارغاندا، 8000 دىن ئارتۇق چارۋا ئۇچراپ قالدى. باندىتلار چارۋا ئىگىلىرىنى مەجبۇرىي ھەيدەپ كەتكەنىدى. دۇربۇن بىلەن قارىغاندا، ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا دۈشمەننىڭ غۇجمەكلىشىۋالغان ھەرىكىتى سېزىلدى. كوماندىر ئىمىنوف قىسىمنى جەڭگە ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ھەرقايسى ئەترەتلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى. پودپورۇچىك

جاڭگاروف ئىزۋوتى سايىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاغقا يامىشىپ چىقىپ، دۈشمەننى كۆزىتىشكە، پورۇچىك ئىسلاموف ئىزۋوتى سايىنىڭ سول تەرىپىدىكى تاغقا يامىشىپ چىقىپ، دۈشمەننى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلدى، سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي قوشۇن دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. ئىككى سائەتلىك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، باندىتلار قاقشاتقۇچ زەربە يەپ قېچىپ كەتتى. باندىتلار 30 دەك ئۆلۈكى ۋە چارۋىلىرىنى تاشلاپ، نەنسەننىڭ شەيتان كۆۋرۈكى ئارقىلىق گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىشغالىيىتىدىكى ماناس دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلاردىن غەنىيمەت ئېلىنغان ماددىي ئەشيا، قورال ـ ياراغلار ۋە قۇتقۇزۇپ قېلىنغان 300 گە يېقىن ئائىلە، 8000 تۇياققا يېقىن چارۋا مال ساۋەن ناھىيىسىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. قولغا چۈشكەن قوتراتقۇچى جىنايەتچىلەر تېگىشلىك جازاغا تارتىلدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى قالىبېك، تاكمان باندىتلىرىنى يوقىتىش ئۇرۇشىدا ئاساسىي قوشۇنغا ماسلىشىپ جەڭ قىلدى. باتالىيون كوماندىرى مايور ئابدۇرېھىم سامساق قىسىمنى باشلاپ ئاچال ئارقىلىق مايتاغقا يۈرۈش قىلدى. 2 ـ ئاتقۇچ پولك پودپولكوۋنىك يۈنچېف ئايتوغاننىڭ قوماندانلىقىدا مايتاغنى ئىگىلەپ قوغداش بىلەن بىللە، ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونى ۋە بىر پىيادە ئەسكەرلەر روتىسىنى ئېلىپ، بورتۇڭگى تاغ رايونىغا يېتىپ بېرىپ، قالىبېك باندىتلىرىنى تازىلاش ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرون كوماندىرى كاپىتان جىنايوف باتالىيون كوماندىرى ئابدۇرېھىم سامساققا يېقىندىن ماسلىشىپ، باندىتلارغا قارشى قاتتىق تىركىشىش ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. مايتاغنى پارتلىتىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن باندىتلار بىرقانچە ئون جەسەتنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە

قىسىملىرى ئۆزمەي ئۇرۇش قىلىش روھى بىلەن دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بەردى. ئىنژۋوت كوماندىرى پورۇچىك ئوسمانوف ئېلاخۇن باندىتلارغا قارشى قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، مىناميوتچىلار روتىسىنىڭ باندىتلار قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىككى مىناميوتى ۋە باشقا قورال - ياراغلىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى. 2 - پولك جەڭچىلىرى پودپولكوۋنىك يونىچېف ئايتۇغاننىڭ قوماندانلىقىدا باندىتلارنى قوغلىغان پېتى تېكىلخان دېگەن يەردىكى موڭغۇللارنىڭ كۈرەسى (ئىبادەتخانىسى) گە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە باندىتلار ئېلىپ كەتمەكچى بولغان 80 نەچچە ئائىلە (300 گە يېقىن ئادەم) ۋە 10 مىڭغا يېقىن چارۋىنىڭ تۇرغانلىقى مەلۇم بولدى. كاپىتان ئەيسايوف باشچىلىقىدىكى بىر ئىنژۋوت كۈرەنى ۋە چارۋىچىلار بىلەن چارۋىلارنى قوغداشقا مەسئۇل قىلىندى، قىسىم داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان باندىتلار كۈرەدىكى لامالار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كۈرەنى قوغداشقا قالغان مىللىي ئارمىيە ئىنژۋوتىنى يوقىتىپ، چارۋىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى باندىتلار كۈرەنى ئىشغال قىلىۋالغان چاغدا، لامالارنى ئۆزىگە رام قىلىۋالمىغانلىقى ئۈچۈن، باش روھانىي ئوشىرجاپنى باغلاپ ئېقىن سۇغا تاشلىۋەتكەن، ئۇ سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقاندا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغانىدى. ئوشىرجاپ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن كۈرەدىكى يوشۇرۇن ئاپەتنى يوقىتىشقا ئاتلاندى. ئۇ موڭغۇل جەڭچى باتا بىلەن بىللە ئىككى ئىنژۋوت ئەسكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كۈرەگە يېتىپ باردى. ئۇلار ئالدى بىلەن كۈرەدىكى 13 نەپەر جاسۇس، خائىن لامانى قولغا ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قىسىم كوماندىرلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە

كۆرەدىكى چارۋىچىلار بىلەن چارۋىلارنى ساۋەنگە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى باندىتلارنى ماناس دەرياسى بويىغىچە قوغلاپ باردى. 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 200 باندىتنى يوقاتتى، 63 باندىتنى تىرىك قولغا چۈشۈردى، باندىتلار مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋەتكەن 900 ئائىلىلىك چارۋىچىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، باندىتلار بولاپ كەتكەن 10 مىڭ تۇياقتا يېقىن چارۋىنى ئىگىلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى، بىر تۈركۈم قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى قولغا چۈشۈردى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىن 60 ئادەم جەڭدە قۇربان بولدى، 100 ئادەم يارىدار بولدى. قالىبېك قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونغا قېچىپ كەتتى. تاكىمان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قالدۇق باندىتلار 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچىگە قارايدىغان نەنسەن تېغىنىڭ بەيياڭگۇ دېگەن يېرىگە قېچىپ كەتتى. گومىنداڭ گارنىزون شتابى ئۇلارنى يىغىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قالىبېك ۋە تاكىماننىڭ توپىلىڭى تارمار قىلىندى.

باندىتلار توپىلىڭى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ساۋەن ـ ماناس ئارىلىقىدىكى مۇداپىئە ئىشلىرى رەتكە سېلىنىپ ۋە كۈچەيتىلىپ، گومىنداڭ قوراللىق كۈچلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈلدى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قارارى بويىچە ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرلىقىغا پولكوۋنىك ئىمىنوف مەھەممەتئىمىن، مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا مايور ئاخۇنوف ئەخمەت، سىياسىي رەھبەرلىككە مايور رەخموف ئابلىزلار تەيىنلەندى. ناھىيىلىك گارنىزون شتابىنىڭ قوماندانلىقىنى ئىمىنوف قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ئىمىنوف،

قازىقان، يۇسۇپوف، ئايتوغانلار «ئىستىقلالىيەت I » ئوردېنى بىلەن تارتۇقلاندى، كەرىموف ئوبۇلقاسىم، ساتتاروف، ئىمىنوف ئوبۇلقاسىم، شەيكىنلەر «ئىستىقلالىيەت II » ئوردېنى بىلەن، 11 كىشى «باھادۇرلۇق ئۈچۈن» مېدالى بىلەن، 50 كە يېقىن كوماندىر ـ جەڭچى «پىدائىي»، «ساداقەت» مېداللىرى بىلەن تارتۇقلاندى.

ساۋەن ناھىيىسىنىڭ تۇنجى ھاكىملىقىغا ماغاۋىيە تەيىنلەندى، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا داۋۇت ئاخۇن ھاكىم بولدى، ئەنۋەر سالىجان ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. كېيىن ناھىيىلىك گارنىزون شتابىنىڭ قوماندانلىقىغا پولكوۋنىك ناسىروف زاكىر، مايور كەرىموف ئوبۇلقاسىملار تەيىنلەندى، مۇئاۋىن سىياسىي رەھبەرلىككە پودپولكوۋنىك قازىقان، شتاب باشلىقلىقىغا كاپىتان گىمادىيوف مالىك تەيىنلەندى. كېيىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سەكەن تەيىنلەندى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونلىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنى ماناس دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىگە ۋە شىخەنزە، ساۋەن ئەتراپىغا، شىخو پىيادە ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى، غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى ۋە زەمبىرەكچىلەر باتالىيونىنى يەنىسخەي يۆنىلىشىگە، بورتالا موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونىنى مايتاغقا ئورۇنلاشتۇردى.

# روس خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپىسى

1944 - يىلى 8 - ئايدا، نىلقىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشنىڭ تۇنجى مەشئىلى يېقىلىپ، قوراللىق ئىنقىلابنىڭ تۇنجى ئوق ئاۋازى ياڭرىغان چاغدا، قەھرىمان ئىۋان شۇتوف 70 نەچچە كىشىلىك رۇس يىگىت - قىزلىرىدىن تەركىب تاپقان قوراللىق پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىل قىلىپ، خەلق قەھرىمانى پاتىخ مۇسلىموف باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، قازاق پارتىزانلىرى بىلەن بىر چوڭ قوشۇنغا ئۇيۇشۇپ، نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتناشتى. قوراللىق ئىنقىلابنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىۋان شۇتوف پارتىزانلار ئەترىتى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، 250 نەچچە كىشىلىك چوڭ ئەترەتكە ئايلاندى. ئۇلار پاتىخ باتۇر، ئەكبەر باتۇر، غېنى باتۇر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترەتلىرى بىلەن بىللە مۇرنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، دۆڭمازار، جېلىلىيۇزى ئەتراپىدىكى كەڭ يېزا - قىشلاقلارنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلدى.

1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى، سېرىيوژا لاپشىن باشچىلىقىدىكى يەتتە كىشى نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يوشۇرۇن ئۆتۈپ، نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق -

دوربلارنى سىتىۋېلىپ، قوراللىق رۇس ئەترىتىنى تەشكىل قىلىشقا كىرىشتى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى رۇس ياشلىرى، پېشقەدەم ھەربىيلىرى چاقماق تېزلىكى بىلەن بۇ قوراللىق رۇس پارتىزانلىرى ئەترىتى تەركىبىگە كىرىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتناشتى. بۇ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بارغانسېرى كۆپىيىپ، 1200 دىن كۆپرەككە يەتتى. دەل ئەنە شۇ پەيتتە، ئاچالدىن ئۆتكەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا ھەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ قاتارلىق جايلاردا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى سان ۋە قورال ـ ياراغ جەھەتلەردە پارتىزانلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جايلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاچال ئارقىلىق ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىۋالغانىدى. ناۋادا بۇ ئىككى قوشۇن قوشۇلۇۋالسا، قوراللىق ئىنقىلاب ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى. ئەنە شۇ ھالقىلىق پەيتتە، جاسارەتكە تولغان رۇس يىگىتلىرى لاپشىن، مازاروف، گېربېنكو، ۋالودە، ئالېكساندېر قاتارلىق تەجرىبىلىك رۇس ئوفىتسېرلىرىنىڭ قوماندانلىقىدا جېلىلىيوزى ئەتراپىدا دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ، قەھرىمانلىق بىلەن ئېلىشتى. بىر كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنى تارمار قىلىندى، 600 دىن ئوشۇق دۈشمەن ئەسىرگە ئېلىندى، نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دوربلار غەنىيمەت ئېلىندى. بۇ شىددەتلىك جەڭدە نۇرغۇن رۇس ئەزىمەتلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. بۇ قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرى غۇلجا شەھەر ئالتەشوئار مەھەللىسىدىكى رۇس ماگالكىسى (قەبرىستانلىقى) غا كولانغان ئۇزۇن لەخمىگە قاتار تىزىپ سېلىنىپ دەپنە قىلىندى. ئاچالدىن

ئۆتۈپ ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىتچىت قىلىنىشى ئىلىقىدىن باشلانغان قوراللىق ئىنقىلابنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، غۇلجا شەھرىدە قۇرۇلغان ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق شتابى تەركىبىدىن رۇسلاردىن پېتېر رومانوۋىچ ئالېكساندروف (شتاب مەسئۇلى)، ۋ. ماژاروف، ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوف قاتارلىق كىشىلەر ئورۇن ئالدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پالىنوف مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى، ماژاروف مىللىي ئارمىيىنىڭ باش شتاب باشلىقى بولدى.

قوشۇننى كېڭەيتىش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمغا ئۆتۈش، شىمالغا يۈرۈش ئىستراتېگىيىسىگە ئاساسەن، باش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، توققۇزتارا ناھىيىسىدىن 160، قىزىلكۆرە ناھىيىسىدىن 150، ئىلقا ناھىيىسىدىن 100، موخۇردىن 120، سۈيدۈڭ، لوسىگۇڭ، كۈرە، داشىگۇر، سىمتاشلاردىن 260، غۇلجا شەھرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن 350 بولۇپ، جەمئىي 1200 گە يېقىن رۇس ئەزىمەتتىن تەركىب تاپقان پولكوۋنىك فېدايوف قوماندانلىقىدىكى غۇلجا 2 ـ رۇس پولكى قۇرۇلدى. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، بارلىق قىسىملاردا 180 نەچچە رۇس قىز ـ جۇۋان پىدائىي بولۇپ قاتنىشىپ، دوختۇرلۇق، سېسترالىق، ئاكۇشېركىلىق، رادېستلىق، ئالاھىدە كۆتكۈچىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلدى، ئۇلارنىڭ قاتارىدا يېشى 50 ~ 60 قا بارغان ئاياللارمۇ بار ئىدى، شالغۇت قىزلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ بۇ مەردانە روھىدىن ئۈلگە ئالغان تاتار، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قىزلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئالدىنقى سەپتە

خىزمەت ئىشلىدى.

باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قارارىغا بىنائەن، پولكوۋنىك موگوتنوف باشچىلىقىدا رۇس، ئۇيغۇر، قازاق ئەزىمەتلىرىدىن تەركىب تاپقان سۇيدۇڭ ئاتقۇچ پولكى قۇرۇلدى. پولكوۋنىك فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن (1913 ~ 1970) باشچىلىقىدا رۇس، تاتار، ئۇيغۇر، قازاق يىگىتلىرىدىن تەركىب تاپقان كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى قۇرۇلدى، كېيىن بۇ پولك لېسكىن بىرىگادىسى بولۇپ كېڭەيدى. مانا بۇ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن رۇس قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىق شتابى غۇلجا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ھازىرقى «ياشلار» مەيدانىغا جايلاشقان كونا بىناسىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسابايوفلار قورۇسىغا ئورۇنلاشتى. شۇ چاغدا ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان مەخپىر تۆرە، مەنسۇر لومىيوف، موگوتنوف، غېنى باتۇر قىسىملىرى سۇيدۇڭ، كۇرە، كەڭسايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىدىن يۇرۇپ كەتكەن بولغاچقا، غۇلجا شەھىرىنى تولۇق ئازاد قىلىشتا بۇ رۇس قىسىملىرى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى ئوينىدى. گېنېرال پالىنوف قوماندانلىقىدىكى رۇس جەڭچىلىرى ئىلقا پارتىزانلىرى ۋە غۇلجا قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئاخىر تولۇق ئازاد قىلدى. غۇلجا شەھىرىنى تولۇق ئازاد قىلىش جېڭىگە غۇلجا شەھىرىدىكى جەڭگە يارايدىغان رۇس ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتناشتى. بۇ ھەل قىلغۇچ جەڭدە رۇس ئەزىمەتلىرىدىن 500 دىن كۆپرەكى قۇربان بولدى. پولكوۋنىك فېدايوف پولكى مەخپىر تۆرە، مەنسۇر لومىيوف، غېنى باتۇر قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە سۇيدۇڭ، كۇرە، لوسىگۇڭ، چىڭسىخوزىلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى يوقاتتى. پولكوۋنىك لېسكىن قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار تەلكە ئىچىگە يۇرۇش قىلىپ، ئۆتەڭ ـ ئۆتەڭلەرگىچە يامراپ غۇلجا

شەھەرگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى پالىنوفنىڭ دانا تەدبىرى ۋە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى ئازاد قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، شىددەتلىك ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم تايانچ پونكىتلىرى بولغان شىخو، جىڭ ناھىيىلىرى ئازاد قىلىندى. بۇ جايلاردىكى شىددەتلىك جەڭلەردە رۇس كوماندىر – جەڭچىلىرى ئاجايىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئازاد قىلىنغان جايلاردىكى رۇس ئاھالىلىرى ئەسكەرلىككە يارايدىغان يىگىتلىرىدىن قانچىسى بولسا، شۇنچىسىنى پارتىزانلار ئەترىتى ۋە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قاتارىغا قوشتى. مۇنداق يىگىتلەرنىڭ سانى 500 دىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار يۇكسەك دەرىجىدىكى جەڭ قىلىش ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، باشقا مىللەت كوماندىر – جەڭچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى. رۇسلار ئىلى تەۋەسىدە سان جەھەتتە ئاز مىللەت بولسىمۇ، مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى رۇس مىللىتىدىن بولغان كوماندىر – جەڭچىلەرنىڭ سانى 3500 دىن ئېشىپ كەتتى. موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبە قاتارلىق مىللەتلەردىن ئۆز ئالدىغا قۇرۇلغان قىسىملار تەركىبىدىمۇ رۇس كوماندىر – جەڭچىلىرى بار ئىدى.

رۇسلاردىن ھەربىي – مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردا رەھبەرلىك خىزمىتى ئۆتىگەن خادىملار خېلى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، گېنېرال پالىنوف (مىللىي ئارمىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى باش قوماندانى)، گېنېرال ماژاروف (مىللىي ئارمىيىنىڭ شتاب باشلىقى)، پولكوۋنىك لېسكىن (شىمالىي يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ قوماندانى)، پولكوۋنىك موگوتنوف

(تارباغاتاي ئاتقۇچ پولك كوماندىرى)، پولكوۋنىك بىلىنوف (ھەربىي پروكۇراتۇرا باشلىقى)، پولكوۋنىك ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ (باش قوماندانلىق مەسلىھەتچىسى)، پولكوۋنىك ئانانىن (شىخو ئاتقۇچ پولك كوماندىرى)، پودپولكوۋنىك دېنىسوف (ئالتاي رۇس پولكىنىڭ كوماندىرى)، مايور نىكولايېف (مىللىي ئارمىيە شتاب باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارى)، پودپولكوۋنىك كاۋالىيوف (شتاب خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى)، پودپولكوۋنىك گولۇبىخ (ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى)، مايور پوروخوف (زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيونىنىڭ كوماندىرى)، مايور ۋالىنوف (42 - پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى)، كاپىتان شېيكىن (شتاب قۇرۇلۇش بۆلۈم باشلىقى)، كاپىتان تىكاچىنكو (سانىتارىيە بۆلۈم باشلىقى)، كاپىتان ئۇشكوف (قورال - ياراغ بۆلۈم باشلىقى) قاتارلىق يۈزلىگەن رۇس كوماندىرلىرى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ھەربىي ماھارىتى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. گېنېرال پالىنوف 1946 - يىلى 1 - ئايغا قەدەر، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلەپ، يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولدى. پولكوۋنىك لېسكىن شىنجاڭدا ئۇزاق ۋاقىت خىزمەت ئىشلىگەن رۇس كوماندىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، پولك كوماندىرى، بىرىگادا كوماندىرى، مىللىي ئارمىيىنىڭ مەسلىھەتچى مۇئاۋىن قوماندانى، ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپۇسىنىڭ قوماندانى بولدى.

# تاتار خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپىسى

تاتار خەلقىنىڭ ئەزىز پەرزەنتى، خەلق قەھرىمانى پاتىخ مۇسلىموف (1900 ~ 1980) ئىنىسى خەمىت مۇسلىموف بىلەن بىللە ئەكبەر، سىيىت، غېنى، نۇرۇم، رەپىق بايچۇرىن، ئوسمان، ھوشۇرەم، مۇساجان، ئىۋان شۇتوف، سىرىيۇژا لاپشىن، قۇربان بۇرھانىدىنغا ئوخشاش قەيسەر ئەزىمەتلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئەتراپىغا جەم قىلىپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى بولغان نىلقىدا قوراللىق ئىنقىلابنىڭ تۇنجى جەڭ سىگنالىنى ياڭراتتى. بۇ تالانتلىق تەشكىلاتچى، يالقۇنلۇق تەشۋىقاتچى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر قانچە يۈز كىشىلىك قوراللىق پارتىزانلار ئەترىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش بىلەن ئىنقىلاب ئوتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئۇلغىيىشىغا يول ئېچىپ بەردى. بۇ قەيسەر سەركەردە غۇلجا شەھىرى تولۇق ئازاد قىلىنغانغا قەدەر ئالدىنقى سەپتە جەڭگە قوماندانلىق قىلىپ، تەدبىرلىك كوماندىرلارغا خاس ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. ئارۇپ ئەۋزى ئۆزىنىڭ ياشانغانلىقىغا قارىماي، غۇلجىدىكى يۈزلىگەن تاتار زىيالىيلىرى ۋە ياشلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، پىدائىيلار قوشۇنىنى قۇردى، بۇ قوشۇن ئابباسوف ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە غۇلجا شەھىرى ۋە سۈيدۈڭ، كەڭسايلارنى ئازاد

قىلىشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى، ئاروپ ئەۋزى خەلقىنىڭ ئازادلىقى يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. خەلق قەھرىمانى، قەيسەر يىگىت خەمىت مۇسلىموف بولسا، نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش جېڭىدە قۇربان بولدى.

مانا بۇ پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ يېتەكلىشى، جەڭلەردە تاۋلاپ يېتىشتۈرۈشى ئارقىسىدا، ئەسئەت ئىسھاقوف، مەرغۇب ئىسھاقوف، ئايتوغان يۇنچېف، مالىك گىمادىيېف، غىمران، تەلغەت، فوئات خەمىتوف، رەئوف، ئابدۇرەئوف، يەسۇكەي، جەۋدەت، سەغىت، خەيبۇللىن، شەپىقە، رەپقەت، شاۋكەت قاتارلىق يۈزلىگەن تالانتلىق تاتار كوماندىرلار ۋە سىياسىي رەھبەرلەر يېتىشىپ چىقتى، بۇلارنىڭ ئالدى پولك كوماندىرى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، پولكنىڭ سىياسىي رەھبىرى، تۆۋىنى روتا كوماندىرى بولۇپ، جايلارنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەربىي دوختۇرلۇق، بوغالتىرلىق، ئارقا سەپ تەمىنات باشقۇرغۇچىسىلىق، شوپۇرلۇق ۋەزىپىلىرىنى ئۇنۇملۇك ئادا قىلدى. ئۇلارنىڭ يۇقىرىسى گېنېرال مايوردىن تارتىپ تۆۋىنى كاپىتانغىچە ھەربىي ئۇنۋانغا ئىگە بولدى. يۈزلىگەن ئوردېن، مېداللار ئۇلارنىڭ كۆكرىكىدە چاقنىدى. پاتىخ مۇسلىموف، خەمىت مۇسلىموف، رەپىق بايچۇرىن، ئاروپ ئەۋزىلەر ھەر مىللەت خەلقى تەرىپىدىن «باتۇر» دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىغا ھەر مىللەت خەلقى يۈكسەك مەدھىيىلەر ئوقۇدى.

ئونلىغان، يۈزلىگەن تاتار خانىم - قىزلىرى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردا دوختۇرلۇق، ئاكۇشېركىلىق، سېستىرالىق ۋەزىپىلىرىنى بەجانىدىل ئادا قىلدى. ئاق خالات كىيگەن بۇ ھەربىي پەرىشتىلەر ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىن يارىدارلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ، داۋالاپ

ساقايتىپ، ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بەردى. ئەنە شۇ جەڭلەردە مايور شەپىقە، پورۇچىك ئامىنە ئاۋخادىيېۋا، پروپورشىك رەيھانە، پودپورۇچىك نەسىمە، پروپورشىك شەۋقىيە، پروپورشىك مەغمۇرە، فېلدفېبېل رەئىسە، پروپورشىك مەخپۇزە، سانىيە قاتارلىق بىرقانچە ئون قەھرىمان ھەمشىرىلەر، دوختۇرلار بارلىققا كەلدى. ئارقا سەپ تەمىنات، مەمۇرىي ئورگانلار ۋە مەكتەپلەردە مۇنداق ئىستېداتلىق تاتار خانىم - قىزلىرىنى يۇزلەپ ئۇچراتقىلى بولاتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئورگانلىرىدا تاتارلاردىن رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەنلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيتتى.

**ھەبىب يۇنىچېۋ** پېشقەدەم ئىنقىلابىي رەھبەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ غوللۇق رەھبەرلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە كارامەت تەشكىلاتچىلىق ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. ئۇ مائارىپ ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى، «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى قاتارلىق مەسئۇل ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى لايىھىسىنى ئەنە شۇ ھەبىب يۇنىچېۋ تۈزۈپ چىققانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋى كۈچكە تولغان ئاجايىپ تالانتىنى ئەمەلىي جارى قىلدۇرۇۋاتقان چاغدا، بەختكە قارشى 1945 - يىلى 3 - ئايدا 39 يېشىدا ۋاپات بولدى.

**پولكوۋنىك ئادىلشاھ** مىللىي ئارمىيە ھەربىي تەمىنات باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشانغانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ تەمىنات خىزمىتى جەھەتتىكى مول تەجرىبىسىنى ئىشقا سېلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي تەمىنات خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىدى.

**كەشپۇل ئەسرار داموللام** دىنىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋازىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەپ،

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ دىن ـ ئىجتىمائىي ئىشلار جەھەتتىكى مەسلىھەتچىسى بولدى.

تەۋەي خانىم، زەيتۇنە خانىم ئاياللار خىزمىتى ۋە مائارىپ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئاياللار ئازادلىقى ۋە باراۋەرلىكى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى.

ھۆسەيىن مۇراتوف مالىيە، بانكا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى يولغا قويۇشتا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. 1950 ـ يىلى رەئىس ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا زىيارەتكە بارغاندا، ھۆسەيىن مۇراتوف ئۆمەك ئەزاسى سەيپىدىن ئەزىزىگە ھەمراھ بولۇپ باردى.

پاتىخ ئالدىگاروف، پاتوش پاتىخ ئالدىگاروف (1884 ~ 1966)، پاتوشلار ئىقتىساد، پىلان خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنىڭ پىلان، مالىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. پاتوش ئەۋزى ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پىلانلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئۇزاق ۋاقىت مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى.

ۋاققاس ھاجى مىرشانوف (1895 ~ 1968) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مالىيە ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋازىرى بولۇپ، بانكا ئاتچوت ساھەسىدە ھەسىنىم پالتىبايوف بىلەن بىرلىكتە ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىدى.

غىلاجىدىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى زىرائەت ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋازىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق جەھەتتىكى مول تەجرىبىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور تۆھپە قوشتى.

پاتىخ مۇسلىموف ئىلىقا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، دۆلەتىسنوف تاھىر سۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

پولكوۋنىك رەپىق بايچۇرىن جاسارەتلىك خەلق قەھرىمانى بولۇپ، قوراللىق ئىنقىلابنىڭ ئەڭ دەسلەپ قوزغىغۇچى ۋە تەشكىللىگۈچىلەردىن بىرى. پارتىزانلىق ئۇرۇشنى تەشكىللەشكە ماھىر بۇ سەركەردە كۆزگە كۆرۈنگەندىن كېيىن، بىر پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىلىقا، غۇلجا، كەڭساي، جىڭلارنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىگە قاتناشتى، ئۇ دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، جەڭدە غەلىبە قازىنىشقا يول ئاچتى، دۈشمەنگە كېچىدە ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىش ئارقىلىق قورغان ئىگىلەشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. شۇڭا، ئۇ خەلق ئارىسىدا «تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىقىدىغان كۈچلۈك يولۋاس» دەپ ئاتالدى. ئۇ 1946 ـ يىلىدىكى تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە باش شتابى ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى، ئۇ ھەر قېتىملىق باندىتلارنى تازىلاش داۋامىدا كونكرېت ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى ماھىرلىق بىلەن تۈزۈپ، جەڭدە غەلىبە قىلىشقا ئاساس سېلىپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تۆھپىلىرى شەرىپىگە كۆپلىگەن ئوردېن، مېداللار بىلەن تارتۇقلاندى. پولكوۋنىك رەپىق بايچۇرىن ئازادلىقتىن كېيىن، 5 ـ كورپۇسقا قاراشلىق قىسىملاردىن تەشكىللەنگەن ئارىلاشما قىسىمنى باشلاپ، كۆكدالا ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇرۇپ چىقىشقا قاتناشتى.

ماھىر كوماندىر مەرغۇپ ئىسھاقوف (1923 ~ 1991) ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ، سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى تالانتىنى نامايان قىلىپ، غۇلجا، كەڭساي، شىخو ئۇرۇشلىرىدا سىياسىي رەھبەرلىك ۋە كوماندىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى. ئۇ ئازاد نىشانلىق 2 - پولكىنىڭ كوماندىرى بولغان مەزگىلدە قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىقى، سىياسىي جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە كۆچ سەرپ قىلدى، باندىتلارنى تازىلاش جەڭلىرىدە ئۆزىنىڭ سەركەردىلەرگە خاس سالماق خىسلىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپۇسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ۋە كوماندىرى بولدى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى قارمىقىدىكى ھەربىي ئالىي مەكتەپتە بىلىم ئاشۇردى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۇنىڭ ھەربىي تالانتى ۋە تەشكىلاتچىلىق ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1955 - يىلى ئۇنىڭغا گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانىنى بەردى.

پولكوۋنىك ئايتۇغان يۇنىچېف ياش ۋاقتىدا تەنتەربىيە ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلىغان ئىقتىدارلىق تەنھەرىكەتچى ئىدى. ئۇ 1938 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يۈگۈرۈش تۈرىدە چېمپىيون بولغانىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە جەڭگە قوماندانلىق قىلىش تالانتىنى نامايان قىلغانلىقتىن، تەدرىجىي ئۆسۈپ پولك كوماندىرى بولدى ھەمدە پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ غۇلجا، كەڭساي، چۆچەك، دۆربىلجىن، شىخولارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىدا، ئوسمان، قالىبېك باندىتلىرىنى تازىلاش داۋامىدا ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، «ئازادلىق»، «ئىستىقلالىيەت» قاتارلىق ئوردېن، مېدالLارغا ئېرىشتى. ئۇ

ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى، ئۇ بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ تۇغما تەنھەرىكەتچىلىك تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشتى.

**مايور خەيبۇللىن** يۇقىرى بىلىم ۋە مول تەجرىبىگە ئىگە دوختۇر ئىدى. ئۇ مىللىي ئارمىيىگە خېلى بالدۇر قاتنىشىپ، قىسىملارنىڭ سەھىيە ـ داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى، بولۇپمۇ ھەربىي تېببىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، بىرقانچە نۆۋەتلىك كۇرستا ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يۈزلىگەن دوختۇر ۋە ئاكۇشېركىلارنى يېتىشتۈرۈشكە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. تېببىي تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ياش دوختۇر مىللىي ئارمىيە ھەربىي دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغاندىن كېيىن، دائىمىي ئىشلارغا چېچەنلىك بىلەن يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن، يېڭىدىن قۇرۇلغان شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، تېببىي بىلىم يۇرتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشتى.

**مايور جەۋدەت** كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق ئوفىتسېرلارنىڭ بىرى. ئۇ ئىنقىلابنىڭ دەسلىپىدە قولىغا قورال ئېلىپ، ئارۇپ ئەۋزىنىڭ پىدائىيلار ئەترىتىگە قاتنىشىپ، ئىلى ۋىلايەتلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسى ۋە قورچاق ۋالىي مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىش جەڭلىرىدە گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىرقانچە ئون ئەسكىرىنى يەر چىشلىتىپ، «ياش مەرگەن» دېگەن ئاتاققا ئېرىشتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىلى ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن جاللات ليۇبىڭدېنى قاچقان يېرىدىن ئېتىپ، جەھەننەمگە ئۇزىتىپ، پارتىزانلار ئارىسىدا شۆھرەت قازاندى. ئۇ كەڭساي ئۇرۇشىدا مەردلىك كۆرسەتكەنلىكتىن روتا كوماندىرى بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن

پولكوۋنىك لېسكىنىنىڭ باشچىلىقىدا دۆربىلجىــــن، چۆچەك، قوبۇقسارنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىگە قاتناشتى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن، 5 - كورپۇس 42 - پولكىدا باتالىيون كوماندىرى بولدى، كېيىن ئۆز قىسمىنى باشلاپ، كۆرەنىڭ دودى دېگەن يېرىدە بوز يەر ئېچىپ، كىچىك تىپتىكى دېهقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، 5 - كورپۇسقا شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

**مايور شەپىقە** ئۈچ ۋىلايەت مەزگىلىدە ئاياللار ئىچىدىن چىققان بىردىنبىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېر. ئۇ جەڭ داۋامىدا شەپقەت ھەمشىرە، فېلدشېر، ۋراچ بولۇپ، داۋالاش ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئورۇنداشنىڭ سىرتىدا، ئاياللاردىن دوختۇر يېتىشتۈرۈشكە زور تۆھپە قوشتى، مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بىرقانچە نۆۋەتلىك تېببىي كۇرستا بىلىم ئاشۇردى ۋە دەرس ئۆتتى. ئۇ ئازادلىققا قەدەر مىللىي ئارمىيە باش ھەربىي دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەشكىللاتچىلىق ۋە يېتەكچىلىك تالانتىنى نامايان قىلدى.

پودپولكوۋنىك گىمادىيېۋ مالىك، مايور خەمىتوف فوئات، مايور غىمران، مايور تەلغەت، كاپىتان سەغىت، كاپىــتان رەئۇف، مايور يەسۇكەي، كاپىتان رەپقەت قاتارلىق بىرقانچە ئونلىغان تاتار كوماندىرلار مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا پولك كوماندىرى، شتاب باشلىقى، باتالىيون كوماندىرى، ھەربىــي دوختۇر، بوغالتىر، ئاپتوموبىل كولوننا باشلىقــى، شوپۇر، توفوگراف، رادېست بولۇپ ئىشلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

## ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە باشقا مىللەتلەر ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان كوماندىرلار ۋە قەھرىمانلار

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەركىبىدە ئۇيغۇر، قازاق كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئاساسىي سالماقنى تۇتقان بولۇپ، مىللىي ئارمىيىدىكى 30 مىڭدىن ئوشۇق كىشىنىڭ 75 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئەمەلىيىتىدە ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە ئۆزبېك، قىرغىز، شىبە، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن نەچچە يۈزلىگەن تالانتلىق كوماندىرلار يېتىشىپ چىقتى. بۇ كوماندىرلار ۋە سىياسىي يېتەكچىلەر ئازادلىقتىن كېيىنكى دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ھەر ساھەدە مۇھىم رول ئوينىدى.

### 1. ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان كوماندىرلار، سىياسىي يېتەكچىلەر

گېنېرال لېيتېنانت سەيپىدىن ئەزىزى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، پىدائىي ئەسكەر، ئىزۋوت كوماندىرى،

روتا كوماندىرى، باتالىيون كوماندىرى بولدى ۋە ئۇرۇشتا يارىدار بولدى. ئۇ كېيىن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاش هارپىسىدا چۆچەكتە ئابلىمىت هاجىيوف، ئابدۇرېشىت تۇردىيوف، ئارۇپ نەسىبى، ئەخمەت زاهىدى، ئابدۇقادىر زۇنۇنى، تۇرسۇنتايلار بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلاب قوزغاشقا مەخپىي تەييارلىق كۆردى. ئۇ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا يېقىندىن ماسلىشىپ، غۇلجا شەهىرىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىگە قاتناشتى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆهپە قوشتى. ئۇ 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا هەبىب يونىچېۋ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي هۆكۈمىتى مائارىپ ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى بولدى، 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسهاقبەگ مونونوف جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىهەت كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىققاندا، سەيپىدىن ئەزىزى مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانى بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. 1956 ـ يىلى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا گېنېرال

لېيتناتلىق ھەربىي ئۇنۋانى بەردى.

گېنېرال مايور زۇنۇن تېيىپوف (1919 ~ 1988) 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىغا قاتناشتى. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش يىغىنىدا ھەربىي قوماندانلىق شتابىنى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابىغا ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى، زۇنۇن تېيىپوف پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھۆكۈمەت رەئىسىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى بولدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى داۋامىدىكى جەڭلەردە ئۆزىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتچىلىق تالانتىنى نامايان قىلغانلىقى ئۈچۈن، «ئازادلىق»، «ئىستىقلالىيەت» قاتارلىق ئوردېن، مېداللار بىلەن تارتۇقلاندى. 1955 ـ يىلى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى زۇنۇن تېيىپوفقا گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانى بەردى.

گېنېرال مايور ئىمىنوف مەھەممەتئىمىن (1915 ~ 1970) تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سۇ ـ تۇپراق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلدى. ئۇ تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ستۇدېنتلارنىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىسىدە ھەربىيلەرگە خاس جەسۇرانە ئىقتىدارىنى نامايان

روتا كوماندىرى، باتاليون كوماندىرى بولدى ۋە ئۇرۇشتا يارىدار بولدى. ئۇ كېيىن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاش ھارپىسىدا چۆچەكتە ئابلىمىت ھاجىيوف، ئابدۇرېشىت تۇردىيوف، ئارۇپ نەسىبى، ئەخمەت زاھىدى، ئابدۇقادىر زۇنۇنى، تۇرسۇنتايلار بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلاب قوزغاشقا مەخپىي تەييارلىق كۆردى. ئۇ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا يېقىندىن ماسلىشىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىگە قاتناشتى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ھەبىب يونىچېف ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مائارىپ ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى بولدى، 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوف جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىققاندا، سەيپىدىن ئەزىزى مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانى بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. 1956 ـ يىلى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا گېنېرال

لېيتناتلىق ھەربىي ئۇنۋانى بەردى.

**گېنېرال مايور زۇنۇن تېيىپوف** (1919 ~ 1988) 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىغا قاتناشتى. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش يىغىنىدا ھەربىي قوماندانلىق شتابىنى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابىغا ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى، زۇنۇن تېيىپوف پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھۆكۈمەت رېئونىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى بولدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى داۋامىدىكى جەڭلەردە ئۆزىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتچىلىق تالانتىنى نامايان قىلغانلىقى ئۈچۈن، «ئازادلىق»، «ئىستىقلالىيەت» قاتارلىق ئوردېن، مېداللار بىلەن تارتۇقلاندى. 1955 ـ يىلى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى زۇنۇن تېيىپوفقا گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانى بەردى.

**گېنېرال مايور ئىمىنوف مەھەممەتئىمىن** (1915 ~ 1970) تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سۇ ـ تۇپراق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئورۇمچىدە خىزمەت قىلدى. ئۇ تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ستۇدېنتلارنىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىسىدە ھەربىيلەرگە خاس جەسۇرانە ئىقتىدارىنى نامايان

قىلدى. ئۇ 1945 - يىلى 12 - ئايدىن ئېتىبارەن مىللىي ئارمىيە باش شتابى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى، 1946 - يىلى پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، باش شتاب ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى نامايان قىلغاندىن كېيىن، پات ئارىدىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى بولدى. 1947 - يىلى قالىبېك، تاكىمانلارنىڭ توپىلىڭىغا قارشى جەڭ ئوپېراتسىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، باندىتلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتكە سالغان پاراكەندىچىلىكىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلدى، 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرى قايتىدىن تەشكىل قىلىنغان ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرى بولدى. 1949 - يىلى 11 - ئايدا مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيە 13 - دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئازاد قىلىش جەڭ ئوپېراتسىيىسىگە قاتناشتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىنى رەتكە سېلىش، دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش داۋامىدا رەھبەرلىك تالانتىنى نامايان قىلدى. ئۇ كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. 1955 - يىلى ئىمىنوف مەھەممەتئىمىنگە گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى.

**گېنېرال مايور زاھىر ساۋدانوف** ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە مىللىي ئارمىيە باش شتابى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى

مىللىي ئارمىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپۇسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. زاھىر ساۋدانوفقا 1955 - يىلى گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى.

**پولكوۋنىك ئەخمەتجان قاسىمى** (1914 ~ 1949)

بالىلىق چاغلىرىدا تاغىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، موسكۋا ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇدى. ئۇ 1942 - يىلى 6 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، چۆچەك، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ باردى، 1943 - يىلى 12 - ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندى، 1944 - يىلى 10 - ئايدا قويۇپ بېرىلدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۆزىنى خۇپىيانە تۇتۇپ، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ رۇس تىل - يېزىقىنى بىلىدىغانلىقى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدىكى مەلۇم بىر رەھبەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ، «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ گېزىتخانىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەشكىلىي سىخېمىسىنى ئىشلەپ چىقىپ، ھەبىب يونىچېفنىڭ ئىش ئۈستىلىگە تاشلاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ھەبىب يۇنىچېفنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ھەبىب يۇنىچېف

بۇ سخېمىنى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەخمەتجان قاسىمى 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى گېزىتخانىدىن ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئورگىنىغا يۆتكىلىپ، تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىنىسپېكتور بولدى، كېيىن ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت مەسئۇل كاتىپىنىڭ ئورۇنباسارى بولدى، 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ 6 ـ نومۇرلۇق قارارى بويىچە ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ھەربىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى ۋە پودپولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، 1945 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى زۇنۇن تېيىپوفنىڭ ئورنىغا ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئەزالىرى 88 ـ سانلىق يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ 114 ـ نومۇرلۇق قارارى بويىچە پولكوۋنىك ئەخمەتجان قاسىمى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ھەربىي كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى تەركىبىدە جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتكە قاتناشتى. ئۇ سۆھبەت داۋامىدا ئاجايىپ دىپلوماتىيە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، قارشى تەرەپنى 120 سائەت «بومباردىمان» قىلىپ، نۇرغۇن پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە يول قويۇشقا مەجبۇر قىلىپ، سۆھبەتتە كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى. سۆھبەتتىن كېيىن، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ

مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. ئۇ بىتىمدىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەرخىل قارشىلىقلىرىغا قارىماي، سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يىراقنى كۆرەر دانىشمەن ئادەم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قىزغىن سۆيگەن، ئېتىقاد قىلغان دانا داھىيغا ئايلاندى. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى باشلاپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش يولىدىكى كۈرەشلەرگە رەھبەرلىك قىلدى. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غۇلجىدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلدى، ئەخمەتجان قاسىمى 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايغا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىگە يارىشا «جۇمھۇرىيەت»، «ئازادلىق»، «ئىستىقلالىيەت» قاتارلىق نۇرغۇن ئوردېنلار بىلەن تارتۇقلاندى. ئۇ 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى.

**پولكوۋنىك ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف** (1898 ~ 1973) ياش چاغلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، ھەر تەرەپلىمە بىلىملەرگە ئىگە بولدى. ئۇ 1931 ـ يىلى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋە ئۇيغۇر سانايىنەپىسەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى، بىرمەھەل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىسمۇ بولدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋالى قادىر

باغچىسى (ھازىرقى غۇلجا شەھىرىدىكى «خەلق» باغچىسىنىڭ تەكتى) نى كۆكەرتىپ، مېۋىزارلىقتا ئايلاندۇرۇپ، گۈل - گىياھلار بىلەن پۈركەندۈرۈپ، گۈزەل ئىستىراھەت باغچىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىدى. ئىسھاقبەگ مونونوف نەزەربەند ھېسابىدا غۇلجىغا قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىلگەن چاغدا، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف ئۇنىڭ سىرداش دوستى بولدى. ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف، ئىسھاقبەگنىڭ ئىش - ھەرىكىتى شېڭ شىسەي جاسۇسلىرىنىڭ نازارىتىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغاندىن كېيىن، پالىنوف بىلەن بىللە ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچۇرۇۋەتتى. ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغان چاغدا، پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىقات ۋە ئۇيۇشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئىسھاقبەگ مونونوف 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆزىنىڭ پىدائىيلار قوشۇنىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجا شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ قەدىناس سىرداش دوستىنى تېپىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف ئىسھاقبەگ بىرىگادىسىغا قاتنىشىپ، قىسىمنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ دەسلەپ مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 - بىرىگادىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولدى، 1946 - يىلى ئىمزالانغان تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش قوماندانى بولدى. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى مايورلۇقتىن پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلدى. 1948 - يىلى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىتتىپاقنىڭ مىللىي ئارمىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى.

**پولكوۋنىك غېنى مەھەممەتباقى** (1901 ~ 1978) نىلقا قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، نىلقا ناھىيە بازىرى، غۇلجا شەھىرى، ئارىشاڭ ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى داۋامىدىكى قەھرىمانلىق جاسارىتى، قوماندانلىق ماھارىتى نەزەرگە ئېلىنىپ، پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى ۋە «خەلق قەھرىمانى» دېگەن نام بېرىلدى. ئۇنىڭ نامى خەلق ئارىسىدا «غېنى باتۇر» دەپ ئاتىلىپ كەلدى. ئۇ ئازادلىقتا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، مىللىي ئارمىيە ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى، ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولدى. ئۇ «جۇمھۇرىيەت»، «ئازادلىق»، «ئىستىقلالىيەت»، «باھادىرلىق ئۈچۈن» قاتارلىق كۆپلىگەن ئوردېن، مېداللار بىلەن تارتۇقلاندى.

**پولكوۋنىك سوپاخون سوبۇروف** (1915 ~ 2001) ئۇيغۇر خەلقى پەخىرلىنىدىغان باتۇر ۋە ماھىر كوماندىرلاردىن بىرى. ئۇ ياش ۋاقتىدا شىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي مەكتىپىدە تەلىم - تەربىيە ئالدى ۋە كېيىن ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان بىر روتا ئەسكەرنى باشلاپ مايتاغنى قوغداشقا ئەۋەتىلدى. ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئارزۇسىدا يۈرگەن مۇئاۋىن روتا كوماندىرى ئابدۇلھېمىت بىلەن بىرلىكتە 1945 - يىلى 5 -

ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كېچىسى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، بورتالادا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشتى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بۇ روتىدىكى 125 ئادەمنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىختىيارىغا يوللاپ بەردى. بۇ روتا غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قارارى بويىچە، مەزكۇر روتىدىكى ھەقىقەتكە قايتقان ئەسكەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى قۇرۇلدى، سوپاخۇن سۇبۇروف پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بىلەن بۇ پولكنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. سوپاخۇن سۇبۇروف ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ، باي ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش جەڭلىرىدە ئاجايىپ مەردلىك ۋە قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئۇ تاكى ئازادلىققا قەدەر تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكىنىڭ كوماندىرى بولۇپ كەلدى. ئۇ «ئازادلىق» ، «ئىستىقلالىيەت» ، «باھادۇرلۇق ئۇچۇن» ، «پىدائىيي» قاتارلىق ئوردېن، مېداللار بىلەن تارتۇقلاندى. سوپاخۇن سۇبۇروف ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى تاشيول ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى.

پولكوۋنىك ئابلاخان ماخمۇدوف مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى دۆربىلجىن ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنى قىلىۋاتقان مەزگىلدە، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 300دىن ئوشۇق ئۇيغۇر ئەسكىرىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتتى. مىللىي ئارمىيە

باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قارارى بويىچە ئەنە شۇ ھەقىقەتكە قايتقان ئەسكەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا چۆچەك پىيادە ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى تەشكىل قىلىندى، ئابلاخان پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بىلەن بۇ پولكىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ پولك شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن شىخوغا ئەۋەتىلدى. شىخو ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئابلاخان ماخمۇدوف پولكىنى باشلاپ ساۋەن ناھىيىسىنىڭ يەنسىخەي دېگەن جايىدا تۇردى، ئۇنىڭدىن كېيىن چۆچەككە قايتتى. ئابلاخان 1947 ـ يىلى غۇلجىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، غۇلجا زاپاس پولكىنىڭ كوماندىرى بولدى. ئابلاخان ماخمۇدوف خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى پىششىق بىلگەچكە، ئازادلىقتىن كېيىن 5 ـ كورپۇستا ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا باش تەرجىمان بولدى.

پولكوۋنىك ئابدۇرېشىت تۇردىيوف (1922 ~ 1972) ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ، كوماندىرلىق ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، تالانتلىق ئوفىتسېر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن چۆچەككە قايتىپ كەلگەن مەزگىلدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا چۆچەكتە قۇرۇلغان مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشتى. ئابدۇرېشىت تۇردىيوفقا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ مىللىي ئارمىيىدە ئالدى بىلەن شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ شتاب باشلىقى، 1946 ـ يىلى غۇلجىغا يۆتكىلىپ، باش شتاب ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى ۋە باياندايدىكى ئوفىتسېرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولدى. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئۆزىنىڭ ھەربىي تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۈزلىگەن ئىختىساسلىق، لاياقەتلىك ئوفىتسېرلار قوشۇنىنى

يېتىشتۇردى. ئابدۇرېشىت تۇردىيوف ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكىلىپ خىزمەت قىلدى. ئۇ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ھەربىي ئاكادېمىيىسىدە بىلىم ئاشۇرغان چېغىدا، بىر پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا كۆرەكتىن ئۆتۈشىگە قوماندانلىق قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سودا نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى.

**پولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئابباسوف** (1921 ~ 1949) غۇلجىدىكى ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوزغاشقا ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا خۇپىيانە ئۆتۈپ، قورال ـ ياراغلار بىلەن تەمىنلەش سۆھبىتىنى ئۇتۇملۇك ئۆتكۈزدى، ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لوسىگۇڭ، چىڭسىخوزىلاردا قوراللىق پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، غۇلجىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىگە قوماندانلىق قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى، تەشۋىقات ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى بولدى، 1945 ـ يىلى يازدا، جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلغۇچى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلدى، باي ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلىش، ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش جەڭلىرىدە يېتىلگەن قوماندانلارغا خاس تالانتىنى نامايان قىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئاقسۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاۋۋال پودپولكوۋنىكلىق، كېيىن پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. 1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلغاندا، ئۇ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىمزالانغان 11 ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپى بولدى، 1947 ـ يىلى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى (خ ئى پ) نىڭ رەئىسى، 1948 ـ يىلى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئىتتىپاقنىڭ خەۋەر ـ ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇ «جۇمھۇرىيەت»، «ئازادلىق» قاتارلىق ئوردېن، مېداللار بىلەن تارتۇقلاندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچر قازا قىلدى.

پولكوۋنىك قاسىمجان قەمبىرى (1910 ~ 1956)

شائىر ۋە دراماتورگ بولۇپ، 1932 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ 1944 ـ يىلىغىچە پۈتۈن زېھنىنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بېغىشلىدى، 1944 ـ يىلىنىڭ بېشىدا غۇلجىغا كېلىپ، ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ مەخپىر تۆرە پىدائىيلار قوشۇنىنى قۇرۇشقا قاتنىشىپ، سىياسىي تەربىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى، غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنى قۇرۇش داۋامىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى، مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي سوتنىڭ باشلىقى بولدى. قاسىمجان قەمبىرى 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە

مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرى بىلەن بىللە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلدى، پولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئابباسوف، پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇبۇروفلار بىلەن بىرلىكتە ئاقسۇ ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلدى، ئاقسۇدىن قايتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سەھىيە ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى بولدى. 1946 - يىلى يازدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى بولدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپىسى ھېسابىغا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن ئوردېن، مېداللار بىلەن تارتۇقلاندى.

پولكوۋنىك قېيۇمبەگ ھاكىموف ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ئوغلى بولۇپ، قەددى - قامىتى كېلىشكەنلىكى، خۇشخۇي، ئۆتكۈر ۋە كەمتەرلىكى، سەنئەتخۇمارلىقى بىلەن ھەر مىللەت ياشلىرى ئارىسىدا يۇكسەك ئابرۇي قازانغانىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان غۇلجا 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان چاغدا ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ 1945 - يىلى كۈزدە باش قوماندان پالىنوفنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز پولكىغا قوماندانلىق قىلىپ، شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى، 1946 - يىلى 6 - ئايدا گېنېرال پالىنوف سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىملىرىنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانى بولدى. ئۇ 1946 - يىلى ھەربىي سەپتىن كەسىپ

ئالماشتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مالىيە ـ ئىقتىساد ھەيئىتىنىڭ باش لىدىرى بولدى، 1948 ـ يىلى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە سەيپىدىن ئەزىزى، ھۇسەيىن مۇراتوفلار بىلەن بىللە موسكۋاغا بېرىپ، جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىش شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سانائەت، كان ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. ئۇ «ئازادلىق» ، «ئىستىقلالىيەت» قاتارلىق ئوردېنلار بىلەن تارتۇقلاندى.

**پولكوۋنىك مەھەممەتجان يۇسۇپوف** گومىنداڭنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىدىن ھەقىقەتكە قايتقان كوماندىر گومىنداڭنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا تەسلىم بولىدىغان چاغدا، ئۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ باش سۆھبەت ۋەكىلى سۈپىتىدە سۆھبەتكە قاتناشتى. ئۇ ئىلگىرى ئۇرۇمچى ھەربىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پودپولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلىپ، گومىنداڭنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇنىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ ئالتايغا ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇ ئالتايدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا تەسلىم بولۇشىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى ۋە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ تۆھپىسى ۋە ھەربىي ئىقتىدارى نەزەرگە ئېلىنىپ، چۆچەك پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى، كېيىن غۇلجا ئازاد نىشانلىق

پولكنىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ئوسمان، قالىبېك باندىتلىرىنى يوقىتىش جەڭلىرىدە ئۆزىنىڭ ئۇستۇن ھەربىي ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، زور تۆھپە قوشتى، ئازادلىقتىن كېيىن، 40 ـ پولكنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، جانىمقان، ئوسمان، يولۋاس باندىتلىرىنى يوقىتىش جەڭلىرىگە قوماندانلىق قىلدى. ئۇ 1952 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن 5 ـ كورپۇسنىڭ شتاب باشلىقى بولدى، 1953 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىدىن ھال سوراش ئۈچۈن چاۋشيەنگە باردى.

پولكوۋنىك ئەخمەتجان ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر زات، ئوقۇمۇشلۇق زىيالىي. ئۇ سۇيدۇڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى. سۇيدۇڭ پولكى تەشكىل قىلىنغان چاغدا، ئۇ پولكنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش ئىشىنى ئىشلەپ، پولكنىڭ تەمىنات خىزمىتىنى قانائەتلىنەرلىك يولغا قويدى، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ھەربىي يۈرۈشتە قىسىم بىلەن بىللە بولدى. ئۇ بىتىمدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرى ئارقا سەپ تەمىنات بازىسىنىڭ باشلىقى بولدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. پولكوۋنىك ئەخمەتجان ئازادلىقتىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قىزغىن قوللاپ، ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىسى ئارقىلىق كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيىسى قۇرۇلغان چاغدا، ئەخمەتجان دىۋىزىيىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى بولدى.

**پولكوۋنىك رەخىمجان سابىر ھاجىيوف** (1906 ~ 1973) غۇلجىدىكى ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرىدىن بىرى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى پىلانلىدى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتى، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى، ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى بولدى، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولدى، تىنچلىق سۆھبىتىدىن كېيىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولدى. ئۇ پانتۈركىست مەسئۇتنىڭ كۈيئوغلى بولسىمۇ سۆھبەت داۋامىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە گومىندا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەي، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابىي مەيدانىدا چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ بۇ جەرياندا كۆرسەتكەن ئالاھىدە خىزمەتلىرى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، رەخىمجان سابىر ھاجىيوف شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى.

**پولكوۋنىك قۇربانجان موڭغۇلكۈرەلىك** يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە مەرىپەتپەرۋەر زات، باي چارۋىدار. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، مەكتەپ بىنا قىلىش، نامراتلارنى يۆلەشتەك ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق ئىشلىرى بىلەن موڭغۇلكۈرە تەۋەسىدە داڭق

چىقارغاندى. غۇلجا شەھرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى ئالاقىچى يۇسۇپجاننى موڭغۇلكۈرەنى ئازاد قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن قۇربانجان، ئەخمەت ئەپەندى، جاۋاپكارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇپ، پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىل قىلدى، موڭغۇلكۈرە پارتىزانلىرى گومىنداڭنىڭ بۇ يەردىكى قالدۇق قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇردى. قۇربانجان ناھىيىنىڭ ھاكىمى بولغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرى ئارقا سەپ تەمىنات بازىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، گازارما تەييارلاش، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئىشلەشكە زور تۆھپە قوشتى. ئۇ تېكەس دەرياسىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرى بىلەن شوتا يېزىسى ئارىلىقىدىكى بۆلىكىگە ئۆز مەبلىغى بىلەن مەزمۇت كۆۋرۈك سېلىپ، بۇ ئارىلىقتىكى قاتناشنى راۋانلاشتۇردى، خەلق ئاممىسى بۇ كۆۋرۈكنى «قۇربانجان كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىدى. ئۇ ئارمىيە ۋە ئاھالىلەر ئۈچۈن پار مۇنچىسى سالدۇردى، ئات جابدۇقلىرى كارخانىسى قۇرۇپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى ھەربىي ئات جابدۇقلىرى بىلەن تەمىنلىدى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئۇنىڭ بۇ خىزمەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بەردى ۋە ئۇنى ئوردېن، مېداللار بىلەن تارتۇقلىدى.

پولكوۋنىك زىيا سەمەدى (1914 ~ 2000) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ھەربىي تۇرا خىزمىتىگە مەسئۇل خادىمى، دۆلەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، مىللىي ئارمىيە باش شتابى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە

بولدى، شۇ مەزگىلدە ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. زىيا سەمەدى ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولدى.

**مايور داموللا رازىيوف** (1893 ~ 1953) غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلغۇچى پارتىزانلار ئارىسىدا تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللاندى، 1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ دىنىي ئىشلار مەسئۇلى، 1946 ـ يىلى مىللىي ئارمىيە باش شتابى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

**مايور ھەمدۇللا قۇربانوف** 1938 ـ يىلى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، غۇلجىغا كېلىپ بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ سىياسىي رەھبىرى بولدى، پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇبۇروف كوماندىرلىقىدىكى تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى قۇرۇلغان چاغدا، بۇ پولكنىڭ سىياسىي رەھبىرى بولدى. ھەمدۇللا قۇربانوف ئازادلىقتىن كېيىن، ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى.

مايور ئابدۇكېرىم ماخمۇدوف، مايور غېنى كەرىموف، مايور ئابدۇرېھىم سامساق، مايور ئابلىز رەخىموف، مايور مەھەممەت ئىسمائىلوف، مايور مۇزەپپەر ئابدۇللايوف، مايور ئابدۇللا شەرىپوف، مايور قۇربان، مايور ئەسئەت تېيىپوف، مايور قاسىم ئەزىزوف، مايور سىدىق ھاجى، مايور مايىتوف،

مايور سۇلايمان رەخىموف، مايور ئابلەت توختىيوف، مايور مەھەممەتئىمىن خەلپەت ھاجىيوف، مايور قېيۇم سابىر ھاجىيوف، مايور ئابدۇقادىر، مايور ئىسلام ھوشۇروف، مايور ماخمۇت سايىتوف قاتارلىق مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قانچە ئونلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى پولك كوماندىرى، پولكنىڭ سىياسىي خىزمەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن كوماندىرى، باتالىيون كوماندىرى، دىۋىزىيوف كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلار ئازادلىقتىن كېيىن، ھەرخىل ئىسلاھات، قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تايانچلىق رول ئوينىدى.

كاپىتان زاكىر ناسىروف، كاپىتان ئىسمائىل مەھەممەت، كاپىتان ئابابەكرى تۇردىيوف، كاپىتان ئىمىن زاھىت، كاپىتان رەجەپ توختى، كاپىتان ئەخمەت زاھىدى، كاپىتان باقى كامال، كاپىتان ئىمىنوف ئېلاخۇن، كاپىتان قاسىموف توختى، كاپىتان ياسىنوف ئابلىمىت، كاپىتان جىنايوف، كاپىتان دۇگانوف، كاپىتان ئۆمەروف مەمتىمىن، كاپىتان تېيىپوف جالال، كاپىتان يەھيا، كاپىتان سەرپاكوف زىلاۋۇددىن، كاپىتان باسىتوف ئابدۇقادىر، كاپىتان ئىمىنجان، كاپىتان مېھراموف رىشات، كاپىتان نۇرىيوف خەمىت، كاپىتان كارىملوف مەھەممەتئىمىن، كاپىتان كەنجىبايوف خەمىت، كاپىتان ئابدۇرېھىم مۇتەللىپ، كاپىتان نۇرىيوف باۋۇدۇن، كاپىتان مەخپىروف ئابدۇللا، كاپىتان ئىدرىس، كاپىتان كەنجىباقى، كاپىتان ھېزىم، كاپىتان ئەسپەروف غوپۇر، كاپىتان ئوسمانوف ئابدۇراخمان، كاپىتان ئەيسايوف ئابدۇكېرىم، كاپىتان شاياخۇنوف ئابدۇللا، كاپىتان ھاجىيوف ئەخمەت، كاپىتان ئاسىم باقى، كاپىتان تۇرسۇن نىزاموف، كاپىتان ھەسەنوف داۋۇت، كاپىتان تالىپ، كاپىتان يۇسۇپ ھەسەنجان، كاپىتان سەدرى، كاپىتان رەخىم، كاپىتان ھوشۇر ئاخۇن، كاپىتان ماخمۇدوف مىجىت، كاپىتان

مامۇتوف قۇربان، كاپىتان غوپۇر خەيرى، كاپىتان جۇماخۇن، كاپىتان پازىلھاجىيوف ئابلىمىت، كاپىتان قېيۇم، كاپىتان مۇسايوف ھاشىم قاتارلىق 50 كە يېقىن ئۇيغۇر كاپىتان ئالدىنقى سەپتىكى شىددەتلىك جەڭلەردە گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ چىققان روتا كوماندىرلىرى، روتىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىرى، دوختۇرلار، ھەربىي ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت. ئۇلاردىن باشقا، پروپورشىكتىن پورۇچىكلىققا قەدەر ھەربىي ئۇنۋان بىلەن روتا كوماندىرى، مۇئاۋىن روتا كوماندىرى، ئىزۋوت كوماندىرى، تەشۋىقاتچى، دوختۇر، ھەربىي ئىنىستىرۇكتور، توپوگراف، بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن يۈزلىگەن خادىملار بار.

## 2. قازاقلاردىن يېتىشىپ چىققان كوماندىرلار ۋە قەھرىمانلار

**گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايوف**

(1906 ～ 1949) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە خەلق دۈشمەنلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلگەن خەلق قەھرىمانى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ باش قوماندانى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي

ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى داۋامىدىكى نۇرغۇن جەڭلەردە ئۆزىنىڭ قوماندانلىق تالانتىنى نامايان قىلغانلىقى ئۈچۈن، گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. دەلىلقان سۇگۇربايوف 1949 - يىلى 8 - ئايدا يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى.

پولكوۋنىك بەدەلقان سۇگۇربايوف دەلىلقان سۇگۇربايوفنىڭ ئىنىسى، سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرى.

پولكوۋنىك نۇسۇپقان كۇنباي (1898 ~ 1986) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرى بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۈرۈمچى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى.

پولكوۋنىك ئىبرايىمباي سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرى بولۇپ، ئوسمان ئىسلام باندىتلىرىنى يوقىتىش جەڭلىرىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن، 5 - كورپۇس 14 - دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى بولدى.

پولكوۋنىك جاغدا قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولدى.

پولكوۋنىك ئوسمانوف رامازان باشتا ئازاد نىشانلىق پولكتا شتاب باشلىقى، كېيىن 42 - پولكىنىڭ كوماندىرى بولدى.

پودپولكوۋنىك بالقاش چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر

پولكنىڭ سىياسىي خىزمەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن كوماندىرى بولدى.
پودپولكوۋنىك مالىك تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولدى.
پودپولكوۋنىك قازىقان خەلق قەھرىمانى بولۇپ، قوبۇقسار، شىخو ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىش، قالىبېك، تاكىمان باندىتلىرىنى تازىلاش جەڭلىرىدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ كېيىن غۇلجا زاپاس پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولدى.
مايور قايىراقباي غۇلجا زاپاس پولكىدا باتالىيون كوماندىرى، پولكىنىڭ سىياسىي رەھبىرى بولدى.
مايور سۇلەيوف غۇلجا زاپاس پولكى تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى.
مايور بولات قادىر تارباغاتاي ۋە جىڭنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە يۈكسەك قەھرىمانلىق جاسارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىر ترانسپورت كولوننىسىنى تارمار قىلىپ، نۇرغۇن ماددىي ئەشيا ۋە ئالتۇنلارنى قولغا چۈشۈردى، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ گېنېرالى گوچىنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇ غۇلجا زاپاس پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولدى.
مايور ئالماسبېك مىللىي ئارمىيىدە رازۋېدكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.
كاپىتان باۋكەي غۇلجا زاپاس پولكتا شتاب باشلىقى بولدى.
كاپىتان داخقى مىللىي ئارمىيە سىياسىي باشقارمىسىدا سىياسىي ئىنىسترۇكتور بولدى.
كاپىتان تايچىمان غۇلجا زاپاس پولكتا سىياسىي بۆلۈم باشلىقى بولدى.
كاپىتان ئابدۇۋەلى غۇلجا زاپاس پولكتا سىياسىي بۆلۈم

باشلىقى بولدى.

كاپىتان ئېستېمپسوف بىلال سارسومبە ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ۋە غۇلجا زاپاس پولكتا شتاب باشلىقى بولدى.

كاپىتان رېشات نۇرساپا مىللىي ئارمىيە باش شتابى قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

كاپىتان ئەلەن غۇلجا زاپاس پولك قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

ئۇلاردىن سىرت، مىللىي ئارمىيىدە قازاقلاردىن مايور قاناپىيە، مايور شاھىزات، كاپىتان ئايتىكەن قاتارلىق بىرقانچە ئونلىغان تالانتلىق كوماندىر ۋە سىياسىي رەھبەرلەر، دەلېلقان، ئەكبەر، سېيىت، قازىقان، بولات قادىر قاتارلىق خەلق قەھرىمانلىرى، جابىقباي، ئوبۇلخەيرى تۆرە، قاسىمجان، قالى ئاباقوف، ئەخمەتغالى، تولۇمبېك، قۇسايىن سىيابايوف قاتارلىق بىرقانچە ئونلىغان جامائەت ئەربابلىرى، رەھبىرىي كادىرلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلاردىن بىرمۇنچىسى ئازادلىقتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندا ۋە جايلاردا مۇھىم رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتتى.

## 3. ئۆزبېكلەردىن يېتىشىپ چىققان كوماندىرلار ۋە سىياسىي رەھبەرلەر

ئېلىخان تۆرە (1885 ~ 1976) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، غۇلجىدىكى ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، ھەربىي ئەركان كېڭىشىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چىقارغان 114 ـ سانلىق قارارى بويىچە

ئۇنىڭغا مارشاللىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى.
پولكوۋنىك غاپپارخان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. غاپپارخان بۇ خىزمەتنى ياخشى ئۇيۇشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى.
پولكوۋنىك نەبىجان يۇسۇپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى بولدى.
پودپولكوۋنىك ئاسىلقان ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.
مايور ئابدۇقادىر مىللىي ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ ھەربىي تەمىنات لىنىيىسىگە مەسئۇل بولدى.
كاپىتان سەيدەخمەتوف تۇرسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە غۇلجا شەھىرى ۋە جىلىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىگە قاتناشتى، كېيىن غۇلجا زاپاس پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن، 42 ـ پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، سانجى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولدى.
كاپىتان ئەمىر قاراۋاي غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىگە قاتناشتى، كېيىن غۇلجا زاپاس پولكى خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.
مىللىي ئارمىيە سېپىدە پولكوۋنىك نىغمەت ئىنئامجان، كاپىتان سەيىد ئەزىم قاتارلىق ئونلىغان ئاتاقلىق ئۆزبېك دوختۇرلار خىزمەت كۆرسەتتى.
ئۇلاردىن باشقا، ئەسئەدۇللا، ئادىلبېك، ئەكبەر خوجا،

ئابدۇللا خوجا شاھ، ياقۇپبەگ قاتارلىق بىرقانچە ئونلىغان جامائەت ئەربابلىرى، ئىقتىدارلىق زاتلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

## 4. قىرغىزلاردىن يېتىشىپ چىققان كوماندىرلار

**گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوف** (1902 ~ 1949) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئۇ ياش ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالدى، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاپرېل ئۆزگىرىشى مەزگىلىدە ئاتۇشتا قىرغىزلار، ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان مۇنتىزىم پىدائىيلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ پىدائىيلار قوشۇنى يەرلىك باندىتلارنى تازىلاش جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىگادىسىغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «بىرىگادا باشلىقى ئىسھاقبەگ» دېگەن ئاتاققا ئىگە بولدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن جەنبەگ قازى، ئوراز قاتارلىق ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارنى ۋە ماجۇڭيىڭ، ماخۇسەن باندىتلىرىنى يوقىتىپ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارنى تىنچلاندۇرۇشتا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. جاللات شېڭ شىسەي بۇ تالانتلىق قوماندانىنىڭ ئىناۋىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە قوشۇنىنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى خىزمەت ئورنىنى يۆتكەپ كۆزدىن يوقىتىش مەقسىتىدە، 1936 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىگە قازاق ـ قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ يۆتكىدى. قولغا ئېلىنىش خەۋپىنى سېزىپ قالغان ئىسھاقبەگ 1942 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا خۇپىيانە چىقىپ كەتتى ۋە ئۇ يەردە

تاشقورغان ئازادلىق تەشكىلاتى، تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى
قۇردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جاللات شېڭ شىسەي
ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق تاپىنىدىن ئازاد
قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىسھاقبەگ مونونوف گېنېرال
پالىنوف، نوغايبايوف قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە
1944 - يىلى 7 - ئايدا تاشقورغاندا قوراللىق ئىنقىلابنىڭ
تۇنجى ئوقىنى ئېتىپ، تاشقورغان ناھىيە بازىرىنى ئازاد
قىلدى. 1944 - يىلى 11 - ئايدا، تاتار، قىرغىز، قازاقلارنى
ئاساس قىلغان بىر باتالىيون ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ سوۋېت
ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا كېلىپ، ھەرەمباغقا قورشاپ ھۇجۇم
قىلىش جېڭىگە قاتناشتى. كۇرە، جىڭ قاتارلىق جايلارنى ئازاد
قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قوماندانلىق قىلدى. ئىسھاقبەگ مونونوف
دەسلەپ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ
ئەزاسى، ھەربىي ئەركان كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مىللىي
ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى بولدى. 1946 - يىلى 1 -
ئايدا، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى ۋە
ئۇنىڭغا گېنېرال لېيتېناتلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسى ئۈچۈن
«جۇمھۇرىيەت»، «ئازادلىق»، «ئىستىقلالىيەت I »، «ئىستىقلالىيەت
I »، «باھادۇرلۇق ئۈچۈن» قاتارلىق ئوردېن، مېداللار بىلەن
كۆپ قېتىم تارتۇقلاندى. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى
ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىسھاقبەگ مونونوف شىنجاڭ ئۆلكىلىك
بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق
ساقلاش شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولدى. بىتىمدىن كېيىن
قايتىدىن تەشكىللەنگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى
بولغان گېنېرال لېيتېنات ئىسھاقبەگ مونونوف گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەدىتىگە ئېرىشكەن ئوسمان، قالىبېك
باندىتلىرىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمىنى

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تارمار كەلتۈرۈش جەڭلىرىگە چېۋەرلىك بىلەن قوماندانلىق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تۆھپىلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق ئەربابى بولۇپ قالدى. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە قىرغىزلاردىن ئورغۇنلىغان تالانتلىق، يۇقىرى سەۋىيىلىك كوماندىرلار ۋە سىياسىي رەھبەرلەر يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن، مايور ئامانتۇر بايزاكوف، مايور ئالىمجان ئايتۇۋاروف، مايور ئەخمەتبېك، مايور غوجامقۇل قۇدايبېردىيېف، كاپىتان غاپپار، كاپىتان چارچىبېك قاتارلىق بىرقانچە ئونلىغان كوماندىر، كومىسسارلار ئالدىنقى سەپتە جەڭگە قوماندانلىق قىلدى. ئامانتۇر، چارچىبېك قاتارلىق كىشىلەر ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايون ۋە جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلاردا مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى.

## 5. شىبەلەر، موڭغۇللار، خۇيزۇلار ۋە تاجىكلاردىن يېتىشىپ چىققان كوماندىرلار

پولكوۋنىك شۇمۇتۇك، مايور باۋسەن، مايور بايىنتو ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونى ھەرەمباغىنى ئازاد قىلىش، بولۇپمۇ جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلدى. بۇ جەڭلەردە شىبە ئەزىمەتلىرىدىن 50كە يېقىنى قۇربان بولدى.

**پولكوۋنىك ئىردە** ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى بورتالا ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى، پودپولكوۋنىك كاۋالىيوف باشچىلىقىدىكى موڭغۇلكۈرە ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلىش جەڭلىرىدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئىردە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدە باتالىيون، پولك كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى ھەمدە بورتالا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا قويۇلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى.

**پولكوۋنىك كېرىم ھاجى** (1885 ~ 1955) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، خۇيزۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى.

**پولكوۋنىك مەنسۇر لومىيوف** ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، خۇيزۇ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى، مىللىي ئارمىيىدە باتالىيون كوماندىرى، پولك كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئىلى شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ ماتېرىياللار سارىيىنىڭ مەسئۇل باشقۇرغۇچىسى بولدى.

**كارۋانشاھ** ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى بولدى.

**پولكوۋنىك شېرىنبېك** تاجىك خەلقىنىڭ قوراللىق

ئىنقىلابىي قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تاشقورغاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلى بولدى.

كوماندىر زىلال مىللىي ئارمىيە باش شتابى قارمىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونىنىڭ تاجىك كوماندىرى. ئازادلىقتىن كېيىن، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولدى.

ئۇلاردىن باشقا، تاجىكلاردىن يېتىشىپ چىققان كادىرلاردىن بەكرى تاشقورغان ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىلال ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدە داغۇر، مانجۇ، تۈركمەن، نېمىس، يەھۇدىي قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان كوماندىر ــ جەڭچىلەرمۇ ئىنقىلابقا ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى.

# مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

## 1. ھەربىي ئۇنۋان قۇرۇلۇشى

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى رەسمىي قۇرۇلۇپ، پالىنوف باش قوماندانلىققا، ئىسھاقبەگ مونونوف، زۇنۇن تېيىپوفلار مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا، ماژاروف باش شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئارمىيە ئىچىدە دەرىجە ۋە ئۇنۋان تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدە قارار چىقاردى. ئەينى ۋاقىتتىكى ھەربىي ئۇنۋانلار ناملىرىنىڭ ئاتىلىشى سوۋېت ئارمىيىسىدىكى ھەربىي ئۇنۋانلار ناملىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولسىمۇ، كۆپرەك ھەربىي ئۇنۋانلار ناملىرى چاررۇسىيە دەۋرىدە قوللىنىلغان ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئارمىيىلىرىدە قوللىنىلغان ئاتالغۇلار ئىدى. مىللىي ئارمىيىدە قوللىنىلغان دەسلەپكى دەرىجە تەركىبى مۇنداق ئىدى:

1) راداۋوي: ئاددىي جەڭچىلەرگە بېرىلگەن نام ئىدى.

2) مىلادشىي (تۆۋەن، كىچىك) دەرىجىلىك ھەربىيئۇنۋان: مىلادشىي ئۇنتېر (بىر چېكىتلىك)، ئۇنتېر

(ئىككى چېكىتلىك، ئوتتۇرا)، ستارشىي ئۇنتېر (ئۈچ چېكىتلىك)، فېلدفېبېل (بىر توغرا بالداقلىق)، مۇنداق ھەربىي ئۇنۋانلار جەڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، ئەددىلىنىيە كوماندىرلىرى، تەشۋىقاتچىلارغا بېرىلەتتى.

3) ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان: پروپورشىك (بىر بالداق، بىر يۇلتۇزلۇق)، پودپورۇچىك (بىر بالداق، ئىككى يۇلتۇزلۇق)، پورۇچىك (بىر بالداق، ئۈچ يۇلتۇزلۇق)، كاپىتان (بىر بالداق، تۆت يۇلتۇزلۇق)، مۇنداق ھەربىي ئۇنۋانلار ئىزۋوت كوماندىرلىرى، روتا كوماندىرلىرى، مۇئاۋىن باتاليون كوماندىرلىرىغا بېرىلەتتى.

4) يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان: مايور (ئىككى بالداق، بىر يۇلتۇزلۇق)، پودپولكوۋنىك (ئىككى بالداق، ئىككى يۇلتۇزلۇق)، پولكوۋنىك (ئىككى بالداق، ئۈچ يۇلتۇزلۇق)، ستارشىي پولكوۋنىك (ئىككى بالداق، تۆت يۇلتۇزلۇق)، مۇنداق ھەربىي ئۇنۋانلار باتاليون (دىۋىزىيون) كوماندىرلىرى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىرى، پولك كوماندىرلىرى، ئارمىيە بۆلۈم باشلىقلىرى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىرىغا بېرىلەتتى. بۇ ھەربىي ئۇنۋانلار ئىچىدە ستارشىي پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرىنىڭ قوماندانى (برىگادا كوماندىرى) لېسكىنغىلا بېرىلگەنىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە مۇنداق ھەربىي ئۇنۋان بېرىلىپ باقمىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئىسھاقبەگ مونونوف برىگادىسى بولغان بولسىمۇ، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي سوپاخۇن پولكى، ئەلىيوف پولكى، ھەرەمباغ زاپاس پولكىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇستەقىل پولكقا بۆلۈنۈپ كەتتى.

5) ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان: گېنېرال مايور (بىر چوڭ يۇلتۇزلۇق، ئاي ـ يۇلتۇزلۇق توگمە)، گېنېرال لېيتنانت

(ئىككى چوڭ يۇلتۇزلۇق، يىلان بېغىر، ئاي ـ يۇلتۇزلۇق تۇگمە). ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى گېنېرال پولكوۋنىك، گېنېرال ئارمىيە ھەربىي ئۇنۋانلىرىنى بېرىشنى قارار قىلغان بولسىمۇ، مۇنداق ھەربىي ئۇنۋان ھېچقانداق قوماندانغا بېرىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەربىي ئۇنۋانلار ئەمەلدىن قالدى. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 13 ـ نومۇرلۇق قارارى بويىچە پالىنوف، ئىسھاقبەگ مونونوفلارغا گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ 324 ـ نومۇرلۇق قارارى بويىچە گېنېرال مايور ئىسھاقبەگ مونونوفقا گېنېرال لېيتىناتلىق ھەربىي ئۇنۋانى، دەلىلقان سۇگۇربايوف بىلەن ماژاروفقا گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى، دەلىلقان سۇگۇربايوف بىلەن زۇنۇن تېيىپوف مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

6) ئەڭ ئالىي ھەربىي ئۇنۋان: مارشال. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، بۇ ھەربىي ئۇنۋانىنى تەسىس قىلىش ۋە ئالىي ھەربىي ئاپپارات قۇرۇش توغرىسىدا 114 ـ نومۇرلۇق قارار چىقاردى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بۇ قارارغا ئاساسەن، ئالدى بىلەن ئەركان ھەربىي كېڭەشنى قۇردى، ئېلىخان تۆرىگە مارشاللىق ھەربىي ئۇنۋانىنى بەردى ۋە ئۇنى ئەركان ھەربىي كېڭەشنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئەركان ھەربىي كېڭىشى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوف، گېنېرال مايور پالىنوف، پولكوۋنىك ئەخمەتجان قاسىمى، پودپولكوۋنىك كېرىم ھاجىلاردىن تەركىب تاپتى. ئۇرۇشقا بولغان ھەممە قوماندانلىق ئەركان ھەربىي كېڭەشنىڭ قولىغا ئۆتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچى ئۈچ

يۈنىلىشكە مەركەزلەشتى، جەنۇبىي يۈنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوفقا، ئوتتۇرا يۈنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى گېنېرال مايور پالىنوفقا، شىمالىي يۈنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى گېنېرال مايور دەلېلقان سۇگۇربايوفقا بېرىلدى. بارلىق ھەربىي چارىلەر — ئۇرۇش قىلىش، قوزغىلىش، قايتىش، ئارمىيىنى بۆلۈش، قوراللاندۇرۇش ۋە باشقىلار ئەركان ھەربىي كېڭەشنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ئەركان ھەربىي كېڭەشنىڭ قارارىغا ئاساسەن، قېيۇمبەگ ھاكىموف، سوپاخۇن سۇبۇروف، مەرغۇب ئىسھاقوف، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف، فاتى ئىۋانوۋىچ لېسكىن، موگوتنوف، ئانانىن، مەھەممەتئىمىن ئىمىنوف، نۇسۇپقان كۆنباي، رۇسۇلوف پەخىردىن خوجا، غاپپارخان، غېنى مەھەممەتباقى، ئابلاخان ماخمۇدوف، مەھەممەتجان يۇسۇپوف، ئادىلشاھ، زىيا سەمەدى، رەپىق بايچۇرىن، ئەخمەتجان قاسىمى، قاسىمجان قەمبىرى، بېلىنوف، نەبىجان يۇسۇپ، مەنسۇر لومىيوف، ئېردە بۇلغۇنوف، رەخىمجان سابىر ھاجىيوف، ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجى، نىغمەت ئىنئامجان قاتارلىق 26 كىشىگە پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. پودپولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 50 دىن، مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 60 دىن، پراپورشىكلىق ھەربىي ئۇنۋاندىن كاپىتانلىق ھەربىي ئۇنۋانغىچە بولغان ھەربىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەنلەر 250 دىن ئاشتى. شۇنداق قىلىپ، مىللىي ئارمىيىدە 500 دىن ئوشۇق تاللانتلىق ۋە تەجرىبىلىك ھەربىي، سىياسىي كوماندىرلار بارلىققا كەلدى.

## 2. مىللىي ئارمىيە تەركىبىنىڭ بۆلۈنۈش ئەھۋالى

مىللىي ئارمىيىنىڭ تەركىبى جەڭگىۋار قىسىملار ۋە جەڭگىۋار بولمىغان قىسىملاردىن ئىبارەت بولۇپ، «سترويلۇق بولغان (رەتتىكى) قىسىملار» ۋە «سترويلۇق بولمىغان قىسىملار» دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان ياكى جەڭ تەييارلىقى ئۈستىدە بولۇۋاتقان مۇنتىزىم جەڭگىۋار قىسىملار (پولك، مۇستەقىل باتالىيون، دىۋىزىيون، ئېسكادورونلار) «سترويلۇق بولغان قىسىملار» دەپ ئاتالدى. مانا بۇ ئىككى خىل قىسىمغا بېرىلگەن ئۇنۋان بەلگىلىرى (پاگون، كاكار)مۇ ئوخشىمايتتى. سترويلۇق بولغان قىسىملارنىڭ ئۇنۋان بەلگىلىرى يېشىل دۇخاۋا، سېرىق جىيەكلىك ئىدى، سترويلۇق بولمىغان قىسىملارنىڭ ئۇنۋان بەلگىلىرى قىزىل دۇخاۋا، سېرىق جىيەكلىك ئىدى. ھەربىي نىزامدا ئۇنۋانىغا قاراپ ۋەزىپىگە قويۇش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بەزى ھاللاردا كوماندىرنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى تۆۋەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىزمەت قابىلىيىتى، تەشكىلاتچىلىق تالانتى، جەڭ قىلىش ماھارىتى، تۆھپىسىگە قاراپ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرگە قويۇشقا بولاتتى. مەسىلەن، مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانى باتالىيون دەرىجىلىك، كاپىتانلىق ھەربىي ئۇنۋانى روتا، ئېسكاندورون دەرىجىلىك بولسىمۇ، مۇنداق كوماندىرلار يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، پولك كوماندىرلىقىغا، ئارمىيە باشقارما باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بار بەزى ئوفىتسېرلار باتالىيون كوماندىرى، روتا كوماندىرلىقىغا چۈشۈرۈلۈپ ئىشقا قويۇلدى.

## 3. ھەربىي ۋەزىپىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئاتىلىشى

مىللىي ئارمىيىدىكى ھەربىي كوماندىر ـ جەڭچىنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە ۋەزىپىسى بەلگىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. ۋەزىپە نامىلىرىنىڭ ئاتىلىشى كۆپىنچە خەلقئارا ھەربىي ئاتالغۇلار ئىدى، ئاز بىر قىسىم ئاتالغۇلارلا ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ئاتىلاتتى. شۇ قىسىمنىڭ كوماندىرى قايسى مىللەتتىن بولسا، كوماندا شۇ مىللەت تىلىدا بېرىلەتتى.

1) ئەسكەرلەر كونا ئارمىيىلەردىكىدەك «سولدات»، «چېرىك»، «نۆكەر» دەپ ئاتالماي، «جەڭچى» دەپ ئاتالدى. مۇنداق جەڭچىلەرنى «رادوۋوي» دەپ ئاتاشمۇ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

2) ئەددىلىنىيە (بەن) كوماندىرى «ئەددىلكوم»، مۇئاۋىن ئەددىلىنىيە كوماندىرى «پومئەددىلكوم» دەپ ئاتالدى.

3) ئىزۋوت (پەي) كوماندىرى «كومئىزۋوت»، مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى «پومكومئىزۋوت» دەپ ئاتالدى.

4) روتا (ليەن) كوماندىرى «كومروت»، مۇئاۋىن روتا كوماندىرى «پومكومروت» دەپ ئاتالدى.

5) باتالىيون (يىڭ) كوماندىرى «كومبات»، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى «پومكومبات» دەپ ئاتالدى.

6) ئېسكادورون (ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى) كوماندىرى «كومئېسكادورون»، مۇئاۋىن ئېسكادورون كوماندىرى «پومكومئېسكادورون» دەپ ئاتالدى.

7) دىۋىزىيون (ئاتلىق ئەسكەرلەر، زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى) كوماندىرى «كومدىۋىزىيون»، مۇئاۋىن دىۋىزىيون كوماندىرى «پومكومدىۋىزىيون» دەپ ئاتالدى.

8) پولك (تۆەن) كوماندىرى «كومپولكا»، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى «زامپولكا» دەپ ئاتالدى.

9) شتاب باشلىقى «ناچشتاب»، مۇئاۋىن شتاب باشلىقى «پومناچشتاب» دەپ ئاتالدى.

10) كاتىپ «پىسار»، خوجىلىق ئىشىغا مەسئۇل ئوفىتسېر «زاپخوز»، «پوخوز»، «پومپوخوز»، تەمىناتچى «ۋاخمىستىر»، مۇھاپىزەتچى ئەسكەر «كانىۋوي»، ئالاقىچى «ئوردىنارېس»، كوماندىرنىڭ ياردەمچىسى «ئاديۇتانت»، پوستا تۇرغۇچى «چاسوۋوي» دەپ ئاتالدى.

## 4. قىسىملارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى

مىللىي ئارمىيە باش شتابىدا سىياسىي باشقارما تەسىس قىلىندى، سىياسىي باشقارما باشقارما باشلىقى، بىر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، سەككىز ئىنىسپېكتور ۋە بىر كىنو قويۇش گۇرۇپپىسىدىن تەركىب تاپتى. سىياسىي باشقارمىنىڭ تۇنجى باشلىقى پودپولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئابباسوف بولدى. سىياسىي باشقارما باشلىقلىقىغا 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا توختى ئىبراھىم، 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا زاھىر ساۋدانوف تەيىنلەندى.

پولكلار ۋە پولك دەرىجىلىك قىسىملاردا بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى، تۆت نەپەردىن ئالتە نەپەرگىچە ئىنىستىرۇكتوردىن تەركىب تاپقان سىياسىي بۆلۈم تەشكىل قىلىندى. بۇ بۆلۈم قىسقارتىلىپ «پولىتئەددىل» دەپ ئاتالدى. پولكنىڭ قوماندانلىق تەركىبىدە سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن پولك كوماندىرى قويۇلدى، باتاليون، روتىلاردا سىياسىي رەھبەر (پولىترۇك)، ئىنزۋوت، ئەددىلىنىيلەردە تەشۋىقاتچى (ئاگىتاتور) قويۇلدى. قىسىملارنىڭ سىياسىي تەربىيە،

گېزىتچىلىك، ساۋات چىقىرىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا ئەنە شۇ سىياسىي تارماقلار ۋە خادىملار يېتەكچىلىك قىلدى.

## 5. مىللىي ئارمىيىدىكى دىنىي پائالىيەتلەر

ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا، دىنىي كۈچلەرنىڭ بېسىمىغا ئاساسەن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا دىن ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىملار قويۇلدى. پودپولكوۋنىك داموللا رازىيوف (1893 ~ 1953) ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ دىنىي ئىشلار مەسئۇلى قىلىنىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، پولك ۋە مۇستەقىل باتالىيونلاردا پولك ئاخۇنى، باتالىيون، روتىلاردا ئىمام قويۇلدى. ھەر ھەپتىدە روتىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمغىچە دىن دەرسى ئۆتۈش يولغا قويۇلدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىكى دىنىي خادىملار ئەتىگەندە بامدات نامىزى ئوقۇتۇش، پولك بويىچە مېيىت نامىزى ئوقۇتۇش، باتالىيون بويىچە جۈمە نامىزى ئوقۇتۇش، ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈن مۇراسىملىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى، ھەتتا باش قوماندانغا بېسىم ئىشلىتىلىپ، باياندايدىكى ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ھەپتىدە ئىككى قېتىم دىن دەرسى ئۆتۈش يولغا قويۇلدى.

## 6. قوماندانلىق ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىش ئەھۋالى

ھەرقايسى فرونتلاردىكى قوماندانلىق شتابلىرى تۇراقلىق ئورگان بولماستىن، فرونت قوماندانلىرى، كەسپىي ئوفىتسېرلار (رازۋېدكا، توپوگرافىيە، شتاب، سىياسىي

ئىشلارغا مەسئۇل ھەربىي خادىملار، ئۇرۇش قىلىش ۋە ھەربىي تەييارلىق، تەمىنات ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىملار) دىن ۋە مۇھاپىزەتچى، دازور قىسىملىرىدىن تەركىب تاپقان ۋاقىتلىق قوماندانلىق تەركىبىدىن ئىبارەت ئىدى. ھەربىي خادىملارنىڭ سانى، تۇراقلىق ئورنى جەڭ يۈنىلىشىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇراتتى ۋە گاھ ئاشكارا، گاھ يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتۈپ تۇراتتى.

مىللىي ئارمىيە باش شتاب ئورگىنى مۇكەممەل ۋە تۇراقلىق بولغان ھەربىي ئاپپارات ئىدى. بۇ باش شتاب ئورگىنى فرونت قوماندانلىق شتابلىرىنى، بىۋاسىتە قاراشلىق مۇنتىزىم جەڭگىۋار قىسىملارنى ئاساسىي بىرلىك قىلغان ئاپپارات ئىدى. باش شتاب ئورگىنى تۆۋەندىكى خادىملاردىن تەركىب تاپقانىدى:

1) باش قوماندان، مۇئاۋىن باش قوماندانلار: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپتە قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابىدا پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندروف باش قوماندان، ۋالودە مۇئاۋىن باش قوماندان بولدى. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى رەسمىي قۇرۇلغاندا، گېنېرال مايور ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوف مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى، گېنېرال مايور ئىسھاقبەگ مونونوف، پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوفلار مۇئاۋىن باش قوماندان بولدى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گېنېرال لېيتنات ئىسھاقبەگ مونونوف مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى، پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوف، گېنېرال مايور دەلېلقان سۇگۇربايوفلار مۇئاۋىن باش قوماندانى، پولكوۋنىك ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش قوماندانى بولدى.

2) باش شتاب باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باش شتاب باشلىقى: دەسلەپ گېنېرال مايور ۋ. مازاروف، كېيىن پولكوۋنىك موگوتنوف باش شتاب باشلىقى بولدى، پولكوۋنىك رۇسۇلوف

پەخىردىن خوجا، مايور نىكولايېۋ، مايور ئەسئەت ئىسهاقوفلار نۆۋەتلىشىپ مۇئاۋىن باش شتاب باشلىقى بولدى.

3) باش قوماندان ۋە باش شتابنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى: پولكوۋنىك ئەخمەتجان قاسىمى، پولكوۋنىك فاتى ئىۋانوۋىچ لېسكىن، پولكوۋنىك ئالېكساندېر ئىۋانوۋىچ، پولكوۋنىك ئىسلامبېك، پودپولكوۋنىك سەيدەخمەتوفلار.

مىللىي ئارمىيە باش شتابى تۆۋەندىكى بۆلۈملەر، مەمۇرىي ئورگانلار ۋە بىۋاستە قاراشلىق شۆبە مۇئەسسەسەلەردىن تەركىب تاپتى:

1) ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمى ئالتە نەپەر ئىنىستىرۇكتوردىن تەركىب تاپتى، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ پودپولكوۋنىك تۇردىيوف ئابدۇرېشىت، مايور نىكولايېۋ، پودپولكوۋنىك دېنىسوفلار بۆلۈم باشلىقى بولدى.

2) سىياسىي بۆلۈم سەككىز نەپەر ئىنىستىرۇكتوردىن تەركىب تاپتى، دەسلەپتە بۇ بۆلۈمنىڭ خىزمىتىگە پودپولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئابباسوف، مايور ئىمىنوف مەھەممەتئىمىنلار رىياسەتچىلىك قىلدى، 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن ئېتىبارەن پورۇچىك ئىبراھىموف توختى بۆلۈم باشلىقى، مايور داموللا رازىيوف مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولدى، 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن ئېتىبارەن مايور ساۋدانوف زاھىر بۆلۈم باشلىقى بولدى.

3) ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمى بەش نەپەر ئىنىستىرۇكتوردىن تەركىب تاپتى، بۆلۈم باشلىقلىقىنى پولكوۋنىك رەيىق بايچۇرىن، پودپولكوۋنىك ئىمىنوف مەھەممەتئىمىنلار ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى.

4) قۇرۇلۇش (تەشكىلات) بۆلۈمى 12 نەپەر ئىنىسپېكتوردىن تەركىب تاپتى، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ كاپىتان شېيكىن، كاپىتان رېشات نۇرساپا، پورۇچىك خەمىت كەنجىلەر بۆلۈم باشلىقى بولدى. قوماندانلىقنىڭ ھەممە بۇيرۇق، ئەمىر ـ

پەرمانلىرى مۇشۇ بۆلۈم ئارقىلىق چىقاتتى.

5) رازۋېدكا بۆلۈمى توققۇز نەپەر رازۋېدكا خادىمىدىن تەركىب تاپتى، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ پولكوۋنىك شۇمۇتۇك، مايور يەسوكەي، پولكوۋنىك زىيا سەمىدى، مايور يەھيالار بۆلۈم باشلىقى بولدى.

6) خوجىلىق بۆلۈمى 13 خادىمدىن تەركىب تاپتى، بۆلۈم باشلىقلىقىنى پودپولكوۋنىك كاۋالىيوف، پودپولكوۋنىك گولۇبىخلار ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى.

7) قورال ـ ياراغ بۆلۈمى يەتتە نەپەر ئىنىسپېكتوردىن تەركىب تاپتى، كاپىتان جامىخان يولداشوف، پورۇچىك نىكولاي تېموشىنكولار بۆلۈم باشلىقى بولدى.

8) رادىستلار بۆلۈمى 21 رادىستتىن تەركىب تاپتى، بۆلۈم باشلىقلىقىنى كاپىتان تىكاچېنكو، پورۇچىك ناتاشالار ئۈستىگە ئالدى.

9) ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى مىللىي ئارمىيە باش شتابى بوينچە دائىرىسى، بۆلۈمنە تۆرلىرى ئەك كەك بىر لىنىيا سىستېمىسى بولۇپ، ترانسپورت ئاپتوموبىل كالونى، ھەربىي كىيىم ـ كېچەك كارخانىسى، ھەربىي قورال ـ ياراغ رېمونت كارخانىسى، ماددىي ئەشيالارنى ھازىرلاش شىركىتى، غەنىيمەت مال ئىدارىسى قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇ بۆلۈم دائىرىسىدە ھۈنەرۋەن، كاسىپ، خوجىلىق خادىمىدىن 400 دىن كۆپرەكى، شوپۇر، رېمونتچىدىن 180 دىن كۆپرەكى بار ئىدى. بۇ ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىگە پولكوۋنىك ئادىلشاھ، پودپولكوۋنىك كامالىدىن، پولكوۋنىك سېرگېيېف قاتارلىق كىشىلەر رىياسەتچىلىك قىلدى. مىللىي ئارمىيىدە بۇ ئارقا سەپ تەمىنات لىنىيىسىدىن شىرت، شىخو، دۆربىلجىن، موڭغۇلكۈرە، سارسۇمبە قاتارلىق جايلاردا شۆبە ھەربىي تەمىنات بازىلىرى بار ئىدى.

مىللىي ئارمىيە باش شتابى قارمىقىدا ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق تۆۋەندىكى قىسىملار ۋە شۆبە مۇئەسسەسەلەر بار ئىدى:

1) ئوفىتسېرلار مەكتىپى. بۇ مەكتەپ دەسلەپ 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا چىلپەنزە ناھىيىسىدە قۇرۇلدى، شۇ قېتىمدا پارتىزانلار ئەترىتى ئوفىتسېرلىرىدىن 60 ى بۇ مەكتەپتە تەربىيىلەندى، شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپ ئورنى باياندايدىكى كونا ھەربىي گازارمىغا يۆتكەلدى. ئوفىتسېرلار مەكتىپى ئازادلىققا قەدەر جەمئىي ئالتە قارار ئېچىلىپ، مىللىي ئارمىيىگە 360 دىن ئارتۇق تالانتلىق كوماندىرلار يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ پودپولكوۋنىك تۇردىيوف ئابدۇرېشىت، پودپولكوۋنىك گولۇبىخ، مايور ھۇسەيىن غازى، مايور ۋالىنوفلار مەكتەپ مۇدىرلىقىنى، كاپىتان توختى ئىبراھىموف، مايور نۇر سادىروفلار سىياسىي رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ مەكتەپتە تۇردىيوف مۇتەللىپ، قاسىموف توختى، نۇرىيوف ئەنۋەر، مەسۇمجان زۇلپىقاروف، ئەسپەروف غوپۇر، ئوسمانوف ئابدۇراخمان قاتارلىق مول ھەربىي بىلىمگە ئىگە ئوفىتسېرلار ئوقۇتقۇچى بولدى.

2) ھەربىي گوسپىتال قارمىقىدىكى تېببىي كۇرس. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 1945 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى 154 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ داۋالاش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن ھەربىي گوسپىتال قارمىقىدا تۇنجى قارارلىق تېببىي كۇرس ئۇيۇشتۇرۇلدى. كۇرس مۇدىرلىقىنى روزىباقىيوف ئۈستىگە ئالدى. روزىباقىيوف، دوختۇر نىغمەت ئىنئامجانوف، دوختۇر شامىل، فېلدشېر مىنسئوف، فېلدشېر شاھ مۇھەتلار ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى. ئالتە ئايلىق كۇرس داۋامىدا، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا 60 نەپەر

تالانتلىق فېلدشېر يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېببىي كۇرس ھەربىي تېببىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى، ئىككى يىل ئىچىدە ھەربىي تېببىي مەكتەپكە تۆت قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 250 كە يېقىن فېلدشېر، ئاكۇشېركا ۋە سېسترا يېتىشتۈرۈلدى. مەكتەپ مۇدىرلىقىنى پولكوۋنىك نىغمەت ئىنىئامجانوف، مايور شەپىقەلەر ئۈستىگە ئالدى، سىياسىي رەھبەرلىكنى نۇرىيوف خەمىت ئۈستىگە ئالدى. بۇ مەكتەپ ئازادلىققا قەدەر داۋام قىلدى.

3) شترافنوي روتا (تەنبىھ بېرىش روتىسى). بۇ جازالانغان، سوتلانغان ھەربىيلەرنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرى بولۇپ، كاپىتان ئوسمانوف ئابدۇراخمان روتا كوماندىرى بولدى. بۇ روتا غۇلجا شەھىرىدىكى توپىدەڭگە ئورۇنلاشتى. بۇ روتا ھەربىي سوت مەھكىمىسىگە بىۋاستە قارايتتى.

4) كومېنداتۇرا. بۇ شەھەر گارنىزونى قوماندانلىق شتابىنىڭ كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان ھەربىي ئورگىنى بولۇپ، بىر نەپەر كومېندانت (گارنىزون باشلىقى)، بىر نەپەر پولىترۇك، بىر نەپەر كوماندىردىن تەركىب تاپتى. بۇ ھەربىي ئورگان شەھەرنىڭ خەۋپسىزلىكى، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ شەھەردىكى ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولۇپ، قالايمىقانچىلىق چىقارغان ھەربىيلەر (ئوغرىلىق، باسقۇنچىلىق، قاتىللىق قىلغانلار، ھاراق ئىچىپ جېدەل ـ ماجىرا پەيدا قىلغان، بۇلاڭچىلىق قىلغانلار) نى قولغا ئېلىش، سوراق قىلىش، ئۆز ئورنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەتتى، كېچىلىرى پاترۇللۇق خىزمىتىنى ئۆتەيتتى، قاچقۇن بولۇپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلەرنى تۇتۇپ، قانۇنىي ئورۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى، باش قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇرۇش ھالىتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە مەسئۇل بىرلاتتى. غۇلجا، چۆچەك، سارسۇمبە قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ھەربىي گارنىزون قوماندانلىق شتابى

قۇرۇلدى. شەھەر كومېنداتۇرىلىرىدا بىر ئىزۋوتتىن بىر روتىغا قەدەر جەڭچى (30 ~ 120 ئادەم) ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ئۈچ شەھەردە ئۈچ كومېنداتۇرا تەشكىل قىلىندى. غۇلجا شەھەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى گېنېرال مايور ماژاروف، چۆچەك گارنىزونىنىڭ قوماندانى پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوف، سارسۇمبە گارنىزونىنىڭ قوماندانى گېنېرال مايور دەلېلقان سۇگۇربايوفلار بولدى. غۇلجا شەھەر كومېنداتۇرىسى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇنتىزىم قىسىم بىر روتىدىن ئاشاتتى. بۇ قىسىمغا مايور ھۇسەيىن غازى، كاپىتان ئىمىنجان قاتارلىق كىشىلەر مەسئۇل بولدى.

5) ھەربىي تۇرا (قوراللىق خىزمەت بۆلۈمى). بۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالارنى ئەسكەر بولۇشقا سەپەرۋەر قىلىش چاقىرىقىغا بىنائەن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان ئورگىنى بولۇپ، 1945 - يىلى 1 - ئايدا ھەرقايسى ناھىيىلەردە قۇرۇلدى. بۇ ھەربىي تۇرالار ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ھەربىي بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. قىسقىغىنا ئالتە ئاي ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە 20 دىن ئوشۇق ھەربىي تۇرا قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىش، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر ۋە مەجرۇھلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، كاپالەتسىز قالغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ياردەم بېرىش، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا ياردەمدە بولۇش ئىدى. ھەرقايسى ھەربىي تۇرالاردا ئەھۋالغا قاراپ ئەسكەر قوبۇل قىلىندىغان ئىككىدىن بەشكىچە دائىمىي ھەربىي خادىم خىزمەت قىلاتتى.

6) ھەربىي پروكۇراتۇرا (ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى). مىللىي ئارمىيىدە قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئەركان ھەربىي كېڭەشنىڭ قارارىغا ئاساسەن ھەربىي پروكۇراتۇرا قۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ھەربىي پروكۇراتۇرىنىڭ باشلىقلىقىغا پولكوۋنىك غېنى مەھەممەتباقى، مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا پودپولكوۋنىك بېلىنوف بەلگىلەندى. ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا پولكوۋنىك ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجى، مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا پولكوۋنىك موگوتنوف بەلگىلەندى.

7) باش ھەربىي ۋېتېرىنارىيە. ھەربىي ئات ـ ئۇلاغلارنى ۋە ھايۋانلارنى داۋالاش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە باش شتابى قارمىقىدا باش ھەربىي ۋېتېرىنارىيە قۇرۇلدى، بۇنىڭغا مايور ئاتاۋۇللا مەسئۇل بولدى. پولكتىن يۇقىرى قىسىملاردا، بولۇپمۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسىملىرىدا مال دوختۇرخانا قۇرۇلدى. بىرقانچە قېتىم ۋېتېرىنارىيە كۇرسى ئېچىلىپ، 40 دىن ئوشۇق مال دوختۇر يېتىشتۈرۈلدى.

8) باش ھەربىي گوسپىتال ۋە فرونت ھەربىي گوسپىتاللىرى. غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنىشى بىلەن تەڭلا مىللىي ئارمىيىدە باش ھەربىي گوسپىتال، ھەرقايسى فرونت قوماندانلىق شتابلىرىدا فرونت ھەربىي گوسپىتاللىرى قۇرۇلدى، قىسىملاردا بولسا، ساقلىق ساقلاش بۆلۈمى قۇرۇلدى. ھەرقايسى گوسپىتاللارنىڭ خىزمىتىگە ئاتاقلىق دوختۇرلاردىن پولكوۋنىك روزىباقىيوف، پولكوۋنىك نىغمەت ئىنئامجانوف، پودپولكوۋنىك ئابلەت، مايور خەيبولىن، شامىل، مايور شەپىقەلەر يېتەكچىلىك قىلدى.

## 7. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارمىيىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلغار ئىدىيە ۋە سىياسىي

مەنپەئەت ئاساس قىلىنىپ، ئارمىيە بويىچە ئۇلغار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە كەڭ يول ئېچىپ بېرىلدى.

1) 1946 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، مىللىي ئارمىيە باش شتابىدا ھەربىيلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىغا قاراشلىق ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ھەربىي كومىتېتى قۇرۇلدى. ھەربىي كومىتېت توختى ئىبراھىم، نۇرىيوف خەمىت، ئەخمەت زاھىدى، بالقاش، رەپىق بايچۇرىن، خەمىت كەنجى، رىشات نۇرساپالاردىن تەركىب تاپتى، توختى ئىبراھىم ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مىللىي ئارمىيىدىكى پولكلار، مۇستەقىل باتالىيونلار ۋە دىۋىزىيونلاردا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ كومىتېتلىرى، باتالىيون، روتىلاردا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ياچېيكىلىرى قۇرۇلدى، جەمئىي 21 كومىتېت، 60 ياچېيكا قۇرۇلدى، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى 16 مىڭغا يەتتى. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىدا يولغا قويۇلغان ئۆگىنىش ۋە قانات يايدۇرۇلغان ھەرخىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق ياشلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاشتى.

2) 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىغا ئايلاندى. مىللىي ئارمىيە باش شتابىدا ئىتتىپاقنىڭ ھەربىي كومىتېتى قۇرۇلدى، پولكوۋنىك ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف ھەربىي كومىتېت رەئىسى بولدى.

3) مىللىي ئارمىيىدىكى چوڭراق قىسىملاردا سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلدى. خەلق ئارىيىدىكى سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن بىرقانچە ئون يىگىت ـ قىز سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتناشتى. مەسىلەن، قۇربان ئۆمەر، چىمەنگۈل، تۇرانقىز، ھەجەر، سەنەۋەر خانىم، ئامىنە قاتارلىق تالانتلىق ئارتىسلار مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە روھىي ئىنئىۋېر بولۇپ قالدى.

## 8. قەھرىمانلىقنى ئايرىشتا قوللىنىلغان نامىلار

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، پارتىزانلار ئەترەتلىرى مۇنتىزىم قوراللانغان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلانغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، پارتىزانلار ئەترەتلىرى يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە، چېچىلاڭغۇ ھالەتتىن مۇنتىزىم ھالەتكە، بىر دائىرىلىك ھەرىكەتتىن كەڭ دائىرىلىك ھەرىكەتكە، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ غايىب بولۇشتىن ئاشكارا ھۇجۇم قىلىپ، بازا (سەپ) قۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۆتۈشتەك بىر جەرياننى باشتىن كەچۈردى. پارتىزانلار جەڭگە قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى قەيسەرلىك بىلەن نامايان قىلغان كوماندىرلارنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلىدى ۋە ئۇلارنى «باتۇر» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن، «غېنى باتۇر ئەترىتى»، «پاتىخ باتۇر ئەترىتى»، «ئەكبەر باتۇر ئەترىتى»، «مومۇزا باتۇر ئەترىتى»، «لومىيوف باتۇر ئەترىتى»، «دەلىلقان باتۇر ئەترىتى»، «ئىردە باتۇر ئەترىتى»، «سېرىيوژا گېروي ئەترىتى»، «مەخپىر تۆرە ئەترىتى»، «بالتىيوف ئەترىتى»، «مەھەممەت يۇسۇپجان ئەترىتى»، «نۇرۇم باتۇر ئەترىتى»، «مۇساجان ئەترىتى»،

«قازىقان ئەترىتى»، «ھوشۇر باتۇر ئەترىتى»، «ئوسمان باتۇر ئەترىتى»، «ئاببasوف ئەترىتى»، «ئابدۇللا سۇلتان ئەترىتى»، «دېنىسوف ئەترىتى» قاتارلىق 50 ـ 60 قوراللىق پارتىزانلار ئەترىتى جايلاردىكى جەڭلەرگە قاتناشتى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، پارتىزانلار ئەترەتلىرى ئاساسىدا مۇنتىزىملاشقان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەن «باتۇر» دېگەن ئاتاق يېزىق تىلىدا ئەمەلدىن قېلىپ، «كۈرەش قەھرىمانى»، «جەڭ قەھرىمانى»، «مىللىي قەھرىمان» دېگەنناملار قېلىپلاشتى. كوللېكتىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلەر «قەھرىمان گۇرۇپپا»، «زەربىدار روتا» دەپ، جەڭچىلەر «جەڭ قەھرىمانى»، «ئەمگەك قەھرىمانى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. مەسىلەن، مەتبۇئاتتا «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى» دەپ ئاتالغانلاردىن رىزۋانگۈل، غېنى باتۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نۇرۇم باتۇر، ئوسمان باتۇر، ھوشۇر باتۇر، سوپاخۇن، زىخرۇللام قاتارلىقلار؛ «قازاق خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى» دەپ ئاتالغانلاردىن ئەكبەر باتۇر، سېيىت باتۇر، دەلىلقان باتۇر، ئۇنان باتۇر، قازىقان باتۇر، بولات قادىر باتۇر قاتارلىقلار؛ «قىرغىز خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى» دەپ ئاتالغانلاردىن ئىسھاقبەگ باتۇر، ئەخمەت باتۇر؛ «خۇيزۇ خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى» دەپ ئاتالغانلاردىن مەنسۇر باتۇر، كېرىم ھاجى باتۇر، مومۇزا باتۇر؛ «موڭغۇل خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى» دەپ ئاتالغانلاردىن داششاپ باتۇر، ئىردە باتۇر؛ «شىبە خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى» دەپ ئاتالغانلاردىن بايىنتۇ، شۇمۇتۇڭ، باۋسەن؛ «تاتار خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى» دەپ ئاتالغانلاردىن پاتىخ باتۇر، بايچۇرىن باتۇر؛ «رۇس خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى» دەپ ئاتالغانلاردىن پالىنوف، لېسكىن، لاپشىن قاتارلىقلار بار. ئازادلىقتىن كېيىن، سابىق مىللىي

ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن زىنخرۇللام نادىروف «مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانى» دېگەن نامغا، قۇربانوف توختى «مەملىكەتلىك ئەمگەك قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. قۇربانوف توختى 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاق ئۆستەڭ قۇرۇلۇش ئورنىدا ئالتە كۆپمېتىر توپا قېزىش ۋەزىپىسىنى 26 كۆپمېتىرغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ، ئۆستەڭ كولاشتا رېكورت ياراتتى. زىنخرۇللام نادىروف بىلەن قۇربانوف توختى، مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانلىرى ۋە ئەمگەك قەھرىمانلىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

## 9. تەسىس قىلىنغان ئوردېن، مېداللار

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ئەركان ھەربىي كېڭەشنىڭ 3 ـ نومۇرلۇق قارارىغا بىنائەن بىرقانچە ئوردېن ۋە مېدال تەسىس قىلىندى. بۇ ئوردېن، مېداللار قانۇنىي يوسۇندا بېكىتىلىپ، ھەربىي ۋە مۇلكىي خادىملار ئارىسىدا قوشقان تۆھپىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ تارتۇقلاش رەسمىي يولغا قويۇلدى. مۇنداق تارتۇقلاش تۇنجى قېتىم 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى (ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قۇرۇلغان كۈنى) ۋە 1945 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى (ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى خاتىرە كۈنى) ئۆتكۈزۈلۈپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ۋە كۆرەش قەھرىمانلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تارتۇقلاندى. مۇشۇ ئىككى قېتىمدا 1000 دىن ئوشۇق ھەربىي ۋە مۇلكىي خادىم تارتۇقلاندى. شۇ چاغدا تەسىس قىلىنغان

ئوردېن، مېداللار توۋەندىكىچە:

1) «ئازادلىق» ئوردېنى. بۇ ئوردېن ئالتۇندىن قۇيۇلغان، ئوردېنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇز بار، بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزنى ھىلال ئاي ئوراپ تۇرىدۇ. «ئازادلىق» ئوردېنى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن قوماندانلار ۋە رەھبەرلەرگە بېرىلدى.

2) «ئىستىقلالىيەت I» ئوردېنى. بۇ ئوردېنمۇ ئالتۇندىن قۇيۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسى ئاي - يۇلتۇزلۇق دۈگىلەك ئىدى. بۇ ئوردېن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن كوماندىرلار ۋە مەسئۇل خادىملارغا بېرىلدى.

3) «ئىستىقلالىيەت II» ئوردېنى. بۇ ئوردېن يۇقىرىقى خادىملار ئىچىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلدى.

4) «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت» ئوردېنى (قىسقارتىلىپ «‹جۇمھۇرىيەت› ئوردېنى» دەپ ئاتىلىدۇ). ئوتتۇرىسىغا ئاي - يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن بۇ دۈگىلەك ئوردېن ئالتۇندىن قۇيۇلغان ئەڭ ئالىي ئوردېن ئىدى. بۇ ئوردېن 1946 - يىلى 5 - ئايدا ئەركان ھەربىي كېڭىشىنىڭ قارارى بويىچە تەسىس قىلىندى. بۇ ئوردېن بىرىنچى تۈركۈمدە ئېلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى، غېنى مەھەممەتباقى، پاتىخ مۇسلىموف، ئىسھاقبەگ مونونوف، دەلېلقان سۇگۇربايوف قاتارلىق كىشىلەرگە بېرىلدى.

5) «باھادۇرلۇق ئۈچۈن» مېدالى. بۇ مېدال كۈمۈشتىن قۇيۇلغان يېشىل رەڭلىك مېدال بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا ئاي - يۇلتۇز، چۆرىسىگە بۇغداي باشقى چۈشۈرۈلگەنىدى. بۇ مېدال ئالدىنقى سەپتە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلدى.

6) «پىدائىي» مېدالى. بۇ مېدال كۈمۈشتىن قۇيۇلغان ئاي - يۇلتۇزلۇق سىدام مېدال ئىدى. بۇ مېدال ئۆز

ئىختىيارلىقى بىلەن پىدائىي بولۇپ پارتىزانلار ئەترىتى ۋە مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ، جان ـ پىدالىق كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلدى.

(7) «ساداقەت» مېدالى. بۇ مېدال كۈمۈشتىن قۇيۇلغان سىدام ئاق مېدال ئىدى. بۇ مېدال ئىنقىلابقا ساداقەتلىك بىلەن كۈچ قوشقان كىشىلەرگە بېرىلدى.

## 10. باھالاپ بېكىتىش كومىسسىيىسى

1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، مىللىي ئارمىيە باش شتابىدا مۇكاپاتلاش، ھەربىي ئۇنۋان بېرىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مىللىي ئارمىيە باھالاپ بېكىتىش كومىسسىيىسى قۇرۇلدى. بۇ كومىسسىيە پولكوۋنىك ئىمىنوف مەھەممەتئىمىن، پودپولكوۋنىك شۇمۇتۇلۇك، كاپىتان توختى ئىبراھىملاردىن تەركىب تاپتى، توختى ئىبراھىم كومىسسىيە باشلىقلىقىغا بەلگىلەندى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىن تارتۇقلانغۇچى ۋە ھەربىي ئۇنۋان بېرىلگۈچىنىڭ لاياقەتلىك ماتېرىيالى ئەۋەتىپ بېرىلگەندىن كېيىن، باھالاپ بېكىتىش كومىسسىيىسى قاراپ چىقىپ بېكىتەتتى. ئوردېن بىلەن تارتۇقلىنىدىغانلار، مايوردىن يۇقىرى ھەربىي ئۇنۋان بېرىلىدىغانلارنى باش قوماندان تەستىقلايتتى ياكى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە يوللىنىپ تەستىقلىتىلاتتى. مېدال بىلەن تارتۇقلىنىدىغانلار، كاپىتاندىن تۆۋەن ھەربىي ئۇنۋان بېرىلىدىغانلارنى باش شتاب باشلىقى تەستىقلايتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، مىللىي ئارمىيىدە پەخرىي يارلىق بىلەن مۇكاپاتلاشمۇ يولغا قويۇلدى. مىللىي ئارمىيىنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ، ماددىي، مەنىۋى جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان يۇرت

مۆتىۋەرلىرى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئەنە شۇ پەخرىي يارلىق بىلەن مۇكاپاتلىناتتى.

## 11. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاساسىي فورمىسى ۋە پاگون، كاكار قۇرۇلمىسى

1) جەڭچىلەرنىڭ يازلىق ۋە قىشلىق فورمىسى. جەڭچىلەرنىڭ يازلىق كىيىمى گىمناستيوركا بىلەن گەلەپى شىم، ئۆتۈك ياكى ئىسكارخوت (باجىڭگىر) ئىدى، بېشىغا ئىسپانكا ياكى شەپكە كىيەتتى، بېلىگە كۆن بەلۋاغ باغلايتتى، بويىنىغا پاترونتاش (ئوق خالتىسى) ۋە باكلاشكا (سۇدان) ئاساتتى. يازلىق كىيىم ماش رەڭلىك تىرىكىدىن تىكىلەتتى. قىشلىق كىيىم بولسا، شىرىما پاختىلىق تۇجۇركا ـ شىم، ئۆتۈك ياكى پىيما، جۇۋا، تېرە قۇلاقچىدىن ئىبارەت ئىدى.

2) ئوفىتسېرلارنىڭ يازلىق ۋە قىشلىق فورمىسى. ئوفىتسېرلارنىڭ كىيىمى ئادەتتىكى مەشغۇلات كىيىمى ۋە بايراملىق كىيىمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىدى. بايراملىق كىيىم ماش رەڭلىك سارجا، قارا كۆك سارجىدىن تىكتۈرۈلگەن كىتېل ئىدى. مۇنداق كىتېللەرنىڭ شىمىنىڭ يان قىرى قىزىل جىيەكلىك، چاپاننىڭ ياقىسى، يېڭىنىڭ تۆۋەن تەرىپى قىزىل جىيەكلىك، شەپكىنىڭ تۆپە قاسقىنىنىڭ گىرۋىكى قىزىل جىيەكلىك ئىدى. كىتېل كىيگەندە كۆن بەلۋاغ تاقالمايتتى، گىمناستيوركا، جۇۋا كىيگەندە كۆن بەلۋاغ تاقىلاتتى. قىشتا ئوفىتسېرلارغا شىنىل بېرىلەتتى. ئوفىتسېرلار بېلىگە قورال ـ ياراغ بەلۋىغى تاقايتتى، يان قورال ۋە ھۆججەت ساقلايدىغان كۆن سومكا ئاساتتى.

3) پاگون ۋە كاكار. پاگون يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك

ئىدى، كاكارغا ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ گېربى، يەنى ئوتتۇرىسى ئاي ـ يۇلتۇز، چۆرىسى بۇغداي باشىقىدىن ئىبارەت كۆك رەڭلىك گېرب چۈشۈرۈلگەنىدى.

## 12. مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى قىسىملارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئاتىلىشى

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن باشلاپلا، ئارمىيە تەركىبى جەڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇردى. مىللىي ئارمىيە ئادەم سانى، ئاتاق، قوماندانلىق تەركىبى جەھەتلەردە جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. جىددىي جەڭ باسقۇچلىرىدا مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر، ئارقا سەپ خادىملىرىنىڭ سانى 40 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇرۇش پەسەيگەن چاغلاردا ئادەم سانى 20 مىڭدىن كۆپرەككە چۈشۈپ قالدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇنتىزىملاشقان قىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1) پىيادە ئاتقۇچ قىسىملار: بۇ قىسىملار روتىدىن پولكقا قەدەر ئىدى، پولك تەركىبىدە مەخسۇس قىلىچلىقلار ئېسكادرونى، ئېغىر پىلىموتچىلار ئېسكادرونى، مىناميوتچىلار ئېسكادرونى بار ئىدى. بۇلار شىخو 1 ـ ئاتقۇچ پولك (پولك كوماندىرى مەرغۇپ ئىسھاقوف)، ئازاد نىشانلىق 2 ـ ئاتقۇچ پولك (پولك كوماندىرى پولكوۋنىك ئانانىن، يۇسۇپوف مەھەممەتجان)، چۆچەك ئاتقۇچ پولك (پولك كوماندىرى پولكوۋنىك ماخمۇدوف ئابلاخان)، غۇلجا زاپاس پولك (پولك كوماندىرى مايور شەرىپوف، پولكوۋنىك ئابلاخان) تىن ئىبارەت تۆت پولك بولۇپ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ سانى 8000 دىن ئاشاتتى.

2) ئاتلىق قىسىملار ۋە يېرىم ئاتلىق قىسىملار: مۇنداق ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكلىرى قىلىچلىقلار ئېسكادرونى، ئېغىر پىلىموتچىلار ئېسكادرونى، مىناميوتچىلار ئېسكادرونى، يېنىك زەمبىرەكچىلەر ئېسكادرونى (ئارتىللېرىيە ئېسكادرونى) دىن تەركىب تاپاتتى. بۇلار قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى (پولك كوماندىرى پولكوۋنىك نۇسۇپقان)، ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى (پولك كوماندىرى پولكوۋنىك ئىمىنوف مەھەممەتئىمىن، مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىرى ئابلىز رەخىموف، ئاخۇنوف ئەخمەت، بۇ پولك 1947 ـ يىلى باندىت قالىبېك، تاكىمانلارنىڭ توپىلىڭى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ساۋەندىكى 2 ـ باتالىيون ئاساسىدا قۇرۇلغاندى)، سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى (پولك كوماندىرى پولكوۋنىك بەدەلقان سۇگۇربايوف، مايور سالاھىدىن سىدىق)، ئارالتۆپە يېرىم ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى (پولك كوماندىرى پولكوۋنىك ئەلىيوف خەمىت)، كۇرە ـ كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى (بۇ پولك ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونى، ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، پولك كوماندىرى پولكوۋنىك سوپاخۇن، مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىرى پودپولكوۋنىك مالىك، مايور ھەمدۇللا قۇربانوف، مايور ئامانتۇر بايزاقوف) دىن ئىبارەت، بۇ بەش پولكنىڭ ئادەم سانى 6000 دىن ئۇشۇق ئىدى.

3) مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونلىرى، مۇستەقىل باتالىيونلار: ① ئارتىدىۋىزىيون. ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۆزگەرمەي ئۆز رولىنى داۋاملىق جارى قىلىپ كەلگەن بۇ پولك دەرىجىلىك قىسىم زەمبىرەكچىلەر، زېنىت توپچىلار، ئېغىر مىناميوتچىلاردىن ئىبارەت ئۈچ روتىدىن تەركىب تاپقان (كوماندىرلىرى مايور ئەسئەت تېيىپوف، مايور پوروخوفلار. ئاتاقلىق يازغۇچى تۇردى ساماساق بۇ قىسىمدا رەھبەرلىك

خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان) . ② مۇستەقىل موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى. بۇ دىۋىزىيون ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونىدىن تەركىب تاپقان (دىۋىزىيون كوماندىرى پودپولكوۋنىك بۇلغۇنوف ئىردە) . ③ مۇستەقىل خۇيزۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى. بۇ دىۋىزىيون ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادورونىدىن تەركىب تاپقان (دىۋىزىيون كوماندىرى پولكوۋنىك مەنسۇر لومىيوف، مۇئاۋىن دىۋىزىيون كوماندىرلىرى مومىزا، ھەسەن ۋالىم؛ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، بۇ دىۋىزىيون شىخودىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قوشۇۋېتىلدى، پولكوۋنىك مەنسۇر لومىيوف ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بانكا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى) . ④ شىبە مۇستەقىل باتاليونى. بۇ باتاليون جىڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلاردا ئاجايىپ قەھرىمانلىق مۆجىزىلىرى يارىتىپ، نۇرغۇن قۇربانلارنى بەردى (باتاليون كوماندىرلىرى مايور بايىنتۇ، شۇمۇتۇڭ، شىڭ سەن، باۋسەن) .

1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى 12 مىڭغا قىسقارتىلىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئالتە پولك ۋە بىر ئارتىدىۋىزىيوندىن تەركىب تاپتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنغانلىقتىن، مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى قىسىملار ۋە ئادەم سانى يەنە بۇرۇنقى ھالەتكە كەلدى.

## 13. مىللىي ئارمىيىنىڭ قوللانغان پاروللىرى

مىللىي ئارمىيە رازۋېدكا پارولى، دىجورنىلىق پارولى،

ئۇرۇش ھالىتى ۋاقتىدىكى جەڭ مەيدانى پارولى قاتارلىق پاروللارنى قوللاندى. پارول تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە بولدى: ① ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ ناملىرى ئاساس قىلىنغان پارول. مەسىلەن، يولۋاس ـ قوي، شىر ـ ئۆچكە، ئارسلان ـ قوچقار، ئايغىر ـ ھاڭگا ۋە باشقىلار. ② قۇشلارنىڭ نامىلىرى ئاساس قىلىنغان پارول. مەسىلەن، بۈركۈت ـ كەپتەر، لاچىن ـ قارىغوجا، بۇلبۇل ـ تورغاي، قارغا ـ سېغىزغان ۋە باشقىلار. ③ يەر ـ جاي ۋە شەھەرلەرنىڭ نامىلىرى ئاساس قىلىنغان پارول. مەسىلەن، تەڭرىتاغ ـ خانتەڭرى، غۇلجا ـ تولى، ساۋەن ـ ئورمانباغ، چۆچەك ـ قاراقۇرۇم ۋە باشقىلار. ④ سۈپەت نامىلىرى ئاساس قىلىنغان پارول. مەسىلەن، پالۋان ـ قەيسەر، باتۇر ـ جۈرئەت، قەھرىمان ـ جاھىل، گېنېرال ـ راداۋوي ۋە باشقىلار.

پارول سوئال ـ جاۋابتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر سورالغان سوئالغا توغرا جاۋاب بېرەلمىسە، قارشى تەرەپ شۇ ھامان ھەربىي ئىنتىزام بويىچە باشقۇرۇلۇپ كېتەتتى، قارشىلىق قىلغانلار ياكى قاچقانلار شۇ ھامان ئېتىپ تاشلىناتتى.

## 14. مىللىي ئارمىيىنىڭ كوماندىسى

مىللىي ئارمىيىنىڭ كوماندا تىلى ھەرقايسى قىسىملارنىڭ مىللەت تەركىبىگە قاراپ بەلگىلىنەتتى. بىر قىسىمدا ئۇيغۇرلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولسا، كوماندا ئۇيغۇر تىلىدا، قازاقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولسا، كوماندا قازاق تىلىدا بېرىلەتتى، قوماندانلىق تەركىبىدە رۇسلار كۆپرەك بولغان قىسىملاردا بولسا، كوماندا رۇس تىلىدا بېرىلەتتى. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلگەن كوماندا تۆۋەندىكىچە ئىدى:

① ھۆرمەتلىك (مۆھتەرەم) گېنېرال، مۆھتەرەم پولكوۋنىك، كومبات جانابلىرى. ② راپورت (دوكلات) بەرگەندە چاس بىلەن تەڭلا ئاددىي، قىسقا تىللار ئارقىلىق سۆزلىنەتتى: «سالام، ھۆرمەتلىك كوماندىر! راپورت بېرىشكە رۇخسەت قىلىڭ!» «رۇخسەت!» «قايتىشقا رۇخسەت قىلىڭ!» «باتالىيون دىققەت، ھۆرمەتكە تەييار تۇرۇڭ!» «بۇيرۇقىڭىزغا تەييار!» «خوپ!» «ھەممىمىز تەييار!» كوماندىر قول بەرمىگۇچە، تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. ③ كوماندا تىللىرى «يىغىلىڭلار»، «تۇرۇڭلار»، «سەپكە تىزىلىڭلار»، «ئوڭغا قاراپ توغرىلان»، «سولغا قاراپ توغرىلان»، «ئۇدۇل»، «سولغا بۇرۇل»، «ئوڭغا بۇرۇل»، «ئارقىغا بۇرۇل»، «راھەت»، «دىققەت»، «ئولتۇرۇڭلار»، «تۇرۇڭلار»، «قەدەملەپ مارش»، «تېز قەدەم بىلەن مارش»، «يۈگۈرۈپ مارش»، «ئوڭدىن گېرى مارش»، «سولدىن گېرى مارش»، «ئوت ئېچىڭلار»، «ھۇررا»، «ئۆملەپ مارش»، «ئوڭدىن مارش»، «يانتۇ مارش»، «ئىرغىڭلار (توساقتىن)»، «ئاتلىنىڭلار»، «ئالغا مارش»، «ناخشا ئېيتىلسۇن»، «چېپىڭلار»، «قورال توغرىلانسۇن»، «ئېتىڭلار» دېگەندەك ئاددىي كوماندىلار ئىدى.

پارتىزانلىق دەۋرىدە تۈرك تىلىدا كوماندا بېرىلگەن چاغلارمۇ بولدى. مەسىلەن، «ئوڭدىن گېرى ئارىش»، «سولدىن گېرى ئارىش»، «ئالغا گېرى ئارىش»، «ئارتتىن گېرى ئارىش» دېگەندەك. موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبەلەرنى ئاساس قىلغان قىسىملاردا بىرمەھەل شۇ مىللەتلەر تىلىدا كوماندا بېرىش يولغا قويۇلدى.

مىللىي ئارمىيىدە قوللىنىلغان نۇرغۇنلىغان خەلقئارا ھەربىي ئاتالغۇلار ھازىرغا قەدەر شۇ بويىچە قوللىنىلىپ

كەلمەكتە.

پاترول — چارلىغۇچى (نۆۋەتچى قىسىمغا قارىتىلغان).

دازور — ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا بايقاپ خەۋەر يەتكۈزگۈچى قىسىم.

رازۋودياشى — پوسلارنى تەكشۈرگۈچى ۋە ئالماشتۇرغۇچى.

پوس — قوغدىغۇچىلارنىڭ تۇراق نۇقتىسى.

چاسوۋوي — پوستا نۆۋەت ئالمىشىپ تۇرغۇچى نۇقتا باقار جەڭچىلەر.

ئىسمېنا — نۆۋەت ئالمىشىش.

ساپيورنىك — جەڭ مەيدانلىرى ۋە نىشان، يول، يەر قۇرۇلۇشىنى ئېنىقلايدىغان كىشى.

ترىۋوگا — مۇداپىئەلىنىش، يوشۇرۇنۇش سىگنالى.

پارات — قىسىملارنىڭ مۇنتىزىم ھەرىكىتىنى كۆزدىن كەچۈرۇش.

دوت، زوت — يەر ئاستى، يەر ئۈستى ئوت ئېچىش توچكىلىرى.

ئاتاكا — ھۇجۇم.

كونتىر ئاتاكا — قايتۇرما ھۇجۇم.

ئوپېراتسىيە — جەڭ ھەرىكىتى.

بىلىنداژ — ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىدىغان نىقابلانغان جاي.

سىۋياز — ھەربىي ئالاقىچى.

پروپىسكا — مەخپىي بەلگە.

راپورت — جەڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات يەتكۈزۈش.

توپوگرافىيە — يەرنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى خەرىتە.

مانېۋىر — ئەمەلىي جەڭگە كىرىش ئالدىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇرۇش.

ترېنىروۋكا — تەكرار تەييارلىق.
رازۋېدكا — قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش.
تاكتىكا — كونكرېت جەڭ.
ئىستراتېگىيە — كەڭ كۆلەملىك جەڭ ھەرىكىتى.
ئەرەنتىر — نىشان ۋە توچكىنى ئېنىقلاش.
مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يۈزلىگەن ئاتالغۇلار خەلقئارا ۋە رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان، بۇلار ھازىرغا قەدەر ھەربىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

## 15. مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىنغان چاغدىكى ئادەم سانى

① بىرىنچى سۇيدۇڭ ئاتقۇچ پولك(موگوتنوف) 2200
② ئىككىنچى غۇلجا ئاتقۇچ پولك(قېيۇمبەگ، ئايتۇغان) 2300
③ كەڭسۇي ئاتقۇچ پولك(لېسكىن، ئارۇپ) 2000
④ غۇلجا ئاتقۇچ پولك(فېدايوف) 2200
⑤ تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى(مەۋلانوف، ئىبراھىموف) 1800
⑥ ئۈچ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى 2800
دېمەك، مىللىي ئارمىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئومۇمىي ئادەم سانى 13 مىڭ 300 ئىدى. 1945 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جەڭ شەرق تەرەپكە قاراپ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىگەنسېرى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى تەدرىجىي كۆپەيدى. كۆپەيگەن قىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئادەم سانى تۆۋەندىكىچە:
① مەنسۇر لومىيوف باشچىلىقىدىكى 1200 كىشىلىك

خۇيزۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى.
② پولكوۋنىك ئىردە بۇلغۇنوف باشچىلىقىدىكى 950 كىشىلىك موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى.
③ باۋسەن، شۇمۇتۇڭلار باشچىلىقىدىكى 600 كىشىلىك شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى.
④ دەلىلقان، بەدەلقان باشچىلىقىدىكى 1800 كىشىلىك سارسۇمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى.
⑤ پولكوۋنىك ئابلاخان باشچىلىقىدىكى 1500 كىشىلىك چۆچەك ئاتقۇچ پولكى.
1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى 18 مىڭغا يەتتى.
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن تولۇق ئازاد قىلغانغا قەدەر 350 قېتىمدىن ئارتۇق كىچىك جەڭ، 36 قېتىملىق ئوتتۇرا جەڭ، توققۇز قېتىملىق چوڭ جەڭنى باشتىن كەچۈرۈپ، مۇنتىزىم جەڭگىۋار قوشۇن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى.
1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1948 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئوسمان، قالىبېك باندىتلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى جەڭگىۋار قىسىملار جەڭگە قاتناشتۇرۇلدى:
① مايتاغ پولكى. بۇ پولك 1800 كىشىدىن تەركىب تاپتى، پولك كوماندىرى پودپولكوۋنىك مەھەممەت يۇسۇپوف، سىياسىي كومىسسارى جاغدا بابالىكوف (بۇ پولك غۇلجا زاپاس پولكتىن ئەۋەتىلگەن قىسىملاردىن تەركىب تاپتى).
② قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى. بۇ پولك 1500 كىشىدىن تەركىب تاپتى. پولك كوماندىرى پولكوۋنىك نۇسۇپقان كۈنباي، مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىرى مايور ئىبرايىمباي، مايور سالاھىدىن، سىياسىي كومىسسارى پودپولكوۋنىك

يۇسۇپجان.

③ ئازاد نىشانلىق ئىككىنچى ئاتقۇچ پولك. بۇ پولك 2200 كىشىدىن تەركىب تاپتى. پولك كوماندىرى پودپولكوۋنىك يونچېف ئايتوغان، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى رامازان ئوسمانوف، سىياسىي كومىسسارى ئۆمەروف، شتاب باشلىقى كاپىتان ئىستېپېسوف بىلال.

## 16. مىللىي ئارمىيىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئۇلغىيىشى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەسلەپ ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدە غەلىبە قىلىپ، كېيىن ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىپ، شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئويغىنىپ، گومىنداڭ جاللاتلىرىغا قارشى قوراللىق ئىنقىلاب يولىغا ئاتلاندى، جۈملىدىن تۇرپان، پىچان، توقسۇن، قۇمۇل، تاشقورغان، يەركەن قاتارلىق جايلاردا كۆتۈرۈلگەن قوراللىق قوزغىلاڭلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى.

بىرىنچى بولۇپ روتا كوماندىرى كاپىتان سوپاخۇن سۇبۇروف 1945 ـ يىلى مايتاغدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلەردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، 200 گە يېقىن ئەسكەر بىلەن مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلدى، مۇشۇ ئەسكەرلەر ئاساسىدا، كېيىن سوپاخۇن پولكى ۋۇجۇدقا كەلدى.

تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۇيغۇرلىرى 1947 ـ يىلى يازدا ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئىمىن زاھىدى، رەجەپ توختى، ئەزىز قۇربانلارنىڭ باشچىلىقىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ،

ۋەشيلەشكەن گومىنداڭ قانخورلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. كۈچ نىسبىتىدە ئاجىزلىق كۆرۈلگەنلىكتىن، قوزغىلاڭچىلار يۈلتۈز ئارقىلىق چېكىنىپ، مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلدى. مانا بۇ 250 دىن ئارتۇق ئەزىمەت غۇلجا زاپاس پولكتا مايور ئىمىن زاھىدىنىڭ كوماندىرلىقى، پورۇچىك رەجەپ توختىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىكىدە قىلىچ ئېسكادورونى بولۇپ ئورۇن ئالدى. ئەزىز قۇربان باشلىق ئون نەچچە زىيالىي پولكنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا سىياسىي رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

قۇمۇل خەلقى 1947 ـ يىلى سېيىت باتۇر، ئونانباي باتۇرنىڭ قوماندانلىقىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭغا قاتناشقان بىرقانچە يۈز ئەزىمەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەندىن كېيىن، دۈشمەن بىلەن شەرتلىك ئاساستا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ غەلىبە قازاندى. ئەمما، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۇلار غۇلجىغا قايتۇرۇپ كېلىندى. 30 دىن ئارتۇق باتۇر ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كېلىپ، مىللىي ئارمىيە قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوف ئۈرۈمچىگە بارغاندا، مامۇتوف قۇربان، تۇرسۇن ۋاھىدى قاتارلىق 26 زىيالىينى گومىنداڭ تۈرمىسىدىن قايتۇرۇپ چىقىپ، غۇلجىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار سىياسىي باشقارمىغا ۋە ھەرقايسى قىسىملارغا تەقسىم قىلىنىپ، سىياسىي رەھبەرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ تۈركۈملەردە تۈرلۈك ئامال ـ چارىلەر بىلەن غۇلجىغا يېتىپ كەلگەن 150 چە زىيالىينىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك ھاكىمىيەت

ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشقاندىن باشقا، 40 نەچچە زىيالىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، قىسىملارغا تەقسىم قىلىندى.

ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 1945 ـ يىلى كۈزدە بۇيرۇققا بىنائەن غۇلجىغا قايتقان چاغدا، باي ناھىيىسىدىكى 40 ~ 50 ئەزىمەت شائىر نىمشېھىت ئارمىيە داموللامنىڭ باشچىلىقىدا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ غۇلجىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشتى. ئۇلاردىن باشقا، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىدىن كېلىپ، مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشقانلارمۇ خېلى كۆپ.

1946 ـ يىلىدىن باشلاپ ئازادلىققا قەدەر ئىبراھىم تۇردى، ئۇيغۇر سايرانى، نەمەت خەلپىتىم، مجىت زاھىدى، نۇز سادىروف قاتارلىق يۈزلىگەن ئاتاقلىق زىيالىيلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى بولغان غۇلجىغا كېلىپ، ئىنقىلابقا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

## 17. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا غەنىيمەت ئېلىنغان ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ماددىي ئەشيالار

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1945 ـ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ۋە بۇ ۋىلايەتلەرگە قاراشلىق نىلقا، توققۇزتارا، كۈنەس، قىزىلكۆرە، موڭغۇلكۈرە، سۇمۇل، جېلىلىيۈزى، سۇيدۇڭ، چىلپەنزە، ئارىشاڭ، بورتالا، شىخو، جىڭ، ساۋەن، دۆربىلجىن،

قوبۇقسار، تولى، جىمىنەي، قابا، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، بۇرچىن قاتارلىق ناھىيىلەر، غۇلجا، چۆچەك، سارسۇمبە، مايتاغ شەھەرلىرى تولۇق ئازاد قىلىندى؛ باي، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىلىرى، جام، مۇزداۋان قاتارلىق رايونلار ئازاد قىلىنىپ، دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىلگەن بولسىمۇ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، باش قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ جايلاردىن چېكىنىپ چىقتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۈرە، كەڭسۇي، مۇزداۋان، باجاخۇ، سىمپىتوزا، مايتاغ، جىڭ، شىخو قاتارلىق تايانچ پونكىتلىرىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ھەربىي ئىستىھكاملىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ ئىشغال قىلىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ماددىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى.

مۇشۇ مەزگىلدە گومىنداڭنىڭ ھەرقايسى شەھەر، ناھىيىلەر ۋە رايون، يېزىلاردىكى 70 نەچچە تۈرمىسى، يىغىۋېلىش ئورنى ۋە كىچىك تۈرمىلىرى ئىشغال قىلىنىپ، 5000 دىن ئوشۇق مەھبۇس قۇتقۇزۇۋېلىنىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يارامىلىقلىرىدىن 1500 گە يېقىن كىشى مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشتۇرۇلدى.

ئۇرۇش جەريانىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جىڭ، شىخو، ساۋەن، دۆربىلجىن، قوبۇقسار، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا كۆكتۇل قويۇپ ياسىغان 180 نەچچە قاتمۇقات ئىستىھكام، بىلىنداۋ، سىم توساق، ئۈستى يېپىق ئاكوپلىرى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ پارتلىتىلىپ، ئوت ئېچىش نۇقتىلىرى بېسىقتۇرۇلدى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن غەنىيمەت ئالغان ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ماددىي ئەشيالار تۆۋەندىكىچە:

بومباردىمانچى، ھوجۇمچى ئايروپىلان ئالتە، تانكا توققۇز، برونىك ئاپتوموبىل 17، زەمبىرەك 39، پىلىموت (ستانكىۋوي پىلىموت ۋە قول پىلىموت) 1350، مىناميوت 76، مىلتىق (ياپونكا، گېرمانكا قاتارلىق) 26 مىڭ 400، ئاپتومات 1200، زېنىت توپ 13، بومبا، گرانات 22 مىڭ، تول (پارتلاتقۇچ) 1200، ھەربىي ئات (ئىگەرى بىلەن) 5000، ئاپتوموبىل 259، پىكاپ (گاز ـ 69) 18، ھەربىي دۇربۇن 39، يان قورال (ماۋزېر، كولىت، پېستولىت، بارابان قاتارلىق) 780، برېزېنت چېدىر 220، ھەرخىل ئوق ـ دورا ئامبىرى 17، ماددىي ئەشيالار ئامبىرى 28، رادىئوگرامما ئاپپاراتى 23، قىلىچ 1500، ئىشتىك (نەيزە) 2500، خەنجەر 500، ھەربىي تېلېفون 35، تېلېفون سىمى 20 مىڭ مېتىر، ھەربىي سۇدان 4000، يان سومكا 700، زالوك ئالتۇن 800 كىلوگرام، ھەرخىل ھەربىي دوختۇرلۇق سايمىنى 25 يۈرۈش.

گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان بۇ ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ماددىي ئەشيالار ھېسابىغا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قوراللىنىپ ۋە تەمىنلىنىپ، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىدى.

# جەڭگىۋار ئىنقىلابىي تەشكىلات

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجى، ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى تەلىپىگە ئاساسەن، پۈتۈن شىنجاڭ ياشلىرىنى ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشتۇرىدىغان بىر تەشكىلات قۇرۇش زۆرۈرلۈكى تۇغۇلدى. مۇنداق ئىلغار ئىنقىلابىي تەشكىلات بولمىغاندا، ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي كۈچ مەنبەسى بولغان ياشلارنى بىر سەپكە ئۇيۇشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇ ھالدا سىياسىي ـ ئىدىيىۋى ۋە نەزەرىيىۋى جەھەتتە چېچىلاڭغۇلۇق يامراپ كېتەتتى ـ دە، ئىنقىلابىي كۈچلەر مۇتەئەسسىپ ئەكسىيەتچى كۈچلەر، قالاق خۇراپىي كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا قېلىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە غەلىبىگە ئېرىشكەن ئىنقىلاب تۇيۇق يولغا كىرىپ، مەغلۇپ بولغان بولاتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مانا بۇ نازۇك ئېھتىياجىنى ئالدىنئالا سەزگەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەئدۇللا سەيپۇللايوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوف، ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق ئىنقىلابچىلار بىر ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇش قارارىغا كەلدى. 1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، سەئدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ بىلىم يۇرتىدىكى ھۇجرىسىدا تەشكىلاتنىڭ تۇنجى قېتىملىق تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. تەييارلىق يىغىنىدا «پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى، ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشۇڭلار!» دېگەن شوئار

ئاستىدا بۇ ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ نامى «پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» دەپ بېكىتىلدى، تەشكىلاتنىڭ 60 ماددىلىق نىزامنامىسى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

1945 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ 82 ۋەكىلى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا تەشكىلاتنىڭ نامى، شوئارى، نىزامنامىسى ماقۇللاندى، نىزامنامە 60 ماددىدىن 54 ماددىغا ئىخچاملاندى، 25 كىشىدىن تەركىب تاپقان مەركىزىي كومىتېت سايلاپ چىقىلدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىكىگە، سەئىدۇللا سەيپۇللايوف مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، سەئىدۇللا سەيپۇللايوف رەئىس، قۇسايىن سىيابايوف مۇئاۋىن رەئىس بولدى. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىدا تەشكىلاتنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «كۈرەش» ژۇرنىلىنى چىقىرىش قارار قىلىندى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئەدەبىي مۇھەررىرى بولدى، كېيىن سەئىدۇللا سەيپۇللايوف مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ۋە ياچېيكىلىرىنى قۇرۇش قارار قىلىندى، «مىللىي ئارمىيە باش شتابىدا ھەربىي كومىتېت قۇرۇلسۇن، كومىتېت رەئىسلىكىنى توختى ئىبراھىم ئۈستىگە ئالسۇن» دېگەن قارار قىلىندى. تېخىچە ئازاد بولمىغان يەتتە ۋىلايەتتىكى ياشلارغا ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشۇپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا مۇراجىئەتنامە چىقىرىلدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ ئىككى ئايغا قالماي، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ھەر دەرىجىلىك كومىتېت ۋە ياچېيكىلار قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان ياشلار «ئىنقىلابچىل ياش» دەپ ئاتالدى. 1946 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت بويىچە 30 مىڭدىن ئارتۇق ياشلار، زىيالىيلار «ئىنقىلابچىل ياش» قاتارىغا ئۆتتى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىدا رەپىق بايچۇرىن، مەھەممەتئىمىن ئىمىنوف، ئەخمەت زاھىدى، داڭقى، توختى ئىبراھىم، خەمىت كەنجى، شۇمۇتوڭ، رىشات نۇرساپا، شىپىيكىنلەردىن تەركىب تاپقان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي كومىتېتى قۇرۇلدى. كومىتېت ئەزالىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىدا توختى ئىبراھىم ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا شۆبە ھەربىي كومىتېت، ھەربىي ياچېيكىلارنى قۇرۇش قارار قىلىندى، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا قوبۇل قىلىش، تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدە بىرقانچە قارالمىلار ماقۇللاندى. مىللىي ئارمىيىنىڭ بىرىگادا، پولك، مۇستەقىل باتالىيون، دىۋىزىيونلىرىدا شۆبە ھەربىي كومىتېت، باتالىيونلاردا باش ياچېيكا، روتا ـ ئېسكادورونلاردا شۆبە ياچېيكا، ئىنزۋوتلاردا ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مىللىي ئارمىيىدىكى تەشكىلىي قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلاندى، يىل ئاخىرىغىچە مىللىي ئارمىيە بويىچە «ئىنقىلابچىل ياش»لار قاتارىغا ئۆتكەن كوماندىر ـ

جەڭچىلەر 3000 دىن ئېشىپ كەتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوف ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشقا ئىلتىماس سۇنغانىدى، تەستىقلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئەزالىق كىنىشكىسىنى قولىغا ئېلىپ، «مەن ئەمدى ئىنقىلابچىل ياش بولدۇم» دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ، سىپتا خەت تارتقان چىرايلىق بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان لېسكىن، بايچۇرىن، ئىمىنوف، رەخىمجان، قاسىمجان قەمبىرى، دەلېلقان، ئابدۇراخمان مۇھىتى، غېنى باتۇر، سوپاخۇن، زۇنۇن تېيىپوف، ئابدۇرېشىت تۇردىيوف، قېيۇمبەگ، رۇسۇلوف، غاپپارخان، نەبىجان قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلار ھەربىي كومىتېتقا ئىلتىماس سۇنۇش ئارقىلىق «ئىنقىلابچىل ياش»لار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىكى ياچېيكىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەپتىدە ئىككى قېتىم سىياسىي ـ نەزەرىيە مۇزاكىرىسى يولغا قويۇلدى. مۇزاكىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى مىللىي ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب مەسىلىسى، جۇڭگو ئىنقىلابى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي ئەنئەنىلىرى، ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مىللىي ئارمىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ۋە ياچېيكىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، ئىنقىلابىي ناخشىلار دىنىي ئەسەبىي ناخشىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، قىسىملاردا قىرائەتخانا ئېچىش، تام گېزىتى چىقىرىش قاتارلىق مەدەنىي پائالىيەتلەر ئەۋج ئالدى، شاپىگرافتا بېسىلغان جەڭگىۋار ۋەرەقىلەر

كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئاخبارات قورالىغا ئايلاندى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا تىياتىر ئۆمىكى، ساز كۇرۇژۇكى قۇرۇلۇپ، كوماندىر ـ جەڭچىلەر مەنىۋى ئوزۇققا ئىگە قىلىندى. شەپقەت ھەمشىرىلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن تانسا كېچىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، جەڭچىلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتى جانلاندۇرۇلدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ نۇرغۇن كوماندىر ـ جەڭچىلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇشقا ۋە ئوسمان، قالىبېك باندىتلىرىنى تازىلاش جەڭلىرىگە «مەن ئىنقىلابچىل ياش، ئەبلەخلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن» دېگەن جەڭگىۋار قەسەم بىلەن ئاتلاندى. كۆرەش قەھرىمانى، «ئىنقىلابچىل ياش» كاپىتان دۇگانوفنىڭ 30 نەچچە دۈشمەننى قىرىپ تاشلاپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقى، پودپولكوۋنىك يۈسۈپجاننىڭ دۈشمەنگە سىر بەرمەي، دەھشەتلىك قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىنقىلاب ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغانلىقى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى يورۇتۇپ بەرگەن ئۇلۇغ ئىدىيىۋى مەشئەلنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى 1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ھەر مىللەت ياشلىرىنى ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشتۇرۇش، سىياسىي ـ نەزەرىيە جەھەتتە قوراللاندۇرۇش، ئىدىيىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، غايىلىك، ئاڭلىق ئىنقىلابىي قوشۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا ئاجايىپ زور رول ئوينىدى، يەتتە ۋىلايەتتىكى ياشلار ۋە زىيالىيلارنى ئويغىتىش، ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى ۋە ئىلھاملاندۇرغۇچى، مەدەت بەرگۈچى تەشكىلات بولۇپ قالدى. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئىتتىپاقنىڭ ياشلار بۆلۈمى بولۇپ قالدى.

# ئۇرۇمچىدە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرگە مۇھاپىزەتچى بولغان كۈنلەردە

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە ھاسىل قىلىنغان 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاخىرقى ھېسابتا ئىمزا قويۇلدى ۋە 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلەنگەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، رەخىمجان سابىرھاجىيوف، ئەنۋەرخانبابا قاتارلىق كىشىلەر ئۇرۇمچىگە يېتىپ باردى.

گومىنداڭ تەرەپ تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويغىنى بىلەن، تارىختىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان خەلق قوزغىلىڭىغا مۇنداق كەڭ يول قويۇشقا ئىچ ـ ئىچىدىن نارازى ئىدى، شۇڭا ئۇلار تىنچلىق بىتىمىنى يوققا چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە ئورنىتىلغان ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاشقا خۇپىيانە تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇلار ھەربىي دىكتاتۇرىنى كۈچەيتىپ، مەشق ـ مانېۋىرلارنى كۆپەيتىپ، خەلقنىڭ

يۇرتىمنى مۇجۇيدىغان تەھدىت مۇھىتىنى ياراتتى؛ بىتىمگە ئاساسەن جايلاردا ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىغان دېموكراتىك سايلامنى باھانە قىلىپ، دېموكراتىك كۈچلەرنى باستۇرۇشقا كىرىشتى؛ يەتتە ۋىلايەتتە جاسۇسلۇق تورىنى كەڭ يېيىپ، خائىنلار ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، ئىنقىلابىي زاتلارنى ھەدەپ قولغا ئالدى؛ ئوسمان، قالىبېككە ئوخشاش قوراللىق باندىتلارغا مەدەت بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ئىغۋاگەرچىلىك قىلغۇزدى؛ ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان رەھبىرىي خادىملارنىڭ رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەتكە كىرىشتى؛ جايلاردىكى ئىنقىلابچىل ياشلارنىڭ دېموكراتىك پائالىيەتلىرىنى باستۇرۇپ، ئۇلارنى تۇركۈملەپ قولغا ئالدى؛ پانتۈركىست، پانئىسلامىست ئەبلەخلەرنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىپ، بۇلار ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنى ئىچكى جەھەتتىن يىمىرىپ تاشلاشقا ئۇرۇندى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ ئەتراپىغا قوراللىق كۆزەتچىلەر، جاسۇسلار، سۇيىقەستچىلەرنى سانجاق ـ سانجاق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن ئەركىن ئالاقە قىلىشىنى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئالدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى ئۈچ ۋىلايەت ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچىگە تايىنىپ مۇھاپىزەت قىلىشقا توغرا كەلدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن 1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدا قانلىق ۋەقە يۈز بەردى. مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوفنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئىزۋوت كوماندىرى كاپىتان ئىدرىس ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت

رەھبەرلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، شىخو ئاتقۇچ پولكىتىكى قاۋۇل، قەيسەر 12 جەڭچىنى باشلاپ ماناس دەرياسى بويىدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ خىلمۇ خىل توسقۇنلۇق، ئاۋارىگەرچىلىك ۋە ھىيلە - مىكىرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۈرۈمچىگە كىردى. مۇھاپىزەتچىلەر ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر تۇرۇۋاتقان نەنخۇايۈەنگە يېتىپ بارغاندا، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كاتىپى جىلانوف ئۇلار بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈچ كۈن ئوبدان ئارام ئېلىپ، يول ھاردۇقىنى چىقىرىشى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. ئەخمەتجان قاسىمى كاپىتان ئىدرىس باشچىلىقىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرگە يېڭى زاشىتنى سارجا كىيىم، خۇرۇم ئۆتۈك، شەپكە، قۇلاقچا ۋە پاگون، كاكارلارنى تەييارلىتىپ قويغانىكەن. 4 - كۈنى بۇ مۇھاپىزەتچىلەر يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇ كۈن بۇ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلماس بىر خاتىرە كۈن بولۇپ قالدى، ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى جان تىكىپ قوغداشقا قەسەمياد قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ يان قورالىنى ئىدرىسقا ھەدىيە قىلدى، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردىن ماۋزېر ئاستى.

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەخىمجان سابىرھاجىيوف نەنخۇايۈەندە تۇراتتى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى باشقا ھويلىدا تۇراتتى. مۇھاپىزەت ئەترىتى خىزمەت تەقسىم قىلىۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە جىددىي كىرىشتى. «25 - فېۋرال» قانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن

جىددىيلىشىپ، ھەممىلا يەرنى ئاق تېررورلۇق قاپلىغانىدى، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئەنخۇايۇەننى مەركىزىي شتاب قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا كىرىشتى. مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئىدرىسنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قېشىغا ئىككىنچى قېتىمدا شوپۇر ئابلىمىت باشلاپ كىردى. كاپىتان ئىدرىس ئەخمەتجان قاسىمىغا چاس بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە يولدا دۇچ كەلگەن ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى، كاپىتان ئىدرىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سوئاللىرىغا چاقماق تېزلىكىدە جاۋاب بەردى.

— بىز بىتىم بويىچە بۇلارنىڭ شەرتلىرىگە بويسۇنۇشىمىز كېرەك، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — بىراق، ئۆز ئەنئەنىمىزنى يوقاتمىغىنىمىز ياخشى. ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ فورمىسىدىكى ھەربىي كىيىملەرنى كىيىشىڭلارنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك. سىلەرگە يېڭى كىيىم تارقىتىپ بېرىلىدۇ. قايسى فورمىنى كىيىش ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارىڭلاردا بولسۇن!

دەرۋازا ئالدىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى مۇھاپىزەت قىلاتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇرۇمچىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزدى، كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ، بىگۇناھ ئادەملەرنى قولغا ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر قانچە يۈز كىشى قاراڭغۇ زىندانغا تاشلاندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يەنە قانداق قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلارنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

پودپولكوۋنىك خەمىت ئەلىيوف ئۈچ ۋىلايەت مىللىي

ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرغۇچى تەمىنات ـ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ۋەكىلى ئىدى. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش شتابى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۈچ پولكىنى مائاش ۋە تەمىنات بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش شتابىدىن ھېچقانداق مائاش ۋە ماددىي ئەشيا ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن خەمىت ئەلىيوف كاپىتان ئىدرىس بىلەن بىللە ئىچكى قوغداش خىزمىتىگە كىرىشتى.

بىر كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم ئۇقماي قالدى، ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىدىن رەخىمجان سابىر ھاجىيوف، كاپىتان ئىدرىسلارمۇ خەۋەرسىز ئىدى. بۇ ئىش ھەممىنى پاراكەندىچىلىككە سېلىۋەتتى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارنىڭ ھۇجرىلىرىدىمۇ يوقلۇقى مەلۇم بولدى. شۇ كۈنى جۈمە كۈنى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ھەر جۈمە كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ، مەسچىتلەرگە بېرىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ مۇڭدىشىپ تۇراتتى. كاپىتان ئىدرىس بۇ ئىشنى يادىغا ئالدى ـ دە، بىرقانچە قوراللىق مۇھاپىزەتچىنى ئېلىپ، ئاپتوموبىل بىلەن مەسچىتمۇ مەسچىت ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار ئاخىر ئەخمەتجان قاسىمىنى كەچقۇرۇن تەراۋىھ ۋاقتىدا ساي بويى كۆنچى مەھەللىسىدىكى مەسچىتتىن تاپتى. نەنخۇايۇەن بىلەن بۇ مەسچىتنىڭ ئارىلىقى تۆت كىلومېتىر كېلەتتى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مۇشۇنداق قىل ئۈستىدە تۇرغان ۋەزىيەتتە شۇنچە يىراق جايغا يالغۇز ۋە پىيادە كېتىپ قالغانلىقى كىشىنى ئەنسىرىتەتتى. مۇھاپىزەتچىلەر ئەخمەتجان قاسىمىنى تاپقان چاغدا، ئۇ مەسچىتتىكى بىرقانچە يۈز جامائەتكە يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلەۋاتقانىدى.

— ئۇلار بىتىمنى بۇزۇۋاتىدۇ،— دېدى ئەخمەتجان قاسىمى،— ئەمما، ئۇلار نومۇس قىلماستىن بىزنى «بىتىمنى بۇزدى، بىتىمگە خىلاپلىق قىلدى» دەپ تىللاۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە قوراللىق كۈچىمىز يوق، ئۇلارنىڭ بولسا، قوراللىق كۈچى بار. ئۇلار قوراللىق كۈچىگە تايىنىپ، ئىلغار زىيالىيلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى قولغا ئېلىۋاتىدۇ. خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى ئېغىرلىشىپ، ئېچىنىشلىق نامراتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئۇلار ھە دەپ پۇقرالارنى بۇلاش، ئۆلتۈرۈش ۋە ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. پۇقرالار بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇشقا نائىلاج قېلىۋاتىدۇ. بىراق، بەزىلەر گومىنداڭچىلارنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ، ھە دەپ بىزنى تىللاۋاتىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. ئاڭلىشىمچە، مۇشۇ جامائەت ئىچىدە بىزنى كۆپرەك تىللايدىغانلار بار ئىكەن. تىللىساڭلار تىللاۋېرىڭلار، لېكىن ھەقىقەت بىز تەرەپتە. گومىنداڭچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ بىزنى ياقلايدىغانلار، بىزنىڭ ئىشىمىزنى توغرا دەپ قارايدىغانلار خېلى كۆپ. گومىنداڭچىلارنىڭ ھەممىسىلا يامان ئادەملەر ئەمەس، ياخشىلىرىمۇ خېلى بار. خەنزۇلارنىڭمۇ ھەممىسىلا يامان ئەمەس، ياخشىلىرى كۆپ. ئىچكىرىدە خەنزۇلار بىلەن خەنزۇلار سوقۇشۇۋاتىدۇ، ئۇلاردىن بىرى گومىنداڭچى خەنزۇلار، يەنە بىرى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خەنزۇلار. بىز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خەنزۇلارغا مايىلمىز. بىز ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزنى قوللايدۇ، بىز ئۇلارنى قوللايمىز. بىز بىتىمگە قول قويدۇق، ئۇنى ئىجرا قىلىمىز ۋە قىلىۋاتىمىز. بىز ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، بىتىمنى ئىجرا قىلدۇرۇش ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئارىمىزدا بەزى قېرىنداشلىرىمىز باركى، ئۇلار بىزگە ھومىيىپ قاراپ، بىزنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ. ئۇلار چوڭ مەرتىۋىگە،

خىزمەتكە ئېرىشىشنى ئويلاپ ھەقىقەتتىن ۋاز كېچىۋاتىدۇ، گومىنداڭ نېمىنى دېسە شۇنى دەپ، بىزنى تىل ـ ھاقارەت ئاستىغا ئېلىۋاتىدۇ. «ئەپەندىمنى ئۆلتۈرىمىز» دەپ ۋەدە بەرگەن كىشىلەرمۇ بار ئىكەن، گومىنداڭ ئۇنداقلارغا نۇرغۇن پۇل خەجلىدى. «مەن زادى ئۆلتۈرىمەن» دەپ قەسەم ئىچكەن كىشىلەرمۇ بار ئىكەن. مەن ئۆلسەممۇ مەيلى، ئەمما ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئادەملىرىمىز ئىچىدە نى ـ نى قاسساپلار بار، بۇ يەردىكىلەر ئىچىدىمۇ نى ـ نى قاسساپلار بار. مېنى ئۆلتۈرىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنلەر ئۇلار كېلىپ قالسا قانداق قىلار؟ مەنغۇ ئۆلەرمەن، ئەمما بىزنىڭ مىليونلىغان قاسساپلىرىمىزدىن گومىنداڭ قاسساپلىرىنىڭ قۇتۇلمىقى تەس. مېنىڭ ئۈرۈمچىدە تىرىك يۈرگەن چېغىمدا ئاساسىي مەسىلە ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، بىتىمنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت. بىز بىتىمنى ئىجرا قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىشىمىز كېرەك. مەن بۇ مەسچىتكە سىلەرگە مۇشۇنداق ئىشلارنى ئېيتىپ قوياي دەپ كەلدىم، بىللە ناماز ئوقۇپ كېتەي، دەپ كەلدىم. بولدى، ئەمدى مەن قايتاي.

ئەخمەتجان قاسىمى مەسچىتتىن يېنىك ـ سالماق قەدەم بېسىپ چىقتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قوزغالغان چاغدا، مەسچىت جامائىتى دۇئا بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ مەسچىتكە كېلىپ، جامائەت بىلەن تەراۋىھ نامىزىنى بىللە ئوقۇغانلىقى ۋە يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلىگەنلىكى ھەش ـ پەش دېگۈچە ھەممە مەسچىتلەر جامائىتىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۇلارغا زور مەدەت بەردى.

نەنخۇايۈەننىڭ ئىشىك ئالدىدا مىللىي ئارمىيە مۇھاپىزەتچىلىرى تۇرىدىغان بولغانىدى. بىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ بىر ئايال مۇخبىرى سۈرەتكە تارتماقچى بولغاندا، مۇھاپىزەتچىلەر تۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، شۇ

ئەسنادا كاپىتان ئىدرىس سىرتقا چىقىپ قالدى، ئۇ قايتىپ كىرىپ، ئەخمەتجان قاسىمىغا بۇ ئەھۋالنى دوكلات قىلدى.
— سۇرەتكە ئالسا ئالامدۇ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — ئۇزۇڭلەرنى تۈزەشتۈرۈپ، راۋۇرۇس تۇرۇپ بېرىڭلار. سۇرەتكە قانچىلىك ئالسا ئالسۇن. سىلەرنىڭ سۇرەتىڭلار ئارقىلىق ئامېرىكا خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىزنى تونۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ.
ھېلىقى مۇخبىر بۇ مۇھاپىزەتچىلەرنى بىرنەچچە قېتىم سۇرەتكە ئالدى. ئەپسۇسكى، بۇ مۇخبىر چۈڭچىڭغا كېتىۋېتىپ لەنجۇغا بارغان چاغدا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەرقانداق مەسىلىگە قانچىلىك چوڭقۇر، ئىنچىكە، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن قارايدىغانلىقى مىللىي ئارمىيە مۇھاپىزەتچىلىرىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.
گومىنداڭچىلار ئۈرۈمچىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى پاچاقلاپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئابدۇگۇل قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق ياش نەنخۇايۇەنگە قېچىپ كىرىۋالدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرپان، پىچان، توقسۇن پارتىزانلىرىدىن قېچىپ كىرىۋالغانلارمۇ بار ئىدى. بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف مۇھىم ئىش بىلەن غۇلجىغا كەتكەنىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىر قىسمىنى ئۆز جايلىرىغا تارقاقلاشتۇردى، كۆپ قىسمىنى «بۇلار ئەسلىدە غۇلجىلىق، تۇغقان يوقلىغىلى كەلگەن، ئەمدى قايتماقچى» ياكى «ئۈرۈمچىگە تىجارەت قىلغىلى كەلگەن سودىگەرلەر» دېگەندەك تونۇشتۇرۇشلار بىلەن غۇلجىغا يولغا سېلىپ، ئاندىن ئۆزى غۇلجىغا قايتتى. مۇنداق قىلمىغاندا، گومىنداڭچىلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىۋېتەتتى. نەمەت خەلپىتىم، ئابدۇراخمان مۇھىتى، سىراجىدىن قاتارلىق كىشىلەر رەخىمجان سابىر

ھاجىيوفنىڭ باشچىلىقىدا، كاپىتان ئىدرىس ۋە مىللىي ئارمىيە مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە سوۋېت ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ غۇلجىغا قايتتى، بۇ ئايروپىلانغا جەمئىي 40 ئادەم چۈشتى، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشقان زىيالىيلار ئىدى. ئايروپىلان ئاچالغا كەلگەندە، جاھاننى تۇتەك قاپلاپ، ئايروپىلان غۇلجىغا ئۆتەلمەي كەينىگە ياندى. ئاۋئاتسىيە قوماندانلىق ئورنىدىن ئايروپىلاننىڭ شىخو بىلەن كۇيتۇننىڭ تۆپسىدىكى كونا ئايرودرومغا قونۇشى توغرىسىدا تېلېگرامما كەلدى. ئايروپىلان بۇ ئايرودرومغا ساق - سالامەت قونۇۋالدى. ئۇلارنى بۇ يەردىكى مىللىي ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئەتىسى ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا يولغا سېلىپ قويدى.

كاپىتان ئىدرىس ئازادلىقتىن كېيىن، ئوسمان، جانىمقان، يولۋاس باندىتلىرىنى تازىلاش جەڭلىرىگە قاتنىشىپ، ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتتى، 1950 - يىلى يېزا ئىگىلىك 4 - دىۋىزىيە تېكەس 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، كېيىن 4 - دىۋىزىيە باش دوختۇرخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىدى.

# مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋار
# ئاخباراتچىلىقى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىلقا ناھىيىسىدە پارتلاپ چىقىشتىن خېلى بۇرۇنلا، يەنى 1944 ـ يىلى 7 ـ ئايدا غۇلجىدا كىچىك كۆلەملىك يەرئاستى مەتبۇئاتى ۋۇجۇدقا كەلدى. شاپىگرافتا بېسىلغان «ئازادلىق ئۈچقۇنى» ناملىق بۇ خۇپىيانە گېزىت غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ نەشر ئەپكارى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ، تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇ گېزىت ھەپتىدە بىر سان چىقىپ، 100 دىن ئارتۇق تىراژدا بېسىلىپ تۇردى. گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەزاسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىدى. گېزىتنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇھەررىرلىرى ئىمىنجان ئەپەندى، ئابدۇرېشىت ئىمىنوفلار ئىدى. بۇ شاپىگراف گېزىتنىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىنى غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سالجانباي، زۇنۇن تېيىپوف، ئېلىخان تۆرە، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، جانى يولداشوف قاتارلىق كىشىلەرلا بىلەتتى.

«ئازادلىق ئۈچقۇنى» نىڭ 3 ـ سانىغا غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ 19 ماددىلىق سىياسىي پروگراممىسى بېسىلدى. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى

قۇرۇلغان چاغدا ئېلان قىلىنغان توققۇز ماددىلىق سىياسىي پروگرامما ئەنە شۇ 19 ماددىلىق سىياسىي پروگراممىنىڭ ئىخچاملىنىشىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ 19 ماددىلىق سىياسىي پروگرامما تۆۋەندىكىچە:

1. قوراللىق كۈرەشنى قوزغاپ، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا خەنزۇلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش.

2. خەنزۇلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ھەقىقىي ئەركىن ـ ئازاد بولغان مۇستەقىل دېموكراتىك ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش.

3. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى بارچە مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھوقۇق ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە تامامەن باراۋەر بولۇش.

4. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى سانائەت، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي ئەتتۈرۈش.

5. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ، جۇمھۇرىيەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش.

6. خۇسۇسىي سودا، خۇسۇسىي كارخانا ـ قول ھۈنەر ئىگىلىكىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يول ئېچىپ خەلقنى بېيىتىش.

7. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، بۇ دىننى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە، باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئېتىقادىغا ئەركىنلىك بېرىش ۋە ئۇنى قوغداش.

8. مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، سەھىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

9. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن دوستانە، باراۋەر ئاساستا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش.

10. قوشنا دۆلەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئۇلۇغ قوشنىمىز شورالار ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى يولغا قويۇپ، سودا، ئىقتىساد، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ياردىمى ۋە ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش.

11. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئازاد قىلىنىشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلالايدىغان قۇدرەتلىك، جەڭگىۋار، مۇنتىزىملاشقان مىللىي ئازادلىق ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش.

12. بانكا، پوچتا ـ تېلېگراف، تېلېفون، ئورمان، يەر ئاستى بايلىقلىرى دۆلەت ئىختىيارىدا بولۇش.

13. خانىم ـ قىزلار سىياسىي، ئىجتىمائىي ھوقۇق جەھەتتە ئەرلەر بىلەن تەڭ ـ باراۋەر بولۇش، نىكاھ ئەركىنلىكىنى قوغداش.

14. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تەشكىلات قۇرۇش، يىغىن ئېچىش ۋە نامايىش قىلىش ئەركىنلىكى بولۇش.

15. دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا شەخسىيەتچىلىك، بيۇروكراتلىق، مىللەتچىلىك قىلىشقا يول قويماسلىق.

16. پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، بەتخەجلىكنى يوقىتىش.

17. مائارىپ ـ مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشلىرى زامانىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە دۆلەتنىڭ (ھۆكۈمەتنىڭ) باشقۇرۇشىدا بولۇش.

18. زور كۈچ بىلەن زامانىۋى يول، كۆۋرۈك، مەكتەپ، كىنو ـ تىياتىرخانا، كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر ئىسلاھات قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش.

19. قۇرۇلغۇسى ئىنقىلابىي دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تەييارلىغۇچى كومىسسىيە قۇرۇپ، ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ چىقىپ، پۈتۈن خەلقنىڭ مۇھاكىمىسىدىن

ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئىجرا قىلىشقا كىرىشىش.

بۇ سىياسىي پروگراممىنى غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ھەبىب يۇنىچېف ئەپەندى تۈزۈپ چىقتى، بۇ سىياسىي پروگراما سالجانباي ھۇجرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن 5 - قېتىملىق مەخپىي يىغىندا ماقۇللاندى. «ئازادلىق ئۇچقۇنى» نىڭ ھەجمى كېلەڭسىز بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر چامىسىدا ئىدى. بۇ مەخپىي گېزىت خۇپىيانە تارقاتقۇچىلار تەرىپىدىن ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى ئالاقىدار ئادەملەرگە يەتكۈزۈلۈپ بېرىلەتتى. ئەنە شۇ «ئازادلىق ئۇچقۇنى» گېزىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى زىيالىيلار خۇپىيانە توپلىشىپ، مەخپىي «ھەربىي ئىنقىلابىي گۇرۇپپا»، «ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت» لارنى قۇرۇشقا باشلىدى (بۇ مۇھىم تارىخىي ھۆججەتنىڭ بىرقانچە نۇسخىسى 1948 - يىلىغىچە ھەبىب يۇنىچېفنىڭ ئىنىسى ئېرىكچى يۇنىچېفتا ساقلانغان)، جۈملىدىن كۈرەدە مەخپىي «ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇلۇپ، ياشلارنى تەشكىللەش، قوراللىق پىدائىيلار ئۇيۇشتۇرۇش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. مۇنداق ھەربىي ئىنقىلابىي گۇرۇپپا ۋە كومىتېتلارغا سۇيدۇڭدە ياسىن خۇدابەردى؛ موڭغۇلكۈرەدە ئىمىنجان ئەخمەت، قۇربانجانلار؛ سۇمۇلدا شۇمۇتۇڭ، باۋسەنلەر؛ كۈرەدە توختى ئىبراھىم، ئابدۇللا سۇلتانلار؛ جىلىلىيۈزىدە شۇتوف ئىۋان؛ غۇلجا شەھىرىدە مەخپىر تۆرە، ئارۇپ ئەۋزىلەر؛ بورتالادا ئىردە باشچىلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىشتا ئاجايىپ كەڭ ئىستراتېگىيىلىك تور شەكىللىنىپ، بىر - بىرىگە ماسلاشقان قوراللىق جەڭ ھەممە جايدا بىرتۇتاش باش كۆتۈردى. بۇ «ئازادلىق ئۇچقۇنى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنىڭ غايەت زور تۈرتكىلىك تەسىرىدە بارلىققا

كەلگەن ياخشى ئىنقىلابىي ۋەزىيەت ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف مەتبۇئات، نەشرىياتچىلىقتا ۋە ئاخباراتچىلىقتا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ھەمىشە «1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ‹رېيىن› گېزىتىنىڭ توختاپ قالغانلىقىدىن بولغان» دەپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئاخباراتچىلىقنىڭ ئىنتايىن جىددىي، جەڭگىۋار، قوزغىتىش كۈچى ئۈتكۈر رولىنى چۈشەندۈرەتتى. غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىدىن كېيىن، بىرقانچە تەشۋىقات تېزىسى تەييارلىنىپ، ئاتلىق پارتىزان ئالاقىچىلار ئارقىلىق جايلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئورنىغا «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى چىقىرىلىپ، ئۇيپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشتەك ئىنقىلاب قاينىمىغا ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى چېچىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، «ئازادلىق ئۇچقۇنى» گېزىتى خەلقنى قورال‌لىق قوزغىلىشقا تەشكىللەشتىن ئىبارەت شەرەپلىك تارىخىي بۇرچىنى تاماملىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەتبەئەدە بېسىلغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى، مۇراجىئەتنامە، دۈشمەنگە ئاگاھلاندۇرۇشنامە، ئىنقىلابىي قوشاقلار، قەسەمنامىلار، دۈشمەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقلىرى ھەققىدىكى ئاكىت - پاكىتلار خۇددى لەپىلدەپ ياغقان قاردەك ھەممە جاينى قاپلىدى. كۆرەدىن ئابدۇللا سۇلتان غۇلجىغا خۇپىيانە بېرىپ، ئەنە شۇنداق تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى ئىگەرنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ، كۆرە، سۈيدۈڭلەرگە يەتكۈزۈپ تۇردى. كۆرەدە مەخپىي «ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت» قا ئۇيۇشقان 26 ياش ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئەل ئىچىگە كىرىپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئارا - پالتا، كەتمەن - توقماق، قارا مىلتىق، جادا تىغلىرى بىلەن

قوراللانغان 350 كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى. تەشۋىقات تېزىسلىرىنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ 40 قا يېقىن قوراللىق ئۇيغۇر ئەسكىرى سېپىلدىن چۈشۈپ پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلدى.

1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مىللىي ئارمىيە ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە دۇنياغا كەلدى. مىللىي ئارمىيە باش شتابى سىياسىي باشقارمىسى غۇلجىدىكى ھازىرقى «ستالىن» كوچىسىغا جايلاشقان سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىلگىرىكى نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە جايلاشتى. سىياسىي باشقارمىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا پودپولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئاببا سوف رىياسەتچىلىك قىلاتتى. توختى ئىبراھىم باش ئىنسپېكتور ئىدى. سىياسىي خادىملاردىن خەمىت نۇرىيوف، باقى كامال، خەمىت كەنجىلەر بار ئىدى. ئابدۇكېرىم ئاببا سوف بىر كۈنى سەيپىدىن ئەزىزىنى باشلاپ سىياسىي باشقارمىغا كەلدى.

— ئارمىيىمىزنىڭ ئاخباراتچىلىق، تەرغىباتچىلىق، ئۇندەش خىزمىتى بەكمۇ ئارقىدا قالماقتا،— دېدى ئۇ سىياسىي باشقارمىدىكى ھەممەيلەننى يىغىپ،— پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر جەڭگىۋار ژۇرنال چىقىرىشىمىز كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرىم ئاببا سوف، سەيپىدىن ئەزىزلەرنىڭ باشچىلىقىدا تەھرىر ھەيئىتى تەشكىل قىلىنىپ، 12 - ئاي ئىچىدىلا «جەڭگىۋار سەھىپە» ناملىق 60 بەتلىك ژۇرنالنىڭ 1 - سانى تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى، بۇ ژۇرنال مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا تارقىتىلغاندىن كېيىن، كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئاڭ - سەۋىيىسىدە زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى. پورۇچىك باقى كامال بۇ ژۇرنالنى ئوتتۇرا يۆنىلىش ۋە شىمالىي يۆنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ

تارقاتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپەردە ئالغان تەسىراتلىرىنى ماقالە قىلىپ يېزىپ، «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدە ئېلان قىلدۇردى. بۇ ژۇرنالغا ت ئا س س دىن ئېلىنغان خەلقئارا خەۋەرلەر، «گېنېراللىسىمۇس سۇۋوروفنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئارمىيىمىزدىكى سىياسىي خىزمەت يۆنىلىشى ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلەر ۋە جەڭ خەۋەرلىرى بېسىلدى. ژۇرنالنىڭ تىراژى 1000 دىن ئۇشۇق بولۇپ، ئۈچ سان چىقىرىلغاندىن كېيىن توختاپ قالدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى يۆنىلىشتىكى قىسىملىرىدا 1946 ـ يىلىدىن ئازادلىققا قەدەر جەڭگىۋار شاپىگراف مەتبەئەچىلىكى، ھەجۋىي رەسىملىك تام گېزىتچىلىكى يولغا قويۇلدى. بۇ جەرياندا جەمئىي «جەڭ ۋەرەقىسى»، «جەڭگىۋار ۋەرەقە»، «كۆرەش»، «جەڭگىۋار ئىستون»، «جەڭ خەۋەرلىرى»، «ئاگىتاتور» (تەشۋىقاتچى)، «قوراللىق بۆركۈت»، «قەھرىمان»، «تەرغىباتچى» قاتارلىق ئون نەچچە خىل شاپىگراف گېزىتى چىقىرىلدى. بۇ جەڭگىۋار ۋەرەقىلەرگە مەملىكىتىمىزدىكى خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشى، شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلىرىدىكى قانلىق زۇلمەتلەر، باندىتلارغا قارشى جەڭ خەۋەرلىرى، ئوچېرىكلار بېسىلىپ تۇردى. ھەجۋىي رەسىملەر گازارمىلارنى قاپلىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا خەرىتە ئاخباراتچىلىقى يولغا قويۇلدى، يەنى ئالاقىدار خادىملار مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا بېرىپ، يېڭى مەيدانغا جۇڭگونىڭ ئۇرۇش ئەھۋالى كۆرسىتىلگەن ھەربىي خەرىتىسىنى ئېسىپ قويۇپ، ئۇرۇش ئەھۋالىدىن ئاخبارات يەتكۈزدى. خەرىتىدە ئازاد قىلىنغان جايلارغا قىزىل بايراقچە، جەڭ بولۇۋاتقان جايلارغا سېرىق بايراقچە، ئازاد قىلىنمىغان جايلارغا قارا بايراقچە قادىلاتتى. جەڭ بولۇۋاتقان جايلاردىكى

قوشۇنلارنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرى، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكىرىي كۈچى، جەڭنىڭ كېتىۋېتىش ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلەتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئاددىي كىيىنىپ، جەڭ خەرىتىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، قىسىملارنى ئارىلاپ يۈرۈپ تەشۋىق قىلاتتى ۋە ئاخبارات يەتكۈزەتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر ئۇنى «بىزنىڭ ئەڭ يېڭى خەۋەرچىمىز»، «يالقۇنلۇق ناتىق»، «ئۇچۇر بۇلبۇلى» دەپ تەرىپلىشەتتى.

سىياسىي باشقارما ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئۈستىدە تەشۋىقات - ئاخبارات تېزىسى تۈزۈپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا تارقىتىپ تۇردى. قىسىملاردا ھەر كۈنى بىر سائەت ۋەزىيەتتىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. مىللىي ئارمىيىدىكى مۇنداق ئاخباراتچىلىق پائالىيەتلىرى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈش، جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە زور رول ئوينىدى، ئۇلارنى كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى روشەن تونۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، كوماندىر - جەڭچىلەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە ئۇنىڭ داھىيسى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا، ئۇنىڭ يېقىن سەپداشلىرى بولغان جۇ دې، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ، رېن بىشى قاتارلىق رەھبەرلەرگە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئاتاقلىق قوماندانلىرى بولغان پېڭ دېخۇەي، خې لۇڭ، ليۇ بوچېڭ، نيې رۇڭجېن، شۇ شياڭچيەن، چېن يى، لىن بياۋ، يې جيەنيىڭ، ياڭ شاڭكۇنلارغا بولغان تونۇش چوڭقۇرلىشىپ، ھۆرمەت تۇيغۇسى ئۆسۈپ باردى.

1948 - يىلى 8 - ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىۋاستە تەشەببۇس قىلىشى بىلەن «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان»

گېزىتىدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت»تىن ئىبارەت ئېسىل ئىستىلى ۋە ھەرىكەت قىبلىنامىسى ئېلان قىلىندى. سىياسىي باشقارما مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوفنىڭ ئالاھىدە يوليورۇقى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بۇ ئېسىل ئەخلاقى، سىياسىي ئىنتىزاملىق ئىستىلىنى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بەزى قىسىملار ۋە ھەربىي مەكتەپلەردە «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» شاپىگرافتا بېسىلىپ تارقىتىپ بېرىلدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا ئازادلىق ئارمىيىنى ئۈلگە قىلغان ھالدا ئارمىيە بىلەن خەلق، كوماندىرلار بىلەن جەڭچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دېموكراتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىخلىرى ئۈسۈپ، باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

1) 1948 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئازادلىق ئارمىيە ئۈلگە قىلىنىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان، گازارما ئەتراپىنى كۆكەرتىدىغان پائالىيەت سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. مەسىلەن، غۇلجا زاپاس پولكتىكى تۇرپان پارتىزانلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان قىلىچ ئېسكادورونىدىكى 60 ئەزىمەت كاپىتان ئىمىن زاھىدى، سىياسىي رەھبەر رەجەپ توختىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە غۇلجىدىكى ئالمۇتىيار تۆپىلىكىدىن 1000 موغا يېقىن بوز يەر ئېچىپ، بۇغداي، كۆممىقوناق ۋە مايلىق زىرائەت تېرىپ، ئۆزلىرىنى تەمىنلىگەندىن سىرت، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىگە 150 توننىدىن ئارتۇق ئاشلىق، مايلىق دان تاپشۇردى، 500 گە يېقىن چارۋا مال بېقىپ، مول مەھسۇلات ئالدى، ئەتراپتىكى

دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق، ھوسۇل يىغىش، سۇغۇرۇش ئىشلىرىغا ھەمكارلاشتى، ئوت - چۆپ، سامان - پاخال، شاخ - شۇمبىلارنى دېھقانلارغا ھەقسىز ئۆتۈنۈپ بەردى. شىخودىكى قىسىملار تىنچ مەزگىلدە پەيتنى قولدىن بەرمەي، ئورمان باغ بىنا قىلىپ، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئىستىراھەت باغچىسىنى شەكىللەندۇردى.

2) مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ياخشى ئىستىلىدىن ئىلھام ئېلىپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. قىسىملار چارۋىچىلارنىڭ ئوتلاقتا كۆچۈش، قىشلاقتا ئورۇنلىشىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، بۆرە يوقىتىشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا مەدەت بەردى. مەسىلەن، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى قاتارلىق قىسىملار بۆرە قاتارلىق گۆشخور ھايۋانلاردىن 1000 دىن ئارتۇقىنى يوقىتىپ، چارۋا ماللارنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالدى. تېببىي خادىملار قىسىم تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق ئاممىسىنى داۋالاش ئىشىنى ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى دەپ قاراپ، خەلقنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغانلىقتىن، چەكسىز ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. مەسىلەن، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ باش دوختۇرى كاپىتان ھوشۇر ئاخۇن كۇرەدىكى چېغىدا داۋالاپ ساقايتقان بىمار 1000 دىن ئېشىپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى يەنە شۇ جايدىكى يول، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرىدا خالىسانە ئەمگەككە قاتناشتى.

3) مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا خەلقنىڭ يىپ - يىڭنىسىگە تەگمەسلىك، ئاياللارغا چېقىلماسلىق، ئارىيەت ئالغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش، يوقىتىپ قويسا تۆلەپ بېرىش، بۇزۇپ قويسا تۈزەپ بېرىش، قالدۇرۇپ قويغان نەرسىلەر ۋە ئىمارەت، قۇرۇلۇشلارنى جامائەتكە ھەقسىز

ئۆتكۈزۈپ بېرىش، مەجرۇھلار ئائىلىسىدىن ھال سوراپ، دەردىگە دەرمان بولۇشتەك پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى، بۇ پائالىيەتلەر ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا ياخشى ئۈنۈم بەردى، جۈملىدىن قىسىملارنىڭ باندىتلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىدىن قۇتقۇزۇۋالغان چارۋا ماللارنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى چارۋىچىلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. قىسىملار يەنە بۇ جەھەتتىكى تىپىك ئىشلارنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ، خەلق ئارىسىدا جانلىق تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇ ئارقىلىق تەشۋىقات مەقسىتىگىمۇ يېتىلدى، سەنئەتخۇمار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھىي ئۇزۇقتا بولغان ئېھتىياجىمۇ قاندۇرۇلدى.

4) جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئۈچ چوڭ ئەنگۈشتىرىدىن بىرى بولغان بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىق قىلىپ ئىجرا قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. مانا بۇ بىرلىك سەپ سىياسىتى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ مونونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق ئىنقىلابىي رەھبەرلەرنىڭ يېتەكچى ئىدىيىلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا ھەر مىللەت ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، يۇقىرى قاتلام جامائەت ئەربابلىرى، دىنىي زاتلار، ھەر كەسىپتىكى نوپۇزلۇق كىشىلەر، سودا ـ سانائەتچىلەر، چارۋىدارلار، تەرەققىيپەرۋەر پومېشچىك، باي دېھقانلار، كونا ئەمەلدارلارنى ئىنقىلابىي بىرلىك سەپكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلاردىن ئىنقىلاب يولىدا پايدىلاندى. بۇ كىشىلەرنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلغانلىقتىن، ئىنقىلاب كۈندىن ـ كۈنگە روناق تېپىپ، غەلىبىسىرى ئىلگىرىلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى ئادەملەرنىڭ ئىلگىرى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قاتناشقانلىقى، ھەتتا

بىرمەھەل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار خىزمەت، ئاتاق، ئىجتىمائىي ئورۇن بىلەن تەمىنلىنىپ، ئۇلارنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلدى؛ بەزىلىرى بىزگە ئەل بولغاندىن كېيىن ئاينىپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا ئازار بېرىلمەي ۋە ئۇلار چەتكە قېقىلماي، ئۇلارنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى. خەلق ئالدىدا ھەددىدىن ئۇشۇق قان قەرزگە بوغۇلغان ئاز ساندىكى قەبىھ، جاھىل ئادەملەر جازالانغاندىن سىرت، باشقا كىشىلەر ئىنقىلاب سېپىگە جەلپ قىلىنىپ، ئۇيۇلتاشتەك مىللىي بىرلىك سەپ بەرپا قىلىندى. بۇ مىللىي بىرلىك سەپكە ئابدۇلمۇتائالى خەلپەم، مەھەممەتجان مەخسۇم، ئىمىنجان مەخسۇم، ئاۋزار خەلپەم، كەشپۇلئەسرار داموللام، ئەسئەدۇللا، جانبولات، ئوبۇلخەيرى تۆرە، باشباي، جابىقباي، بالجىتۇاڭ، چاڭ باخشى، موللا توقماق، ھاكىمبەگ غوجا، قېيۇمبەگ غوجا، شاياخۇن ئاكا، ئابدۇللا سالماباش، مەھەممەتئىمىن لوزۇڭ، ئادىلشاھ، بۆكە ئامبال، ئابابەكرى ئۇسسۇلچى، ھەسىنەم شائخەي، جانى يولداشوف، سالجانباي، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، نەمەت خەلپىتىم، پاشا غوجا، گرىگورى، ئادىلبېك، ئەكبەر غوجا، تولۇمبېك، نۇسۇپقان كۇنباي، ئوسمانباي، بەكرى غازى، مەھەممەت ھاجىم، داموللا رازىيوف، شەمشىدىن خەلپىتىم، ئەخمەتخان، قۇربانجان، ھاجى قارىي، ھىلالىدىن ھاجىم، ئابلەت مۇسابايوف، سۆسەر ھاجىم، كېرىم ھاجى، ياڭ شيەنشىڭ، پولات ئالىم، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، غاپپارخان، سايىم ئاخۇن، ماژاروف، موگوتنوف، ئەنۋەر مۇسابايوف، قاسىم مۇسايوف قاتارلىق مىڭلىغان ھەر مىللەت زاتلىرى قاتناشتى.

5) خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۆلگىلىرى نەمۇنە قىلىنىپ، خەلقئارا كائاگا خىتابنامىسىنىڭ روھى بويىچە

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى جارى قىلدۇرۇلۇپ، گومىنداڭ قوشۇنىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە كىشىلىك ھوقۇقتا ھۆرمەت قىلىنغان ئاساستا مۇئامىلە قىلىندى، ئەسىرلەر داۋالىنىش، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇ ئۆي جەھەتلەردە تېگىشلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەسىرگە ئېلىنغان ئادەم سانى 10 مىڭدىن ئاشتى. ئۇلارغا ئەكسىيەتچى قوشۇنلارغا خاس بولغان ئۇرۇش، تىللاش، تەن جازاسى بېرىش، كەمسىتىشتەك خاتا ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىنمىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىندى، ئىگە ـ چاقىلىرى بارلارغا ئائىلىسىگە قايتىشقا ئىجازەت بېرىلدى. 1946 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئېلىپ بېرىلغان ئەسىرلەرنىڭ رايىنى سىناشتا مىللىي ئارمىيىنىڭ كۆتۈشىدىن رازى بولغانلار %99 ئېشىپ كەتتى، بىتىمدىن كېيىن، بۇ ئەسىرلەر گومىنداڭ قوماندانلىق شتابىغا قايتۇرۇپ بېرىلگەندە، گومىنداڭچىلارنىڭ ئۆز ئادەملىرىنى تونۇماي قالغانلىقى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەسىرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىغا جانلىق پاكىت بولالايدۇ.

6) گومىنداڭ قوشۇنىدىن ھەقىقەتكە قايتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىندى، ئىقتىدارلىق ئوفىتسېرلار مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلدى. گومىنداڭ قوشۇنىدا ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن ھەر مىللەت ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر خېلى كۆپ ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن تارتىپ 1948 ـ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىغىچە ئۇلاردىن خېلى كۆپ ئادەم قوز غىلاڭ كۆتۈرۈپ، مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتتى، ھەقىقەتكە قايتتى، قارشىلىق كۆرسىتىش جەريانىدا ئەسىرگە چۈشتى. بۇ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، رۇس، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر

كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلارغا تۇتۇلغان مۇئامىلىدە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ «بىزگە ئەل بولغان ياللانما ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، پەرقلەندۈرۈپ خىزمەتكە قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي ماھارەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىش، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇش لازىم» دېگەن دانا تەدبىرى ئىجرا قىلىندى. بۇ دانا تەدبىر گومىنداڭ قوشۇنىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتكەن، ھەقىقەتكە قايتقانلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1000 دىن ئېشىپ كەتتى. مەسىلەن، سوپاخۇن، ئابلىمىتلارنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر روتا ئۇيغۇر ئەزىمەت قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىنداڭ قوشۇنىدىن مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتتى، ئابلاخان باشچىلىقىدىكى 300 دىن ئوشۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكەر، يۇسۇپوف مەھەممەتجان باشچىلىقىدىكى بىر قانچە يۈز ئوفىتسېر ـ ئەسكەر ھەقىقەتكە قايتىپ، مىللىي ئارمىيىگە ئەل بولدى؛ ئوبۇلقاسىم كەرىنوف، ئىسلام ھوشۇروف، خەمىت ئەلىيوف قاتارلىق گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر قانچە ئونلىغان ئوفىتسېرى ھەربىرى بىر قانچە ئونلىغان ئەسكەرنى باشلاپ مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كوماندىرلار ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن پولك كوماندىرى، باتالىيون كوماندىرى، روتا كوماندىرى، ھەربىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە قويۇلدى. ئەسكەرلەر بولسا، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بۇ دانا ئىستىلىنىڭ ئىلھامى بىلەن قوللانغان يۇقىرىقى تەدبىرلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

1948 ـ، 1949 ـ يىللىرى، مىللىي ئارمىيە باش شتابى

ۋە ھەرقايسى قىسىملاردىكى ئوفىتسېرلار ئارىسىدا «تۆت بيۇروكرات دەللال ئائىلە»، «بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدا»، «بەينەلمىلەلچىلىك ۋە مىللەتچىلىك ھەققىدە»، «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» قاتارلىق مۇھىم ماقالىلەرنى ئاساس قىلغان سىياسىي ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ھەمىشە «ئادەم بىلەن چاقماق تېزلىكىدە يۇزلەشمىگەن ئاخبارات ئۆلۈك ئاخبارات» دەيتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئازاد رايونلارغا قوزغىغان ھۇجۇمى ۋە قانلىق باستۇرۇشلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە چىقىدىغان گېزىتلەر، «كۈرەش»، «ئىتتىپاق» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر ۋە ماقالىلەر ۋاقتىدا بېسىلىپ تۇرغاچقا، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا گېزىت، ژۇرنال ئوقۇش ئادەتكە ئايلانغانىدى.

# ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىكى زىيارىتى

1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىم ۋە ئۇنىڭ ئىككى قوشۇمچە ھۆججىتىگە ئاخىرقى ھېساپتا ئىمزا قويۇلدى، بۇ ھەقتىكى ئۇقتۇرۇش تېزلىكتە مەخپىي ئۇچۇر تەرىقىسىدە مىللىي ئارمىيە باش شتابىغا يېتىپ كەلدى. بىتىم بويىچە مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوف ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولدى. تىنچلىق بىتىمىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مىللىي ئارمىيە تەرتىپكە سېلىنىپ قايتىدىن تەشكىللەندى. تەرتىپكە سېلىنىپ قايتىدىن تەشكىللەنگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 13 مىڭ 500 ئادەم بولدى، باش شتاب غۇلجىدا تەسىس قىلىندى، باش شتاب قارىمىقىدا ئارقا سەپ بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈم، ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسى، رازۋېدكا باشقارمىسى، خوجىلىق باشقارمىسى، زەمبىرەكچىلەر باشقارمىسى، سەھىيە باشقارمىسى، ھەربىي سوت مەھكىمىسى، ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى.

مىللىي ئارمىيە تەرتىپكە سېلىنىپ قايتىدىن تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ئىسھاقبەگ مونونوف باش قوماندان،

دەلىلقان سۇگۇربايوف، زۇنۇن تېيىپوفلار مۇئاۋىن باش قوماندان، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش قوماندان، ۋ.م.ماژاروف شتاب باشلىقى، مەھەممەتئىمىن ئىمىنوف مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، رۇسۇلوف پەخىردىن خوجا ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، سىدىق جامالىدىن ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، توختى ئىبراھىموف سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، رازىيوف داموللا سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، غېنى مەھەممەتباقى ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئابدۇغۇپۇر سابىرھاجى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

باش شتاب قارىمىقىدا تۆۋەندىكى ئورۇنلار تەسىس قىلىندى:

شىخو پىيادە ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى، تۇرۇشلۇق ئورنى شىخو (پولك كوماندىرى مەرغۇپ ئىسھاقوف، سىياسىي كومىسسارى ئايتۇۋاروف ئالىم)؛

غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى، تۇرۇشلۇق ئورنى غۇلجا (پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ غوجا، سىياسىي كومىسسارى قېيۇم سابىرھاجى)؛

چۆچەك پىيادە ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى، تۇرۇشلۇق ئورنى چۆچەك (پولك كوماندىرى ئابلاخان ماخمۇتوف، سىياسىي كومىسسارى بالقاش)؛

تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ پولكى، تۇرۇشلۇق ئورنى سۈيدۈڭ، كۈرە (پولك كوماندىرى سوپاخۇن سۇبۇروف، سىياسىي كومىسسارى قۇربانوف)؛

قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ پولكى، تۇرۇشلۇق ئورنى قوبۇقسار (پولك كوماندىرى نۇسۇپقان كۈنباي، سىياسىي كومىسسارى جاغدا بابالىكوف)؛

سارسۈمبە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 ـ پولكى، تۇرۇشلۇق ئورنى

سارسۇمبە (پولك كوماندىرى بەدەلقان سۇگۇربايوف، سىياسىي كومىسسارى يۇسۇپجان ياسىنوف)؛

زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيونى، تۇرۇشلۇق ئورنى باياندىاي (دىۋىزىيون كوماندىرى ئەسئەت تېيىپوف، سىياسىي كومىسسارى نۇرسايوف)؛

ھەربىي مەكتەپ، تۇرۇشلۇق ئورنى باياندىاي (مەكتەپ مۇدىرى پوروخوف، سىياسىي كومىسسارى نۇر سادىروف).

مىللىي ئارمىيە تەرتىپكە سېلىنىپ قايتىدىن تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، باش شتاب غۇلجا شەھىرىدىكى نوۋگورت مەھەللىسىدىن ھازىرقى غۇلجا ئايرودرومى بىناسىغا كۆچۈپ چىققتى. شۇ كۈنلەردە باش قوماندان گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوف ئۈرۈمچىدە ئىدى، مۇئاۋىن باش قوماندان گېنېرال مايور دەلېلقان سۇگۇربايوف شىمالىي يۆنىلىشتە، مۇئاۋىن باش قوماندان پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوف ئوتتۇرا يۆنىلىشتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھاۋا ئوچۇق ئىدى. شتاب باشلىقى گېنېرال مايور ۋ. م. مازاروف تۇيۇقسىزلا باش شتابتىكى بارلىق ئوفىتسېرلارنى يىغىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مىللىي ئارمىيە باش شتابىغا كېلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ ئەسنادا باش شتاب قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كاپىتان شېيىكىن پېچەتلەنگەن ئىككى ياغاچ يەشىكنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، شتاب باشلىقىنىڭ يېنىغا قويدى. بۇ يەشىكلەرگە قاچىلانغان نەرسىلەر گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ پاگون، كاكارلىرى ئىدى. بىتىمدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ پاگون، كاكارلارنى مىللىي ئارمىيىنىڭ پاگونى ۋە ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كاكارىغا قوشۇپ تاقاش زۆرۈرلۈكى ئۇقتۇرۇلدى. پېچەتلەنگەن يەشىكلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلغاندىن كېيىن، باش شتابتىكى ھەممە ئوفىتسېرلار

گومىنداڭنىڭ ھېلىقى پاگون، كاكارلىرىنــــى تاقاپ سەپكە تىزىلدى. ئوفىتسېرلار بۇ تاسادىپىي تۇيۇلغان شەكىلۋازلىقتا ھەيران بولۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە قاراشتى، بەزىلەرنىڭ بولسا ئاچچىقــى كەلدى، يەنە بەزىلەر ھاقارەتلەشتەك تۇيۇلغان بۇ ئەلەمگە چىدىماي كۆز يېشى قىلىشتى. ئۇلارنىڭ قەلبىــدىن «ئازادلىق غۇرۇرىمىز ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتىمىزگە ئىلھام بەرگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ پاگون ۋە كاكارلىرىدىن ئاخىرى ئايرىلىپ قالارمىزمۇ؟» دېگەن ئەندىشە ئۇرۇن ئالغانىدى.

شتاب باشلىقى ئىشخانىسىدىن ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقتى ـ دە:

— سەپكە تىزىلىپ، مەيدانغا چىقىڭلار! مۇئاۋىن رەئىس باش شتابىمىزغا قاراپ يولغا چىقتى، — دېدى.

ھەممەيلەن سىرتقا چىقىپ، سەپكە تىزىلىپ تەييار تۇرغان چاغدا، يىراقتىن چاڭ توزىتىپ كېلىۋاتقان قارا پىكاپنىــڭ قارىسى كۆرۈندى. ئوفىتسېرلار ھاياجىنىنى باسالماي، مۇئاۋىن رەئىسنىڭ كېلىشىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان چېغىدا، «ماكسىــم گوركىي» ماركىلىق بۇ قارا پىكاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى پولكوۋنىك قېيۇمبەگ غوجا بىلەن بىللە پىكاپ ئىچىدىن خۇش تەبەسسۇم بىــلەن كۆلۈمسىرەپ چىققىنىدا شتاب باشلىقى ۋ. م. ماژاروف ئالغا قاراپ بىرنەچچە قەدەم تاشلاپ:

— ھۆرمەتلىك مۇئاۋىن رەئىس! سىــزنىــڭ مۇبارەك قەدىمىڭىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن بارلىق ئوفىــتسېرلار خىزمىتىڭىزگە تەييار! — دەپ دوكلات بەردى.

— سالام ھۆرمەتلىك ئوفىتسېرلار! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — ياخشى تۇرۇپسىلەر، سىلەرگە بەخت ۋە سالامەتلىك تىلەيمەن!

ئوفىتسېرلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ سۆزىگە قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭراتتى. ئەخمەتجان قاسىمى باش شتاب ئوفىتسېرلىرى بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۇچىسىغا قارا كاستيۇم - شىم، بېشىغا كۆللۈك قىزىل دۇخاۋا دوپپا كىيگەن، بوينىغا گالستۇك تاقىۋالغانىدى (ئۇ جامائەت سورۇنلىرىدا شۇ سورۇنغا قاتناشقانلارنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ كىيىم فورمىسىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا ماھىر ئىدى). ئوفىتسېرلار 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يولىدىكى سۆھبەت جەريانىدا گومىنداڭنىڭ 120 سائەتلىك سىياسىي - دىپلوماتىيە بومباردىمانچىلىقىغا ئۇچرىغان، بۇنىڭغا جاۋابەن 120 سائەت راسا كېلىشتۇرۇپ بومباردىمان قىلىپ، ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكى، جاسارىتى، ئاجايىپ سىياسىي - دىپلوماتىيە ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ غەلىبە قازانغان بۇ سۆيۈملۈك رەھبىرىنى، ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان چېھرىسىنى كۆرگىنىدە باياتىن پەيدا بولغان ھېلىقى گومىنداڭنىڭ پاگون، كاكارلىرىغا قارشى كەيپىياتى بېسىلغاندەك بولدى. ئەمما، بۇ ئوفىتسېرلار ئارىسىدا ئەخمەتجان قاسىمىدىن بىرنەچچە سوئال سوراپ، چۈشەنمىگەن تەرەپلىرىنى ئېنىقلىۋېلىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغانلارمۇ بار ئىدى.

مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن سۈرەتچى سۈرەتكە تارتىشقا تەييارلىنىپ بولغانىدى، ئوفىتسېرلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ چۆرىسىگە غۇجمەك بولۇپ يىغىلىۋالغاچقا، سۈرەتچىگە ئۇلارنى رەتكە تىزىپ ئولتۇرغۇزۇشمۇ ئوڭايغا چۈشمىدى. ئوفىتسېرلار ئەخمەتجان قاسىمىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، سۈرەتچى ئۇلارنى ئەپچىللىك بىلەن سۈرەتكە تارتىۋالدى.

شۇ ئەسنادا ئوفىتسېرلار ئارىسىدىكى ياسىنوف ئابلىمىت:

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، بىز نېمە ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ بۇ نەرسىلىرىنى تاقايمىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ پاگون، كاكارلىرىمىز كۆچتىن قالامدۇ؟ — دەپ قوشۇمچە قىلدى يەنە بىرەيلەن.

بۇ سوئاللارنى ئاڭلاپ شتاب باشلىقىنىڭ راسا ئاچچىقى كەلدى، ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، گويا «سىلەر نېمە ئۈچۈن ئەپەندىمگە قالايمىقان سوئاللارنى قويۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىسىلەر؟» دېگەندەك، بارماق ئىشارىتى بىلەن ھېلىقى سوئال قويغۇچىلارنى چەكلىگىلى تۇردى.

— سورىغان سوئاللىرىڭلار ئورۇنلۇق، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ تەمكىن قىياپەتتە، — بىز رەقىبىمىزنى پاكىت بىلەن تونۇشنى بىلىشىمىز كېرەك. بىز ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، مىللىي ئارمىيىمىزگە كېتىدىغان بارلىق خىراجەتنىڭ يېرىمىنى جاڭ ئەپەندى ۋە داڭ بىگاڭلاردىن ئالالايمىز. جاڭجىجوڭ ئەپەندى پات ئارىدا ئىلىغا كەلمەكچى. سىلەر جەڭگىۋار ھالىتىڭلارنى ياخشى ساقلاڭلار، مېھمانلار ئالدىدا ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى سالماق تۇتۇڭلار.

ئوفىتسېرلار مەسىلىنىڭ تېگى - تەكتىــــگە يەتكەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمىغا قىزغىن ئالقىش ياڭراتتـــى. ئەخمەتجان قاسىمى باش شتاب ئورگانلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ھالدا گېنېرال مايور ماژاروفقا:

— ئەستايىدىل ئورۇنلاشقانلىقىڭلارغا بارىكاللا، كۆپ جاپا چېكىپسىلەر! — دېدى - دە، قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قول ئىشارىسى قىلىپ يورۇپ كەتتى.

باش شتاب خادىملىرىنىڭ فورمىسىدىكى گومـــينداڭ

قوشۇنلىرىنىڭ بەلگىلىرى شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدا دەرھال ئىنكاس قوزغىدى. بەزى ئادەملەر ئۇلارنى كۆرگەندە قەدىمىنى توختىتىپ ئالىيىپ قاراشتى، غەزەپ بىلەن ھومىيىشتى. ئۇلارغا قارىتىپ تەرەپ - تەرەپتىن سوئاللار يېغىپ كەتتى، بەزىلەر ھەتتا ئاغزىغا كەلگەننى دەپ تىللاپ قارغاشتى، يەنە بەزىلەر ئوفىتسېرلارنىڭ كىيىمىدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ پاگون، كاكارلىرىنى يۇلۇۋېلىپ تاشلىۋېتىشتى. ئوفىتسېرلار گەپتىن سەللا كەتكۈزۈپ قويسا، غەزەپلەنگەن ئاممىنىڭ ئۇلارنى دەسسەپ - چەيلىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. باش شتاب ئوفىتسېرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى بەرگەن دانا يولىيورۇقلارغا تايىنىپ، ئاممىغا چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىنلا، ئامما سەل قانائەتلەنگەندەك بولۇشتى. ئاخىر بېرىپ، باش شتاب ئوفىتسېرلىرى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ پاگون، كاكارلىرىنى ئىش ئورنىدىلا تاقايدىغان بولدى، ئاشكارا ئورۇنلاردا تاقاش ئۆزلۈكىدىن غايىب بولدى.

# قىسقىچە خۇلاسە

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇ ئېرىلگەن خەلقلەرنىڭ غۇرۇرى ۋە شان ـ شەرىپىنى نامايان قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا زور تەسىر كۆرسەتكەن، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىمۇ بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان ئىنقىلاب ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىنقىلاب شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە، جاللات شېڭ شىسەينىڭ فاشىستىك دىكتاتۇرىسىغا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق ئېزىشلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى قوزغىلاڭ ۋە ئىنقىلابلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقىدىن ئىبارەت، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تۈپ نىشانى ۋە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي مەقسىتىنىڭ ئېنىق، بايرىقىنىڭ روشەن ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈرەش، جەڭ تاكتىكىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىنقىلابقا ئۇنىڭ ئىستراتېگىيە جەھەتتىن توغرا بولغانلىقىدىن قاراش

كېرەك. ھەرگىزمۇ تاكتىكا جەھەتتىكى بەزى ئامىللارغا قاراپ، «ھە، بۇ توپىلاڭ خەنزۇلارغا قارشى كۆتۈرۈلگەن، ئىسلام دىنىنى ئاساسىي قانۇن قىلغان، قۇرئاننى بايراق قىلغان، ‹ئۆلسە شېھىت، قالسا غازى› بولىدىغان ئىسلام ئىنقىلابى ئىكەن» دەپ قاراش تۈپتىن خاتا. ئۈچ ۋىلايەت مىقياسىدا ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشىپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئورناتقان، تاشقورغاندا تۇنجى شانلىق بايرىقىنى لەپىلدەتكەن، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۈشمەنلەرنى پاتپاراقچىلىققا سېلىۋەتكەن بۇ ئىنقىلاب باشتىن - ئاياغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ھەرخىل مەزگىللەردىكى ۋەزىيەت، كەيپىيات ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىستراتېگىيە، تاكتىكا ۋە يۈنىلىشلەرنى قوللانغانلىقىدىن ئىبارەت. ئىنقىلاب ئوتى دەسلەپ يالقۇنجىغان كۈنلەردە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنى ئىندەك قىلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ توققۇز ماددىلىق خىتابنامىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىر مۇۋەققەت تاكتىكىدىن ئىبارەت ئىدى، بۇ تاكتىكا خەلقنى ئىنقىلاب سېپىگە ئۇيۇشتۇرۇشتا غايەت زور رول ئوينىدى. 1946 - يىلى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىنقىلابنىڭ تاكتىكىسى ئۆزگەردى، يەنى قوراللىق كۈرەش تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۆزگەردى. دۈشمەن قورال كۆتۈرسە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ قورال كۆتۈرىدىغان، دۈشمەن تىنچلىق ۋە سىياسىي ۋەدىلىرىگە كۆنسە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سەمىمىيەتلىك بىلەن بىر ئۈستەلدە بىللە بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. دۈشمەن ۋاپاسىزلىق بىلەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، 1947 -

يىلى قانلىق «25 ـ فېۋرال» ۋەقەسىنى قوزغىۋىدى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي بازىسىغا قايتىپ كەلدى. دۈشمەن ئوسمان، قالىبېكتىن ئىبارەت لالما ئىتلىرى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بازىلىرىغا بىرقانچە قېتىم قوراللىق پاراكەندىچىلىك سېلىۋىدى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۇلارنى كېلىشتۈرۈپ ئەدەپلەپ قويدى. دۈشمەن تىنچىپ، قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ غەرب تەرەپكە ئالىيىپ قاراپ ياتقان چاغدا، 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توپ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنقىلابىي بىرلىك سەپ تەشكىلاتى بارلىققا كەلدى. مانا بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى تاكتىكىسىنىڭ ئورنىنى باسقان يېڭى ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ئۇل تېشى ۋە تىزگىنىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ئىزدىنىش ۋە كۈرەشلەر جەريانىدا يېتىشىپ چىققان ۋە چېنىققان مول تەجرىبىگە ئىگە زور تۈركۈم ماركسىزم ـ لېنىنىزمچى، مىللەتپەرۋەر زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ قولىدا بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر ئۇچۇم مۇتەئەسسىپ كۆچلەرنىڭ ئىنقىلابنى باشقا يۆنىلىشكە بۇراشقا ئۇرۇنغان خام خىيالى ۋە مۇددىئالىق ھەرىكەتلىرىنى بەربات قىلىپ، ئاساسىي رولنى ئۆز قولىدا تۇتقانلىقىدىن ئىبارەت. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى «بولشېۋىزم روھى» دىكى دانىشمەن داھىي ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ يېقىن سەپداشلىرى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مونونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، گېنېرال مايور دەلېلقان سۇگۇربايوف، سەيپىدىن ئەزىزى، سەئدۇللا سەيپۇللايوف، ئابدۇراخمان مۇھىتى، قاسىمجان قەمبىرى، ئەسئەت ئىسھاقوف، پاتىخ

مۇسلىموف، فاتى ئىۋانوۋىچ لېسكىن، زۇنۇن تېيىپوف، لوجى، قۇسايىن سىيابايوف قاتارلىق مىڭلىغان زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. قالاق كۈچلەر بىلەن ئىلغار ئىنقىلابىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى(خ ئى پ)، زىيالىيلارنىڭ پەلسەپە مۇھاكىمە، مۇنازىرە كۇرۇژۇكى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قاتارلىق ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنى ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشتۇرۇپ، سىياسىي، نەزەرىيە جەھەتتىن تاۋلاپ، ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي قوشۇنىغا ئايلاندۇردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۆتىنچى ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ قوراللىق ئىنقىلاب ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. ئۆتمۈشتىكى چىرىك ئىستىبدات خانلىقلار ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۈپ سىياسىي تەبىئىتىگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى يوقىلىش خەۋپى ئاستىدا قالغان ھەر مىللەت خەلقى ئۇلاردىن سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيىۋى كۈرەش يولى بىلەن ياكى تەلەپ، ئىلتىماس، ئىلتىجا يولى بىلەن ئەركىنلىك، ئازادلىق ۋە دېموكراتىيىگە، ھاكىمىيەتكە ئېرىشىشى مۇمكىنمىدى؟ ياق! زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق زالىم ھاكىمىيەتتە ئەقەللىي، ناھايىتى جۈزئىي ئەندىزە بولغىنىدەك دېموكراتىيىنىڭ ئۇچقۇنىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلاردا سايلام، مەتبۇئات، نامايىش، يىغىلىش ئەركىنلىكلىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىشىدىن، دېموكراتىيىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى. ناۋادا بىرقانچە مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى مۇنداق نەس باسقان، تار قورساق، چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ

ھوزۇرىدا پەيدا بولۇپ، ھەققانىي تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولسا، ئۆزلىرىنى شۇ ھامان زىندانىنىڭ قەھرىدە، دارىنىڭ ئاستىدا كۆرگەن بولاتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ياۋۇز، قانخور تەبىئىتىدىن قارىغاندا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي تەلەپ ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق گومىنداڭدەك زالىم ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەجدادلارنىڭ ئاچچىق بېشارىتى بىلەن تارىخ بۇ قېتىمقى ئىنقىلابقا ئىلىنى تاللاپ بەرگەندەك، نىلقا تاغلىرىدىن قوزغىلىپ، قوراللىق ئىنقىلابىي كۆرەشنى قانات يايدۇردى. 1944 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان ئەمەلىيەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بېسىپ ئۆتكەن بۇ يولنىڭ ناھايىتى توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تۇنجى قېتىم نىلقا ناھىيىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئازاد قىلغاندىن تارتىپ 1949 ـ يىلى ئۆلكە تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانغا قەدەر، نىلقا، غۇلجا، سۈيدۈڭ، چىلپەڭزە، كەڭساي، ئارىشاڭ، بورتالا، جىڭ، شىخو، دۆربىلجىن، قوبۇقسار، سارسۇمبە، باي قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش، ئوسمان، قالىبېك باندىتلىرىنى تازىلاش (ئۈچ قېتىم) ئۇرۇشلىرى بولۇپ جەمئىي 17 قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھەل قىلغۇچ جەڭ ۋە 35 قېتىملىق باتاليون دەرىجىلىك ئوتتۇراھال جەڭ، 250 قېتىمدىن ئارتۇق دۈشمەن بىلىنداژلىرى، ئاكوپلىرى، ئىستىھكاملىرى، قاراۋۇل پونكىتلىرىنى يوقىتىش جېڭى (روتا، ئىنزۋوت، ئەدىلىنىيە دەرىجىلىك جەڭ) نى ئېلىپ بېرىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تۆمۈر تىرنىقىدىن ئازاد قىلدى. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن تارتىپ، ئازادلىققا قەدەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرىدىن 18 مىڭى يوقىتىلدى، 4500 ئادەمى ئەسىرگە ئېلىندى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە باندىتلار زورلۇق ـ زومبۇلۇق ئىشلىتىپ ھەيدەپ يۈرگەن، تۈرمىگە تاشلىغان چارۋىچىلار، پۇقرالار ۋە زىيالىيلاردىن 12 مىڭى قۇتقۇزۇۋېلىنىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈلدى. بۇ جەڭلەردە مىللىي ئارمىيە ئەزىمەتلىرىدىن 3000 غا يېقىنى ئىنقىلابقا ئىسسىق قېنىنى تەقدىم قىلدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغان ھەر مىللەت ئادەملىرىدىن 650 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكەر ئىسيان كۆتۈرۈش، قېچىپ چىقىش ئارقىلىق مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلدى، مۇنداق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر روتا، ئىمزۇوت، ئەددىلىنىيە بويىچە قوزغىلىپ، دۈشمەننىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ ھەقىقەتكە قايتتى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋە باندىتلار بۇلاپ كەتكەن 100 مىڭلىغان چارۋا مال، كۆچمە مۈلۈك، ماددىي بايلىقلار قۇتقۇزۇپ قېلىنىپ، ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان تەقدىرداش ئارمىيە. بۇ ئارمىيە ئەسىرلەردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ئېزىلگەن، ئۇجۇقتۇرۇلغان، ھەر تەرەپتىن بوغۇلغان، ئايانماي دەپسەندە قىلىنغان، قانخور گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى نەزەرىدە «ياۋايى» دەپ قارالغان ئاز سانلىق مىللەتلەر پەرزەنتلىرىدىن تەركىب تاپقان. مانا بۇ تەقدىرداش، ئورتاق ئاچچىق ساۋاققا ئىگە، تەبىئىي قېرىنداشلىق رىشتىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئارمىيىدە ئۆزئارا يەكلەش، سۈركىلىش، ئىناقسىزلىق دېگەندەك ناچار خاھىشلار

كۆرۈلمىگەچكە، بۇ ئارمىيە ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم قوشۇنغا ئايلاندى ۋە ئۇرۇشقانسېرى قۇدرەت تېپىپ، غەلىبىدىن - غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى.

ئۇن نەچچە مىللەتتىن تەركىب تاپقان، ھەرخىل تىللاردا سۆزلەيدىغان بۇ قوشۇننىڭ ئۈزلۈكسىز غەلىبە قازىنالىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بىرىنچى، مىللىي ئارمىيىدىكى ھەر مىللەت كوماندىر - جەڭچىلەر بېشىدىن ئۆتكەن ئېچىنىشلىق تارىخىي سەرگۈزەشتىلەر جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە، ئۇلاردىكى قېرىنداشلىق، ھەمدەملىك چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە.

ئىككىنچى، بۇ ئارمىيە ئۆزىنىڭ بۆشۈك ئانىسى، كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسى بولغان خەلق ئاممىسىغا تايانغان. پارتىزانلار ۋە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قەيەرگە بارسا، شۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەزىمەت پەرزەنتلىرىنى پىدائىي قىلىپ ئالدىغا چىقىرىپ، سەپنى تولدۇرۇپ، ئۇلارغا مەدەت بەردى، ھەتتا ھەرقايسى جەڭلەردىكى ھالقىلىق پەيتلەردە ھەر مىللەت خەلقى نۇرغۇن قوغدىنىش ئەترەتلىرىنى تەشكىل قىلىپ، جەڭگىۋار قورallıq قىسىملار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلدى.

ئۈچىنچى، مىللىي ئارمىيىدىكى ھەر مىللەت كوماندىر - جەڭچىلەر باراۋەرلىك، تەڭلىك ئاساسىدا باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، ئورتاق نىشان ئۈچۈن زىچ ماسلىشىپ كۈرەش قىلدى. مىللىي ئارمىيىدىكى ئۇيغۇر پولكى، قازاق ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى، رۇس پولكى، موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى، خۇيزۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيونى، شىبە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېسكادرونى، قىرغىز پىدائىيلار ئەترىتى قاتارلىق قىسىملار ھەرقانداق مىللىي سۈركىلىشلەردىن خالىي ھالدا ئورتاق دۈشمەننى يوقىتىش يولىدا جان تىكىپ جەڭ قىلدى. ئۇيغۇر قىسمىغا قازاق كوماندىر قوماندانلىق قىلسا،

بۇ قىسىم بۇ كوماندىرغا خۇددى ئۆز ئىگىسىگە ئىتائەت قىلغاندەك بويسۇندى، ئۇيغۇر كوماندىر قازاقلاردىن تەركىب تاپقان قىسىمغا قوماندانلىق قىلسا، بۇ قىسىم بۇ كوماندىرغا خۇددى ئۆز قېرىندىشىغا ئىتائەت قىلغاندەك بويسۇندى. ئۈتىنچى، مىللىي ئارمىيىگە ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ماركسىزم - لېنىنىزملىق رەھبەرلىك يادروسى ۋە بايرىقى روشەن، يۆنىلىشى توغرا، نىشانى ئېنىق بولغان، سان - ساناقسىز جەڭلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدە تاۋلىنىپ يېتىلگەن قوماندانلىق شتابى قوماندانلىق قىلدى. بۇ رەھبەرلىك يادروسى ۋە قوماندانلىق شتابى مىللىي ئارمىيىنىڭ غەلىبىدىن - غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. بەشىنچى، مىللىي ئارمىيە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشىگە، خەلقئارا جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتە بەرگەن خالىسانە ياردىمىگە ئېرىشتى. ستالىنگراد، بېرلىن جەڭلىرىدە چېنىققان سان - ساناقسىز ھەربىي مەسلىھەتچىلەر، پىدائىيلار ئىنقىلابنىڭ ھالقىلىق پەيتلىرىدە مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قوراللىق ئىنقىلابىي كۈرەش دەۋرى، بىتىمدىن كېيىنكى «تىنچلىق» دەۋرى، بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىنكى قايتا تەشكىللىنىش، باندىتلارغا قارشى قوراللىق كۈرەش دەۋرى قاتارلىق دەۋرلەرنى غەلىبە بىلەن بېسىپ ئۆتۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسىغا ئايلاندى. مىللىي ئارمىيىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن بۇ شانلىق جەڭگىۋار مۇساپىسى شىنجاڭنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالغۇسى.

مەسئۇل مۇھەررىر: مەمتىمىن شىپە
تەكلىپ قىلىنغان مۇھەررىر: خوجائەخمەت يۇنۇس
مەسئۇل كوررېكتور: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالى

مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى

توختى ئىبراھىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348№)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.25 قىستۇرما ۋارىقى: 3
2003 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 5000 — 1
ISBN7—228—07774—1
باھاسى: 16.00 يۈەن